# تارىم

5

1988

## مەرھۇم ئابدۇكېرىم خوجا ھاياتىدىن كۆرۈنۈشلەر







# تارىم

( ئايلىق ئەدەبىي ژورنال )

# TARIM

5

1988

38 - يىل نەشرى

## «تارىم مۇكاپاتى» پائالىيىتى ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش

ژۇرنىلىمىز دۆلەت قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىق بايرىمىنى ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ ئەڭ سۈپەتلىك مېۋىلىرى بىلەن كۈتۈۋېلىش يۈزىسىدىن «تارىم مۇكاپىتى» پائالىيىتى ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلدى. بۇ قېتىمقى پائالىيەتكە قاتناشقان يازغۇچى، شائىرلاردىن دەۋر روھىنى چىڭ ئىگىلەپ، رېئال تۇرمۇشقا سەممىي مۇئامىلىدە بولۇپ، يېڭى ئۇسلۇبقا ئىگە نادىر ئەسەرلەرنى يارىتىش تەلەپ قىلىنىدۇ. مۇكاپاتلىنىدىغان ئەسەرلەر ژۇرنىلىمىزنىڭ 1988 - يىللىق 1 - سانىدىن 1989 - يىللىق 6 - سانىغىچە بولغان ھەرقايسى سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان پوۋېست، ھېكايە، ئەدەبىي ئاخبارات، ئوچېرك ۋە شېئىرلار ئىچىدىن تاللىنىدۇ، مۇكاپاتلىنىدىغان ئەسەرلەرنى تاللاش. باھالاش جەريانىدا كەڭ كىتابخانلارنىڭ پىكرى ئېلىنىپ، پايدىلىنىش ماتېرىيالى قىلىنىدۇ. ئاخىرىدا مەخسۇس قۇرۇلغان باھالاش گۇرۇپپىسى بېكىتىدۇ.

«تارىم مۇكاپىتى» غا ئېرىشىدىغان ئەسەرلەرنىڭ تۈرى، سانى تۆۋەندىكىچە:

پوۋېست، ھېكايە بەش پارچە:
1 - دەرىجىلىكى ئىككى پارچە.
2 - دەرىجىلىكى ئۈچ پارچە.

شېئىر تۆت پارچە:
1 - دەرىجىلىكى بىر پارچە.
2 - دەرىجىلىكى ئۈچ پارچە.

ئەدەبىي ئاخبارات، ئوچېرك بەش پارچە:
1 - دەرىجىلىكى ئىككى پارچە:
2 - دەرىجىلىكى ئۈچ پارچە.

تەھرىر بۆلۈمىمىزگە «تارىم مۇكاپاتى» پائالىيىتىگە قاتناشتۇرۇلىدىغان ئەسەرلەرنى ئەۋەتكەندە، كونۋېرتنىڭ ئۈستىگە ھەم ئەسەرگە «دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىغا سوۋغا قىلىنغان ئەسەر» دەپ ئەسكەرتىپ قويۇلۇشى لازىم.

بىز ئاپتورلىرىمىزنىڭ «تارىم مۇكاپاتى» پائالىيىتىگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن قاتنىشىش ئارقىلىق دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى ئۆزلىرىنىڭ بىر - بىرىدىن ئېسىل يېڭى ئىجادىيەت مېۋىلىرى بىلەن تەبرىكلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز. مۇۋەپپەقىيەت ۋە شان - شەرەپ تىرىشىپ ئىزدەنگۈچىلەرگە مەنسۇپ!

«تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى.

باش مۇھەررىر: ئابلىمىت سادىق.
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: ئەخەت تۇردى، قاھار جېلىل.

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە):
ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ئابلىمىت سادىق، ئابلىز نازىرى، ئابلەت ئۆمەر، ئەخەت تۇردى، ئەلقەم ئەختەم، تېيىپجان ئېلىيوپ، غوپۇرجان بۇرھانوف، قاھار جېلىل، قەييۇم تۇردى، مۇھەممەت شاۋۇدۇن، ئىمىن تۇرسۇن، ياسىن خۇدابەردى.

ئابدۇكېرىم هاشىم

# لېۋىرنىڭ چىغلىرى

(ھېكايە)

1



كۆز ئېيى — مولچىلىق ئېيى. لېۋىر سۈپۈرگىمۇ بۇ باياشادچىلىقتىن چەتتە قالمىدى. ئېكىنچىلىكتىن ئالغان دارامىتىنىڭ سىرتىدا، يار لېۋىدىكى يەتتە مو يەتتە پۇڭ چىغلىقتىن 105 باغ سەرخىل چىغ ئورۇۋالدى ...

لېۋىر سۈپۈرگە بۈگۈنمۇ ئېتىز ئايلىنىپ چىغلىققا كەلدى - دە، باغلاپ بېسىپ قويغان چىغلىرىغا بىر هازاغىچە زوقلىنىپ خىيال بىلەن تاماكا ئورىدى. تاماكىسىنىمۇ چېكىپ بولدى. لېكىن، ئايىغى مىخلىنىپ قالغاندەك ئورنىدىن هېچ مىدىراي دېمەيتتى. خىياللىرىمۇ بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۇلىنىپ كېتىۋەردى. خىيال ئىچىدە ئوتتۇندەك يىرىك، تۆگە تاپىنىدەك كەڭ قوللىرى بىلەن قاغا چاڭگىسىدەك بولۇپ ئۆسۈپ كەتكەن قاپقارا يىرىك ساقاللىرىنى ھەدەپ سىيپايتتى...

ئۇ، بېشىغا ئاق، قايرىما كىگىز قالپاق كىيگەنىدى. پاكار، دىقماق گەۋدى-

سىگە ياراشمىغان كېلەڭسىز، ئالدى ئو-
چۇق كۆك كۆڭلىكىنىڭ ئۈستىدىن توم
قىلىپ قارا پوتا باغلىۋالغانىدى، ئۇچىسى-
دىكى ئۆڭۈپ، توپىغا مىلىنىپ كەتكەن
تېرىكا ئىشتان، پۇتىدىكى ئاقىرىپ كەت-
كەن ئۆتۈك بۇ ئادەمنى ناھايىتى كۆ-
رۈمسىز، ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈشنى بىلمەي-
دىغان بوشاڭ قىلىپ كۆرسەتەتتى.

لېۋىر سۇپۇرگە «قوغۇنچى» كەنتىدى-
كى نامراتلىقتىن قۇتۇلغان ئائىلىنىڭ
بىرى. ئىلگىرى تىكەندەك يالغۇز جېنىنى
جان ئېتەلمەي يۈرگەن بۇ بويتاق ئادەم-
نى مەھەللىدىكى جىمى دېھقان كارغا
كەلمەس بىر نەرسە دەپ كۆزگە ئىلمايت-
تى. ھەتتا خوتۇنلار جېنىدا ئۇنىڭ بى-
لەن بەسلەشكەن، ھەممىسىدە لېۋىر سۇ-
پۇرگە كۆلكىگە قالغانىدى. لېكىن، لېۋىر
سۇپۇرگىدە ئويغانغان بىر خىل شىرىن
ئوي پاكار، دىقماق بېجىرىم گەۋدىسىدە
تەپچىپ تۇرغان قارا كۆچىنى ئىشقا سال-
دى. ئۇ تىرىشتى، تىرماشتى، مال بوردىدى،
ئوغۇت ئېلىپ ئېتىزغا چاچتى، تاغدىن تراك-
تور بىلەن قوي قىغى ئەكەلدۈردى. ئىك-
كىنچى يىلى ئۇ ھەممىنى ھەيران قالدۇ-
رۇپ مو بېشىغا 637 جىڭ بۇغداي ئې-
لىپ، داڭ چىقىرىۋەتتى. يالغۇز جېنىدا
ھەممىگە ئىگە بولدى. بىراق، ئۇ بىرلا
نەرسىگە ئىگە بولالماي كەلدى. ئۇ بول-
سىمۇ، ئۆيىدىكى توزغاق ياستۇقنى بىللە
باش قويۇدىغان بىرەر «ئوت كۆمگۈچىسى»
نىڭ يوقلۇقى ئىدى. ئاتىسى رەھمەتلىك
ئېلىپ بەرگەن مەرھۇمەسىدىن بالا يۈزى
كۆرمەيلا جۇدا بولغان. كېيىن ئۇنى يىل-
سايىن نەس باستى، كۆڭۈل غەشلىكى
بىلەن ئۆتكەن بويتاق كۈنلىرى ئېقىن

سۇدەك ئېقىپ ئۆتۈۋەردى. ئۇنىڭ ئۆز-
گە ئايدىڭ بولغىنىمدەك، مانا ئەمدى جا-
ھان ئۆزگىرىپ تاپاۋەتكە يول قويۇلدى،
ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا بۇ ئىشقا بې-
شىچە كىرىپ كەتتى. قىزىق، شۇنچە باي-
لىق، شۇنچە ئەجرى - كۈچ بىلەن مەھەل-
لىدىكى بىرەر تۇل خوتۇنغا، بىرەر ياغ-
لىق چىگكەن ئاجىزەگە تەڭ كېلەلمەسلىكى
نېمىدىن؟ ئۇ قولى پۇل كۆرگەندىن كېيىن،
مەھەللىدىكى تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇللار-
نى يوقلىدى، يوقلىغاندىمۇ ئوغۇل بالىدەك
مەردلىك بىلەن يوقلىدى. شۇ قاتاردا تۇل
ئايال خانئايىمخىمۇ ئاتىغىنىنى ئايىما-
غانىدى، خانئايىم ئېرى باقىئاخۇن ئا-
لەمدىن ئۆتۈپ، تۆت تام ئىچىدە تۆت
بالا بىلەن ئىسسىق جېنىلا قالغان ئايال
ئىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇ، يەنە تالاغا
چىقسا ئەر بولۇپ، ئۆيگە كىرسە ئايال بو-
لۇپ، بالىلىرىنى شۇنچىلىك قاتارغا قاتقان
مۇشۇ كۈنگىچە ئاز جاپا چەكتىمۇ؟ بەخت -
پېشانىسى، زامان ئۆزگىرىپ كۆڭلىكىمۇ
تېزىدىن ئاشتى، ئەلۋەتتە بۇنىڭدا لېۋىر-
نىڭ ھەسسىسىمۇ يوق ئەمەس. بۇ ئىش
مۇنداق بولغانىدى: بۇلتۇر مو بېشىغا 637
جىڭ ئالغان مولچىلىق يىلى ئېشىنچا ئاش-
لىقىدىن نامرات ئائىلىلەرگە 1500 جىڭ
بەرگەندە، خانئايىمغا 500 جىڭ بەردى،
مال بورداپ تاپقان 3 مىڭ 200 سومنى
تۇرمۇش قىيىنچىلىقى بارلارغا بۆلۈپ بەر-
گەندە، خانئايىمغىمۇ مىڭ سومغا يېقىن
پۇلنى نەقلا قولىغا تۇتقۇزغانىدى. لېۋىر
سۇپۇرگە بەرگەن بۇ پۇللار بىلەن خانئا-
يىمنىڭ سۆزمەن، مەمەدان ئوغلى يۈسۈپ
توكۇلاڭ ئەپكەشتە مال كۆتۈرۈپ ساتى-
دىغان خۇلاگىزىچىلىقنى تاشلاپ، ھازىرقى

يېڭى دۆكىنىنى ئېچىپ ئوقىتىنى ماڭدۇرۇۋالغانىدى. كېيىن ئۇ قانات - قۇيرۇقىنى تۈزەپ، ئۆيلىنىپمۇ ئالدى. بىراق، كېلىن ئاغىچا هازازۇلراق چىقىپ قالدى، خانىئايىممۇ بۇنىڭغا هېچقانداق تەتۈرلۈك قىلمىدى، شۇنداق قىلىپ ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ كەتكەن يۈسۈپ توكۇلاڭ مەهەللىنىڭ يۇقىرىسىدىن جايلىق يەر ئېلىپ، ئۆي ئايرىپ چىقىپ كەتتى.

لېۋىر سۈپۈرگىنىڭ ياردەم پۇلى بىلەن يۈسۈپ توكۇلاڭ شۇنداق كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن گېپىمۇ چىقتى. لېۋىرنىڭ ئازراق پۇل ياردەم قىلغىنىنى هېچگەپ ئەمەس ئىدى، يامان بولغىنى: ئۇ، لېۋىر سۈپۈرگىنىڭ خالىس كۆڭلىنى چۈشەنمىدى، ئۇنىڭدىن گۇمان قىلدى. بۇ ئىشقا بىر مەهەللىلىك قۇربانمۇ ئارىلىشىپ كۆردى، ئەمما يۈسۈپنى ئەيۋاشقا كەلتۈرەلمىدى. ئۆز - ئۆزىدىن خۇدۇكسىنغان يۈسۈپ توكۇلاڭ گەپنى ئۈزۈۋەتتى:

— لېۋىر سۈپۈرگە بوسۇغىمىزغا يولغۇچى بولمىسۇن، — دېدى.

بۇ گەپ لېۋىر سۈپۈرگىنىڭ قۇلىقىغا يېتىش بىلەن ئىش تېخىمۇ چوڭايدى.

— مەن پۇلنى غەرەزسىز بەردىم، — دېدى لېۋىر سۈپۈرگە، — يۈسۈپجان ئاپىسىنى ئۆكىلىرى بىلەن تاشلاپ ئايرىم ئۆي تۇتۇۋاپتۇ، ئۇنىڭغا دەڭ، ئەل قاتارى ياردىمىمنى ئايىمىدىم، مانا شۇ...

يۈسۈپ توكۇلاڭ بۇ گەپكىمۇ ئۆكتە قوپتى:

— ياق، بۇ ئۇنىڭ باهانىسى، — يۈسۈپ توكۇلاڭ كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ قۇربانغا ۋارقىرىدى، — سۈپۈرگە نەدىكى گەپلەر بىلەن ئاغزىنى تاتلىق قىلىپ يۈرمىسۇن، ئاپاممۇ نەۋرە كۆرگەندە ئۇنداق ئۆيدە بولاتتىمۇ؟ ئۆكىلىرىم ئەر يەتتى، سەت - تە...

— غەرەز ئۇققىن ئۇكا، — دېدى قۇربان ئۇنى يۇمشاتماقچى بولۇپ، — لېۋىر سەن دېگەن بۇ ئىشلاردىن ئېغىز ئاچقىنى يوق، ئاپاڭ خانىئايىمنىڭمۇ بۇ توغرىلىق خەۋىرى يوق. لېۋىرنىڭ ئۆيۈڭلەرگە قىلغان ئىلگىرىكى ياردىمى ئازمىدى، ئەمدى بۆگۈنكى كۈنلۈكتە يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىپ، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈمەكچى بولۇۋاتىسەن - هە. قورقما، ئۇ سېنىڭدىن قەرزىنى قىستاپ تۇرۇۋالىدىغان ئەر ئەمەس، لېۋىرنى خانىئايىمغا سايە قىلغىنىمىزمۇ يوق. كونىلاردا: «بالىنىڭ تۇل ئاپىسىنىڭ ئەرگە تېگىش - تەگمەسلىكى هەققىدە سوراپ تۇرۇشى ساۋابلىق ئىش» دەپ ئېيتىشىدۇ. مانا سەن هېچنېمىدىن - هېچنېمە يوق تەتۈرلۈك قىلىۋاتىسەن.

— بولدى، جاهاندا ئادەم تېپىلمىغاندەك، قاسىمقى ئېرىمەيدىغان ئاشۇ لېۋىر سۈپۈرگە بوسۇغامنى ئاتلايتتىمۇ، — تېخىمۇ كۆكىرىپ ۋارقىرىدى يۈسۈپ توكۇلاڭ، — شۇنداق ساۋابنىڭ ئانىسىغا مىڭ لەنەت! بولدى ئەمدى، ئاپامغا ئېيتىپ قويۇڭلار، قېرىغاندا مېنىڭ يۈزۈمنى يەرگە ئۇرۇپ يۈرمىسۇن، ئەمدى نەۋرىلىرىنى باقسىمۇ يېتىپ ئاشىدۇ.

كېيىن قۇربان بۇ گەپنى لېۋىر سۈپۈرگىگە ئېقىتماي - تېمىتماي يەتكۈزۈپ كەلدى. لېۋىر سۈپۈرگە قۇربانغا بەكمۇ كايىپ كەتتى:

— نېمە قىلغىنىڭ بۇ؟ مېنىڭ قىلچە ئۇنداق نىيىتىم يوق، هازىرچە مېنىڭ بويتاقلىقىم ياخشىدەك تۇرىدۇ. يۈسۈپجاننىڭ

كۆڭلىنى رەنجىتىپ قويۇپسەن - دە، ئاپلا ...
شۇنىڭ بىلەن لېۋىر سۇپۇرگىنىڭ
بويىتاق كۈنلىرى ئۆتتۇۋەردى، ئۆتتۇۋەردى ...

لېۋىر سۇپۇرگە ئېتىز قىرىدا تۇرۇۋې-
لىپ، ئانچە چوڭ بولمىغان چىغلىقىغا
قاراپ ئەنە شۇنداق ئۇزاقتىن- ئۇزاق خىيال-
لارنى سۇردى. خىيالدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ
يىراق - يىراقلارغا كۆز تىكتى. كۈز پەسلى
يېتىپ كېلىپ، ئېگىزلار سارغايغان بولسىمۇ،
لېكىن تەبىئەت، كەڭ سېخىيزېمىن تېخىچىلا
ئۆز يېشىللىقىنى يوقاتمىغانىدى. چىغلىق
ئېگىزدىنىڭ ئوتتۇرىسىغا دۆۋىلەنگەن باغ -
باغ چىغلار ئۇنىڭ مەسلىكىنى كەلتۈردى.
نېرىقى دەريا قىرغاقلىرىغا نەزەرىنى
ئاغدۇردى. ئۆز زامانىسىدا ئۇ يەرلەر
كۆز يەتكۈسىز بولۇپ كۆرۈنۈدى-
غان، ئاتلىقنى چۆكۈرۈدىغان چىغ-
لىق ئىدى. ئۇ زامانلار لېۋىرنىڭ قىران
چاغلىرى، مېھرىبان ئانىسىمۇ، يۇۋاش،
كەمسۆز ئاتىسىمۇ بار ئىدى. قىش كۈن-
لىرى مەھەللە باللىرى بىلەن چىغلىققا
كېلىپ توشقان قوغلايتتى، مۇشۇنداق
كۈز كۈنلىرىدە بولسا، ھەرقايسى ئۆزى
ھەيدەپ كەلگەن كالىلىرىنى قويۇۋېتىپ
«چېگى تۈتەك ئويۇنى» غا كىرىشىپ
كېتىشەتتى. لېۋىر بۇ ئويۇنغا بەكمۇ
ئۇستا ئىدى. ئۇلار ئالدى بىلەن ئوشۇق
ئېتىشاتتى، كىمنىڭ ئوشۇقى ئالچۇ چۈش-
سە، شۇ بىر تۇتام چىغنى ئوتقان بو-
لاتتى. لېۋىرنىڭ ئاتقان ئوشۇقى ئالچۇ
چۈشۈپلا تۇراتتى. باللارنىڭ ياۋا كەندىر
چىگىسى ئورنىغا بىر تۇتام - بىر تۇتامدىن
بارماق ئارىسىغا قىستۇرۇۋالغان چىغلىرى-
نىڭ بىرىنىمۇ قويماي بىردەمدىلا

ئوتۇپ ئۆزىنىڭ قىلىۋالاتتى. ئوتقان بۇ
چىغلىرىنى كېيىن باللارغا تالاڭ قىلىپ
بېرىۋېتەتتى ...
لېۋىرغا بالىلىق چاغلىرىنى ئەسلىتىد-
دىغان ئۇ چىغلىقلار مانا ئەمدى يوق.
چىغ شۇنداق ئەتىۋار بولۇپ كېتىۋاتىدى-
كىن، ھاي ... ھاي! ... قويۇۋەر زامان
لېۋىرنىڭ ئاۋۇ كۆرەڭ قاشقىسىدەك تا-
راسلاپ ماڭىدىغان تۇرسا، چىغلىق تۇراتد-
تىمۇ؟ خۇددى ئۆزىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن
ياشلىق چاغلىرىدەك ھېچقانداق ئىز قالا-
دۇرماي تۈگەپ كەتكەندەك تۇيۇلدى.
شۇنچە پايانى يوق چىغلىقنىڭ يېرىمىنى
دەريا چېقىپ بولدى، قالغىنىنى ئېتىز
قىلىۋەتكەن. ئازلا قىسمىنى مەھەللىنىڭ
ھاجىتى ئۈچۈن قالدۇرۇۋىدى، مەھەللىدى-
كىلەر پادا قويۇۋېتىپ ئارام بەرمىدى.
قالغىنى، پەقەت مانا مۇشۇ دەمدە لېۋىر
سۇپۇرگە زوق بىلەن كۆز تىكىپ تۇرغان
يەتتە مو يەتتە پۇڭ يەردىكى ئۇنىڭغا
تەۋە بولغان چىغلىق بولدى. يەر كىچىك
بولغىنى بىلەن ھىممىتى چوڭ، نەچچە
يىلدىن بېرى لېۋىر سۇپۇرگە مۇشۇ چىغ-
لىرى بىلەن پۈتۈن مەھەللىنى رازى قىلىپ
كېلىۋاتىدۇ، مەھەللىدىكىلەر، ھەتتا پادىچى
باللارمۇ پادىلىرىنى بۇ چىغلىققا يېقىن
يولاتمايدۇ. ئەگەر ئۇلار بۇ يەرگە تۇياق
دەسسەتسە، ئۆيدىكىلىرىدىن كۆك چىۋىق
يەيدىغانلىقىنى، ئۆيدە، خامانلىرىدا سۇ-
پۇرگىسىز قالىدىغانلىقىنى، شەھەرنىڭ ئۆرە
باھادىكى سۇپۇرگىلىرىنى سېتىۋېلىشقا
توغرا كېلىدىغانلىقىنى مەھەللىنىڭ ئۇش-
شاق باللىرىمۇ ئوبدان چۈشىنىپ كەتكەن.
بۈگۈن ئۇ، بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن
كەلگەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ. ھازىر

ئۇنىڭ قولى بوشىغان، بوشىغاندىمۇ مەھەللىدىكىلەردىن بۇرۇن بوشىغانىدى. بۇغدىيىنى پاكىزە يىغىۋالدى، چىغلىرىنىمۇ ئورۇپ باغلىۋالدى. ئەمدى قىلىدىغان ئىشى يوق. لېكىن، بۇ چىغلىق ئۇنى ئۆزىگە تارتىپلا تۇرىدۇ، بۇنىڭ سەۋەبىمۇ يوق ئەمەس. بىر كۈنى ئۇ چىغلىقنىڭ بويىدا كېلىۋېتىپ، مەھەللىنىڭ ئاياللىرى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. لېۋىر سۇپۇرگە ئۇلارنى كۆرۈپ مەڭدەپ قالدى. سەۋەبى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا خانئايىم بار ئىدى. ئۇنىڭ لىغىرلاپ تۇرغان بەدىنىگە چىپپىدە كەلگەن خان ئەتلەس كۆڭلىكى ئۇنى ئادەتتىكىدىن ناھايىتى ئۇز كۆرسىتىپ تۇراتتى. بىر جۈپ ئالتۇن چىشلىرىنى كۆرسىتىپ، يېنىدىكىلىرىنىڭ چاقچىقىغا قوشۇلۇپ كۈلۈشلىرى لېۋىر سۇپۇرگىنىڭ يۈرىكىگە بىر پارچە ئوت سالدى. لېۋىرنىڭ كۆزلىرى ھەممىدىن بۇرۇن خانئايىمنىڭ قىيىلىپ چۈشكەندەك تۇرغان بۇرنىغا چۈشتى. خانئايىمنىڭ يۇسۇپجانىنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان يوغان، دۈگىلەك قارا كۆزلىرى بىلەن ئۆز كۆزى ئۇچرىشىپ قالغاندا، خانئايىم ئىنچىكە قارلىغاچ قۇيرۇقىدەك قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ چەتكە قارىۋالدى. ئۇ، لېۋىرنىڭ چەكچىيىپ قارىشىدىن بىزار بولدىمۇ ياكى يېنىدىكى ئاياللارنىڭ كۈلكە، چاقچىقىغا قېلىشتىن ئۆزىنى قاچۇردىمۇ ئەيتاۋۇر لېۋىر سۇپۇرگىنى ياراتمىغاندەك ئۇنىڭغا ئانچىۋالا قاراپ كەتمىدى، بۇنىڭ بىلەن لېۋىر سۇپۇرگىنىڭ ئۆزى بىر قىسما بولۇپ، ئۆزىنى يوقىتىپ قويدى، مەھەللە ئاياللىرىنى پاناھداپ تىنچلىق سوراشماقچى بولۇۋىدى، گېلى قۇرۇپ، ئاۋازى يىرتىلغان قەغەزدەك چىقىپ گېپى قولاشمىدى. ئۇ ئۆمرىدە ئايال جىنسىنى كۆرگەندىمۇ بۇنداق ھالەتتە بولمىغان، لېكىن بۈگۈن خانئايىمنى كۆرۈپ شۇنداق بولدى. لېۋىر تۇنجى ئايالنى ئالغاندا ئاتىسى ئۆيلەپ قويغانىدى. خوتۇنىمۇ ناھايىتى ئىشچان، ئۆي ئىشلىرىغا ئىنتايىن چېۋەر چىقتى. بىراق، لېۋىر ئۇنىڭدىن بالا يۈزى كۆرمىدى، شۇنچىلىك ئارزۇ قىلسىمۇ بولمىدى. ئاتىسى، ئاپىسى ئۆلۈپ كېتىپ خېلى زامانلاردىن كېيىن، بۇ ئايالمۇ ئۆلۈپ كەتتى. رەھمىتى كۆزىنى يۇمۇۋېتىپمۇ لېۋىرنىڭ تىكەندەك يالغۇز قېلىۋاتقىنىغا ھەسرەتلەندى ... شۇنىڭدىن كېيىن كۈنلەر ئاققان سۇدەك ئۆتۈپ كېتىۋەردى. مانا بۈگۈن پۈتۈن بويتاقلىق ھاياتىدا بولۇپ باقمىغانلا بىر ئالامەت كۆرۈلدى، يۈرىكىنى ئويناتقان بىر ئىللىق ھارارەت تەپتى، ياق، چاقماق چۈشكەندەك بىر كۈچلۈك يالقۇن مېڭىسىدىن كىرىپ، تاپىنىدىن چىقىپ كەتكەندەك بولدى. بۇ نېمىلىكتىن؟ ئۇ، بىلەلمىدى. لېۋىر سۇپۇرگە ئۆزىدىن ئاللىقاچان يىراقلاپ كەتكەن ئاياللارنىڭ ئارقىسىدىن قارىغىنىچە ئاستا پىچىرلىدى:

— چىرايلىق ئىكەن، ئاسماندىكى ئايدەك ئىكەن! ...

ئۇ ئارقىدىنلا ئۆزى دائىم ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان ھېلىقى بىر ناخشىغا ئاستا غىڭشىدى:

ئايۋانىڭغا ۋاسا بولاي،
سارىيىڭغا پەنجىرە.
تەلپىكىڭگە قاما بولاي،
ئىشىكىڭگە زەنجىرە ...

لېۋىر سۇپۇرگە ناخشىنىڭ ئاخىرىدا

ئۇنىنى چىگراق چىقىرىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ بوغۇق ئاۋازىدىن ئۆزى چۆچۈدى. ئۇ شۇندىلا، ئۆزىنىڭ شېرىن خىياللارغا ئەسىر بولۇپ تېخىچە ئېتىز قىرىدا تۇرغانلىقىنى ئويلاپ ئۆزىچە ھەجىيىپ قويدى.

— لېۋىركاۋۇي! نېمىگە شۇنچە خۇش بولۇپ كەتتىڭ؟ ناخشاڭ پەيزى-غۇ؟ — نېرىدىكى قوناقلىق ياقىسىدىكى يولدا ئېشەك ھارۋىسىنى ھەيدەپ تەرلەپ-پىشىپ كېلىۋاتقان يۈسۈپنىڭ ۋارقىرىشى لېۋىر سۇپۇرگىنىڭ ناخشىسىنىڭ، شېرىن خىياللىرىنىڭ بېلىگە تەپتى. — نېمانداق ھېلىلا توپىدىن ئېچىۋالغاندەك بولۇپ كەتتىڭ، لېۋىركا؟ ھەممىلا يېرىڭ توپىغۇ، ساقىلىڭمۇ باغلىسا بىر سۇپۇرگە چىققۇدەك بولۇپ كېتىپتۇ. ھى ... ھى ...

يۈسۈپ ئۆز سۆزىگە ئۆزى مەززە قىلىپ كۈلدى.

— ھە، يۈسۈپجانمۇ سەن؟ بىلمەمە-تىڭ، دېھقانىنىڭ رىسقى توپىدا ئىكەنلى-كىنى! — دېدى لېۋىرمۇ كۈلۈپ قويۇپ، — بىلەمسەن، توپا دېھقانغا خالىغان ھەممە نەرسىسىنى بېرىدۇ. توپىمۇ كۆرگەنلا كىشىگە نېسىپ بولىۋەرمەيدۇ جۇمۇ. سەنچۇ؟ سالقىن دۇكاندا ئۇچاڭغا توپا قوندۇرماي ئولتۇرۇپ تېزا تاپىمەن دېگە-نىڭ بىلەن، سېنىڭ ئالقىنىڭمۇ ئاشۇ تو-پىغا مىلىنىپ چىققان تېزىغا تېگىدۇ، ئۇقتۇڭمۇ؟! ...

يۈسۈپ توكۇلاڭنىڭ بايىقى سۆزى لېۋىر سۇپۇرگىنىڭ خۇمارىنى قوزغىدى بولغاي، ئۇ يانچۇقىغا قول سېلىپ ئاقتۇ-رۇۋىدى، ئالقىنىغا سامان ئۇۋاقلىرى ئار-لاشقان ئۇششاق تاماكا قالدۇقلىرىدىن باشقا ھېچنەرسە چىقمىدى. ئۇ گەز باغلاپ يېرىلغان قېلىن كالپۇكلىرىنى پۈرۈپ تۇرۇپ ئالقىنىدا تۇرغان بۇ نەرسىلەرنى كۈچ بىلەن پۈۋلىۋېتىپ، كۆڭلىدە كۆيگەن گەجگىسىنى ئاتىلاپ قويدى.

— ئەكەلگىن، — دېدى ئۇ، — ئالدى بىلەن موخۇركاڭدىن ئون تىيىنلىق بەرگىنە.

— گېلىمزە چەك، گېلىمزە ...

— ياق، يۆتىلىپ كېتىمەن، موخۇركا چېكەي ...

— يەنە نېمە ئالسەن؟ — ئالدىرىدى يۈسۈپ توكۇلاڭ ھارۋىسىدىكى خالتىدىن تاماكا ئۆلچەپ ئېلىۋېتىپ، — ھە، راست، بايام قايسى ناخشىغا غىڭشىۋىدىڭا لېۋىر ئاكا، ۋاھ، ئەجەب بەلەن غىڭشىدىڭ. ئىلگىرى ناخشا بىلەن خوشۇڭ يوق ئىدى، مانا ئەمدى ناخشا مەستانىسى بولۇپ كې-تىپسىنا تېخى؟ ئۇنىڭدىن كۆرە، ئالدى بىلەن ئاۋۇ قاغا چاڭگىسىدەك بولۇپ كەتكەن ساقىلىڭنى بىر تۈزىگىنە ...

لېۋىر يۈسۈپ توكۇلاڭغا تازا سىن-چىلاپ بىر قارىدى، ئۇنىڭ ئالدىدا ئورۇق-لۇقىدىن بويۇنلىرى ساپاقتەك ئىنچىكە، پەقەت يوغان دۈگىلەك قارا كۆزلىرىلا پارقىراپ، چىرايىدىن قۇۋلۇق، ھىيلىگەر-لىك چىقىپ تۇرىدىغان 20 ياشلار چامى-سىدىكى بىر يىگىت تۇراتتى. ئۇ پارقىراق، قارا كۆك دىلوندىن يېڭىچە تىكىلگەن كاستۇم - بۇرۇلكا، ئايىغىغا كەرىشناۋاي، ئېگىز پاشىنلىق شىبلىت كىيگەنىدى. گەجگىسىچە قويۇۋەتكەن ئۇزۇن، قارا چاچلىرى ئۇنى تېخىمۇ ئاۋاق كۆرسىتىپ تۇراتتى. يۈسۈپ توكۇلاڭنى كۆرگەن لېۋىر سۇپۇرگىنىڭ كۆڭلىدە يەنە بايىقى خىياللار ئويغاندى. ئۇ ئۆزىنىڭ كۆڭلىدە ئويلىغانلىرىنى گويا يۈسۈپ

توكۇلاك بىلىپ بولغاندەك بويۇنلىرىغىچە شەلپەردەك قىزىرىپ، كېيىن ئاستا - ئاستا ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى. ئۇ يۇسۇپ توكۇلاكنىڭ كىشىلەرنىڭ كىچىككىنە ئاجىزلىقىنى تېپىۋالسىلا كەچكىچە چوقۇلاۋېرىپ ئارام بەرمەيدىغان مىجەزىنى ناھايىتى ئوبدان بىلەتتى، شۇڭا ئۇنىڭ بايىقى گېپىنى چالغىتماقچى بولدى.

— خوش، سەپەر نەگە يۇسۇپجان؟ ماللىرىڭنى ئېتىز ئارىلىتىپ ھەيدەپسەن - دە، ئېكىننىڭ ئالدىراش پەيتى ياخشى قىپسەن، — لېۋىر سۇپۇرگە گەپ ئارىلىقىدا ھارۋا ئىچىگە بويۇنداپ قارىدى، — ۋاھ، يۇسۇپجان، جاھاندىكى ھەممە نەرسىلەر بار ئىكەن بۇنىڭدا. تېزرەك ئاپارغىن، ھازىر ئېتىز - ئېرىقتىن قول سوۋۇتالمايۋاتقان دېھقانغا زۆرۈرى شۇ. ساڭمۇ پايدىسى ئاجايىپ بولدۇ، جۇمۇ...

— پايدا قوغلاشمىغاننى سودىگەر بالىسى دېگىلى بولامدۇ، لېۋىركا، — دېدى يۇسۇپ توكۇلاك قول ياغلىقىدا پېشانىسىدىكى تەرنى سۈرتۈۋېتىپ، — بولمىسا سالقىن دۇكاندا پۇشقىقىمغا چاڭ قوندۇرماي ئالدىمغا كەلگەنگىلا سودا قىلىپ قويۇپ ئولتۇرماي، ئېتىزمۇ ئېتىز توپا كېچىپ، مۇنداق تونۇردەك ئىسسىقتا پېشانەمنى كۆيدۈرۈشكە ئاشىق دېۋىدىڭمۇ مېنى؟ مەھەللىنىڭ باشقا جازانىخور ئوقەتچىلىرىنىڭ ئالدىنى توغرا توسۇمىسام، ماللىرىنى ئالدىمدا سۇ قىلىۋېلىپ، مېنىڭكىنى كاسات قىلىدۇ ئۇلار.

لېۋىر سۇپۇرگە يۇسۇپ توكۇلاكنىڭ سۆزلىرىگە ئۇنچىقماي ھىجىيىپلا قويدى. ئۇ نېمىمۇ دېيىشى مۇمكىن. يۇسۇپ توكۇلاك ئۆز ئوقىتىدىن خېلى يۇقىرى پايدا كۆرۈۋاتىمۇ، ئۆزىنىڭ ئىگىرىكى شاپائەتچىسىگە كونا ھېساب توغرىلىق سۆز ئاچمىدى. يۇسۇپ توكۇلاك دېھقان بالىسى، دېھقانىنىڭ نېنىنى يەپ چوڭ بولغان، ئەمما ئۇ قاچان مۇشۇ ئوقەتكە قول سالدى، شۇنىڭ بىلەن تەڭلا دېھقاننى كۆزگە ئىلماس بولۇۋالدى.

لېۋىر سۇپۇرگە مۇشۇلارنى ئويلاپ، يۇسۇپ توكۇلاكتىن ئۆزىچە يەنە بىر سوراپ كۆرمەكچى بولدى.

— ئوقەت قانداق؟

— ھەي لېۋىركا، دېھقاندىن نەق پۇل ئالماق، ئۆزۈڭ بىلىسەن، پېتىر ناندىن قىل ئالماقتىنمۇ تەس ئىكەن. مەھەللىدىكىلەرنىڭ گەدىنىدە بىر توقۇناق مىخلاقلىق. قولۇمدىكى بىلەن ئىدىراپ تۇرۇۋاتىمەن...

— پەمىڭ بارغۇ، ئالدىرىمىساڭ ئوقىتىڭ تانىغا چىقىپ قالار...

— ئېيتقىنىڭ كەلسۇن، لېۋىركا، — يۇسۇپ توكۇلاك كۆڭلىگە ياقىدىغان بۇ گەپتىن ھىجىيىپ كۈلدى، يوغان دۈگىلەك قارا كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. ئۇ بىردىنلا بىر ئىشنى ئېسىگە ئالغاندەك جىددىيلىشىپ، لېۋىر سۇپۇرگىنىڭ قېشىغىراق كەلدى - دە، دۈۋىلەپ قويۇلغان چىغلارنى ئىشارە قىلىپ دېدى:

— بۇ يىل سۇپۇرگىلىرىڭنى يەنە ماڭا ئۆتكۈز جۇمۇ لېۋىركا يەنە شەھەرنىڭ كازاپلىرى چىقسا بېرىۋېتىپ يۈرمە. ئۇنداق قىلساڭ، مېنىڭكىنىڭغۇ دېمەي، مەھەللىنىڭ قارغىشىغا قالىسەن. مەھەللە سېنىڭ چىغ سۇپۇرگەڭسىز ھويلا - ئارام، خامانلىرىنى سۇپۇرەلمەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىسەنغۇ - ھە!

يۇسۇپ توكۇلاك لېۋىر سوپپورگىسىنى بىر ئالداپ، بىر ماختاپ ھە دەپ ئۇچچۇرغىلى تۇردى.

— بۇ يىل دانىسىگە ئىككى سوم ئاتمىش تىيىندىن بېرىمەن، — داۋام قىلدى ئۇ يەنە مۇغەمبەرلىك بىلەن، — ئاۋۋالقىدىن ئەللىك تىيىندىن ئوشۇق پايدا بېرىمەن ساڭا جومۇ.

— سەن مېنىڭ دائىملىق خېرىدارىم تۇرساڭ، ساڭا بەرمەي كىمگە بېرەتتىم ئۇنى. خاتىرجەم ئوقتىڭنى قىلۋەرگىسىن، پۇتكەنىدە ئۆزۈم قولاق قېقىۋېتىمەن.

— ئەمىسە، پۇتۇشتۇق جومۇ لېۋىركا، — يۇسۇپ توكۇلاك پارقىراق كەپكىسىنى ئارقىسىغا سۈرۈپ قويۇپ، ئېگىشىپ، يەرگە چۈشۈپ كەتكەن كالتىكىنى ئالدى-دە، ھېكىشقا تەييارلاندى، — كېيىن ئەستەر تاشلىۋېتىپ، گېپىڭدىن يېنىۋالساڭ ئۇ چاغدا چوقاڭغا قويىمەن جومۇ!

كۈن چۈشتىن قايرىلغانىدى. كۆز ئاپتىپى كىشىنى خېلىلا قىزدۇرۇپ پىشانىسىدىن بۇژۇلدىتىپ تەر قويۇلدۇراتتى. تاغ تەرەپتىن بىر خىل ئىللىق شامال ئۇردى. لېۋىر سوپپورگە كۆك كۆڭلىكىنىڭ ئالدىنى ئېچىۋەتتى، پوتىسىنى يېشىپ مورىسىگە تاشلىۋالدى. نېمىشقىدۇ ئۇنىڭ يۇسۇپ توكۇلاك كەتكەن تەرەپكە قارىغۇسى كېلەتتى. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ يۇسۇپجان نېمانچىۋالا ئۇنىڭغا ئىسسىق كۆرۈنىدۇ؟ نېمىشقا بىر سېھرىي كۈچ ئۇنىڭ يۈرىكىنى شۇ قەدەر مۇجۇيدۇ، نېمىشقا ئۇنى شۇ تەرەپكە تارتىپلا تۇرىدۇ-ھە؟

لېۋىر سوپپورگە ئەنە شۇنداق گادىرماش خىياللار بىلەن قوغۇنچى مەھەللىسىنى توغرا كېسىپ ئۆتۈۋاتقان غول ئۆستەڭ بويىغا چىقىپ قالدى. ئۆستەڭ ياقىسىدا بىرنەچچە ئادەم تۇراتتى. ئۇ يېقىنلىغانسېرى، ئۇلارنىڭ بىرى ھازىر مەھەللىنىڭ كۆكپېشىلىقىنى قولىغا ئالغان قۇربان ئىكەنلىكىنى تونىدى. ئۇ مەھەللىنىڭ غەربىي چېتىدىكى بۈك ئورمانىنى كۆرسىتىپ يېنىدىكىلەرگە نېمە توغرىسىدىدۇ ئىتتىك-ئىتتىك سۆزلەۋاتاتتى. ئۇلار تاماكا چەككەچ ئۆز پارىڭىغا بېرىلىپ كەتكەچكە، لېۋىر سوپپورگىنىڭ يېقىنلاپ كەلگەنلىكىنىمۇ تۇيماي قېلىشتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، يۇرت-چوڭلىرى! — لېۋىر سوپپورگە ئوڭ قولىنى كۆكرىكىگە قويۇپ، بارماقلىرىنى ئارىدەك كېرىپ، بېشىنى يېرىم ئەگكەن ھالدا ناھايىتى تەۋەززۇ بىلەن ئالدىغا ئېگىشتى. ئۇ، مەھەللە مۆتىۋەرلىرىنى كۆرگەنىدە ھۆرمىتىنى بىلدۇرۇش ئۈچۈن دائىم ئاشۇنداق قىلاتتى، — بىر چىرايلىق تۇرۇپسىلەر؟

— كەل، كەل سوپپورگە! — دېدى قۇربان ئاغزىدىكى تاماكا ئىسىنى پۇۋلىۋەتكەنىدىن كېيىن قىسقا يۆتىلىپ قويۇپ، — نەلەرنى سىيپىلاپ كېلىۋاتىسەن ئۆزۈڭ؟

لېۋىر سوپپورگىنىڭ لەقىمىگە ئەپچىل كەلتۈرۈلگەن بۇ چاقچاقتا باشقىلارمۇ تەڭلا قېتىلىپ كۈلۈشتى.

— بۇگۈن قولۇم سوۋۇپ قاپتىكەن، — دېدى لېۋىر سوپپورگە كۈلكىدىن كېيىن، — بىرەرسىنىڭ خامىنىغا قول سېلىشىپ بېرەي، دەپ كېتىۋاتىمەن.

— قارىشىپ بېرەي دېگىنە، — لېۋىرنىڭ سۆزىنى تولۇقلىدى قۇربان، — بوپتۇ، ياخشى ئويلاپسەن، ئەمما مۇشۇ تۇرقۇڭدا بارساڭ، بىرسى كۆرسە نېمە دەيدۇ؟ ئەنە

قارىغىنا، چاچ - ساقىلىڭ ئۇسۇپ كېتىپتۇ، مۇنۇ ئالدىڭىنى ئەت. پۇل دېسەڭ بار، سۇنساڭ قولۇڭ ھەممىگە يېتىدۇ، تاشلا ئەمدى مۇنۇ سېرىق چوخىيىڭنى، خورۇم ئۆتۈك كىيگىن. زامانغا لايىق دېھقان بولماسەن، مۇشۇ ئەلپازىڭ بىلەن بىرەر تۇل خوتۇننىڭ ئىشىنى قىلىپ بېرەي دېسەڭمۇ ئۇركۇتۇۋەتمەمسەن؟

لىۋۇر ھىجايدى. ئۇنىڭ قورۇق بېسىپ ئالما قېقىدەك پۇرلىشىپ كەتكەن يۈزلىرىدە بىر خىل خۇشاللىق ئەكس ئەتتى. يەنە ئاشۇ تۇل خوتۇن، مەھەللە چوكانلىرىنىڭ پارىڭى چىقىۋىدى، لىۋۇرنىڭ تېنى جۇغۇلداپ، ئۆزى بىر قىسما بولۇپ كەتتى، بويۇن تومۇرلىرى كۆپۈشۈپ، ئارقىدىن قىزاردى، ئۇنچىقماي كۆزلىرىنى پۇتىنىڭ ئۇچىغا تىكتى. بۇنى سەزگەن قۇربان كۆزىنى باشقىلارغا قىسىپ قويۇپ دېدى:

— خانئايىمغا يۈرەك پېژىلداماۋ، لىۋۇر؟ ئۇنداقتا بەك چىڭ تۇر، ئۇنۇمىغى - نىغا قويما، قاچقانىىرى قوغلاۋەر، لېكىن يۇسۇپ توكۇلاڭغا ئاگاھ بول، تىۋشىڭنى ئاڭلاتما، بولمىسا جىنىڭنى ئېلىپ قولۇڭغا بېرىدۇ. سېنىڭ پۇلۇڭنى خەجلەپ ھۆكۈ - رىڭنى بىلەن سېنى ئاپىسىنىڭ لايىقى كۆرمەيدۇ، جۇمۇ. سېنى يەردە، ئاپىسىنى ئايدا سانايدىغاننىڭ بىرى ئۇ. ئاڭلىدىڭغۇ، ئۆتكەنكى گېپىنى ...

— بۇ نېمە دېگىنىڭ قۇربان؟ — دېدى لىۋۇر سۇپۇرگە ئۆپكىدەك ئېسىلىپ قىزار - غان ھالدا ئۆزىنى ئاقلاپ، — خانئايىمغا ياردەم قىلغان بولسام، باللىرى ئۇششاق، ئېتىز ئىشلىرىغا يېتىشەلمەيدۇ، دەپ قىلدىم.

— كىم ئىشىنىدۇ؟ — دېدى قۇر - بان، — ئەمما دەپ قوياي: ئاۋارە بولما، ئانا - بالا ئىككىيلەن سېنى شۇلۇپ يەيدۇ، ئاخىرى سېنى ئۇگدا قويىدۇ جۇمۇ، پەخەس بول!

لىۋۇر سۇپۇرگە قۇرباننىڭ بۇ سۆز - لىرىنى ئاڭلاپ ھەسرەتلەندى، ئۆزىنى دۇنيادا تەنھا، غېرىب - مىسكىن ھېس قىلدى. «قولۇمدا شۇنچىلىك پۇل - پۇچەك، ئاش - مۇلۇك تۇرۇپمۇ ئەيىبىمنى ياپالماي - دىمەن، بۇ نېمىلىكتىن؟» دەپ ئويلىدى.

## 2

خانئايىم قارامتۇل، تومپۇلاق، قول - لىرى دىقماق كەلگەن 40 ياشلار چامى - سىدىكى ئايال. ئۇنىڭ قاپقارا كۆزلىرىدە ھەمىشەملا كۈلكە ئويناپ تۇرىدۇ. قوڭ - دۇزدەك قارا، بىلەكتەك توم ئىككى تال ئۆرۈمە چېچى تېقىمىدا سويلاپ تۇرغاچقا، ھەرقانداق ئەرمۇ ئۇنىڭغا بىر قارىماي ئۆت - مەيدۇ. تۇرمۇش ۋە ئۆي ئىشلىرىغا پىش - شىق، ئىشچان كەلگەن بۇ ئايال پاكىز ھەم چېچەن ئىدى. ئېغىر تۇرمۇش ئۇنى قايتا نىكاھلىق بولۇشقا قىستايتتى، ئۆز - نىڭ ئۆشىنىسىگە چۈشكەن ئۆي ئېغىرچىلى - قىنى بىرەر ئەرگە ئۆتۈنۈپ بەرگۈسى كېلەتتى. بىراق، ئوغلى يۇسۇپجان ئۆيى - لەندى، ئاز كۈندە نەۋرە كۆرىدۇ، ئۇنىڭغۇ مەيلى دېگەن بىلەن قالغان ئۇششاق بالى - لىرىنى ئۆگەيلەپ قويارمىكىن، ئۇلارغا ئالىيىپ قاراپ بەرگەن بىر پارچە پۇچۇق ناننىڭ مىننىتىنى قىلارمىكىن، دېگەن ئوي - لار ئۇنى شېرىن خىياللىرىدىن ۋاز كەچۈ -

رەتتى...

خانىمىم ئۆزىنىڭ قايتا ياتلىق بولۇشىنى ئويلىغاندا، خىيالىغا لېۋىر سوپۇرگە كىرىۋالاتتى. بىراق، ئۆزىگە ۋە باللىرىغا يېقىنچىلىق قىلىدىغان بۇ ئادەمنىڭ كۆڭلى تۈز بولغىنى بىلەن، ئەڭ يامىنى بەكمۇ مەينەت يۈرەتتى. ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ يۈرۈشنى قىلچە ئويلىمايدىغان لۈم - لۈم ئەر ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ ھەرقانداق بىر ئەرگە تېگىشمەيدىغان بىر خىسلىتى بار. ئۇ بولسىمۇ خانىمىمغا شۇنچە يىل خالىس ياردەم قولىنى سوزۇپ كەلدى. خانىمىم بۇ كۈنلەردە ئۇنىڭدىن ھېچقانداق غەلىتىلىك سەزمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە خانىمىمنىڭ باللىرىنى كۆرسە، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئالدىغانغا قىلىق، بېرىدىغانغا يېنىدىن نەرسە تاپالماي كېتەتتى. بىر قېتىم ئورما مەزگىلىدە دۆيدىن ھەر بىر نوپۇس بېشىغا مىڭدىن باغلىق ئېشىش ۋەزىپىسى بېرىلدى. ئەگەر بۇ ۋەزىپە ئورۇندالمىسا، ئاق ئاشلىق نورمىسىدىن تۇتۇپ قېلىنىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلدى. خانىمىم بېشىنى تاشقا ئۇرغان بىلەنمۇ بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشى يوق گەپ ئىدى. ئۇ قانداق قىلارىنى بىلمەي يۈرگەندە، ئۈكۈز ھارۋىدا چىغ تارقىتىپ يۈرگەن لېۋىر سوپۇرگە ئەتىسى 5 مىڭ باغلىقنى خانىمىمنىڭ ئىمىدىن ئارتىلدۇرۇپ تاشلاپ كېتىپ قالدى...

مانا بۇ ئىشلارنىڭ ئۆتكىنىگە خېلى زامانلار بولغان بولسىمۇ، لېكىن خانىمىمنىڭ ئېسىدە تېخى ھازىرلا بولغان ئىشتەك تۇرۇپتۇ. ئۇ چاغلاردا لېۋىر سوپۇرگىنىڭ قولى قىسقا، نامرات ئىدى. مەھەللىدىكىلەر ئۇنى ھورۇن، بوشاڭ دەپ كۆزگە ئىلمىشماييتتى. ئۇنىڭ تۇرمۇشتا ئېپى يوقلۇقى ھەممىنى بىزار قىلاتتى. خانىمىمنىڭ ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇدىغان يېرىمۇ دەل مۇشۇ سەۋەبلىك ئىدى. ھازىرچۇ؟ لېۋىرنىڭ قولىغا مونەك - مونەك پۇل كىردى، لېكىن بويتاق بولغانلىقى ئۈچۈنلا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنىڭ بولۇمسىزلىقىدىن ئۆزى تاپقان دۇنيانىڭ مېغىزىنى راسا چاقالماي يۈرەتتى. بۇ ئادەمگە ئىچى ئاغرىغان خانىمىم لېۋىرنىڭ ئالدىغا بارماقچىمۇ بولغانتى، لېكىن بۇ ئىشنىڭ نېرى - بېرىسىنى ئويلاپ يالتىيىپ قالغانىدى. «بۇ بويتاق ئادەمدىن پاناھ تىلەپ بېرىش، مەھەللىدىكى ئوت ئېغىزلارغا تەييارلا يەمچۈك بولۇپ بەرگەندەكلا ئىش،» دەپ ئويلىدى خانىمىم ئوخلىشىۋاتقان باللىرىغا مۆگىلىنىپ قاراپ ئولتۇرۇپ،» ئۇنىڭدىن كۆرە كاللىمۇ يېمەي، چىشىمۇ چاقمايلا».

كېيىن لېۋىرنىڭ ساخاۋىتى تۇتۇپ نامراتلارغا پۇل ئېھسان قىلغاندا، خانىمىمغىمۇ بىر ئۈلۈش تەگدى. يۈسۈپىنى يايراتقانمۇ، سايراتقانمۇ شۇ پۇل بولدى. پۇلدا نېمىگەپ؟ ئىشلىتىشكە ئالغان. يۈسۈپجان ئوقتىنى ماڭغۇزۇۋالغاندىن كېيىن، لېۋىرنىڭ قەرزىگە بېرىپ تۇرغان پۇلنى قايتۇرۇۋېتىدۇ. بۇنىڭلىق بىلەن ئۇنىڭغا باغلىنىپ قالاتتىمۇ؟...

دەرۋازا زەنجىرىنىڭ يېنىككىنە شىرىقلىشى خانىمىمنىڭ شېرىن خىياللىرىنىڭ بېلىگە تەپتى.

— دەرۋازا ئوچۇق! — كەينىگە بۇرۇلۇپ ۋارقىرىدى خانىمىم قولىدىكى لەگمەن پىلتىسىنى تەگلىگە يۆگەپ سىلىدۋېتىپ، — كىرىۋېرىڭ!

دەرۋازا ئېچىلىپ، قورروغا لېيۋىر
سۇپپۇرگە لەلەڭشىپ كىرىپ كەلدى. لېيۋىر-
نىڭ تەسادىپى كىرىپ كېلىشى خانئايىمنى
تەمتىرىتىپ قويىدى. كۆپكۈندۈزى بىر
بويتاق ئادەم تۇل خوتۇننىڭ بوسۇغىسىغا
ئۇسۇپ كىرىشى ئۇششاق سۆز مەھەللە
خوتۇنلىرىغا تېپىلغۇسىز باھانە-دە! ... خان-
ئايىم بىر تۇرۇپ «تىوۋا» دېگىنىچە ئۆز-
ئۆزىگە پىچىرلىدى. ئۇنىڭ ئويىچە راستىنلا
ئەمدى ئاخىر زامان بولغان ئوخشايدۇ،
تېخى ھازىرلا لېيۋىر توغرىلىق ئويلاپ
ئولتۇرۇۋىدى، ھايال ئۆتمەي خۇددى
بىرسى چاقىرىپ كەلگەندەك پەيدا بولغان-
لىقىنى كۆرمەمدىغان؟ ئۇنى شۇ يەردىنلا
ھەيدىۋەتسۇنمۇ؟ ياق، نېمىشقا؟ گەپ-
چۆچەكتىن قورقۇپ، شۇنداق قىلدىم، دېسە،
خەلقى-ئالەم ئالدىدا، بولۇپمۇ چىڭگىز
ۋە تەرسا ئوغلى يۇسۇپجاننىڭ تاپا-
تەنىسىدىن قۇتۇلۇپ كېتەلەرمۇ؟ ... ئۇنىڭ
ئۈستىگە چوپچوڭ ئادەمنى يۈزىدىن-
يۈزىگە چىق دەپ قانداقمۇ دېيەلەيدۇ ...

— ئۆيگە كىرسىلە لېيۋىرئاخۇن، —
دېدى خانئايىم تىترىگەن ئاۋازدا. ئۇ،
لېيۋىرنى كۆرۈپ پەيدا بولغان ھودۇقۇشتىن
ئۆزىنى ناھايىتى زورغا بېسىپ تۇراتتى، —
ئۆيگە كىرسىلە، ئۆيگە ... ئەمىسە، مەشە-
گىلا كۆرپە سالاي ...

— خوش، — لېيۋىر سۇپپۇرگە خانئايىم
سالغان قىزىل مەخمەل كۆرپىنىڭ بىر
چېتىنى قايرىۋېتىپ ئولتۇردى، — مۇشۇ
يەردىلا ئولتۇراي، كۆنىنىڭ ئىسسىقىدا
بارالىق ئاستى سالغىن ئەمەسمۇ. ئاۋارە
بولماڭ ... مەن ... ھازىرلا ...

خانئايىم ئۇنىڭ ئاغزىدىن يەنە قان-
داق سۆزلەرنىڭ چىقىشىنى تەقەززالىق
بىلەن كۈتۈپ كارىۋاتنىڭ بىر چېتىدە
جىمغىنە تۇراتتى. لېيۋىر بولسا، بىردە
باراڭدىكى ئۈزۈملەرگە، بىردە ئېغىل
تەرەپكە، بىردە خۇددى بىرسى كىرىپ
كېلىۋاتامدۇ - قانداق دېگەندەك دەرۋازا
تەرەپكە قارايتتى. ئەھۋالدىن قارىغاندا،
ئۇ گېپىنى نېمىدىن باشلاشنى، قانداق
قىلىشنى بىلمەي تۇرغاندەك ئىدى. ئارىدا
خېلىغىچە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى.
ئاخىرى لېيۋىر سۇپپۇرگە گېپىنى ئويلاپ
تاپقاندەك:

— مەن ... مەن ... يۇ ... يۇسۇپ-
جاننى ئىزدەپ كىرىۋىدىم، — دېدى ئۇ
دۇدۇقلاپ، سۆزىنىڭ باش - ئايىغىنى ئاران
تېپىپ، — يۇ ... يۇسۇپجان مېنى ئۆزىگە
بىر يولۇقسۇن دەپتىكەن. ھەدىسىلا يەرگە
باردىم، يوق. بۇ ... ئۆيدىمۇ يوق ئوخ-
شايدۇ ...

— ھە، — دېدى خانئايىم كۆڭلى
سەل ئىمەن تېپىپ، — يۇسۇپ سىزنى
نېمىشقا ئاۋارە قىلغاندۇ؟

— ياقەي ... ئۇۋقەت بولغاندىكىن
شۇدە، بىر دېھقان خەقنىڭ ئېكىننى يىغى-
ۋالغاندىكىن، يەنە نېمە ئالدىراشلىقى بار
دەيسىز؟ يۇسۇپجان ئۇ باشقا گەپ، ئۇ مانا
بىر كۈنلۈك ئۇۋقەتتىن قالسا، دۇكاندا ئۇن
كۈنلۈك مال دۆۋىلىنىپ قالىدۇ، دەڭا ...
بازار چاققاننىڭ تۇرسا! ...

خانئايىم گەپ ئارىلىقىدا جوزا
قويۇپ داستىخان سالدى. مارجاندەك
قىزىرىپ پىشقان «ئات باغرى» ئۈزۈمدىن
ئىككى - ئۈچ ساپ ئۈزۈپ ئېلىپ، يېڭى
ياققان توقاچلىرى بىلەن بىللە چىنە
تەخسىدە لېيۋىرنىڭ ئالدىغا قويۇپ، تو-
قاچلارنى ئوشتۇپ قويىدى. لېيۋىرنىڭ

ئېمىشقىدۇ ئىشتىيى تۇتۇلغاندەك ھېچنەرسىگە زوقى تارتماي ئولتۇراتتى.

خانىمايىم لېۋىرنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي تاماققا تۇتۇۋالدى. ئۇ چاچتەك سوزۇلغان بىر تەخسە لەگمەننى تىللىرىنى چاكىلدىتىپ ئولتۇرۇپ يېدى. ئۇ: «ئۇزۇن يىللىق بويتاق ئۆمرۈمدە تېتىغۇدەك بىر نەرسە يېگىنىممۇ مۇشۇغۇ» دېگەن ئويدا بولدى. بۇنداق تاماقلارنى باشقا ئۆيلەردىمۇ يېگەن، لېكىن بۈگۈنكىسىنىڭ تەمى باشقىچە. ئۇ چوڭ بىر تەخسىدە دۆۋىلەپ سالغان لەگمەننى ئالدىدا خوش-خوش بىلەن، كېيىن ھېچبىر تەكەللۇپسىزلا يەپ بولدى. يازنىڭ كۆكتاتلىرى بىلەن ئېتىلگەن لەگمەن ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ھوزۇر بېغىشلىدى. كۆڭلى ئەمدى بىر خىل شېرىن تۇيغۇلار ئىچىدە ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلۇۋاتاتتى.

تاماق كەينىدىن بىر چىنە ئاش سۈيىنى ئىچكۈچە ئۇنىڭ كاللىسىدا ناھايىتى نۇرغۇن خىياللار كەچتى. ئۇ ئاخىرى بۇ خىياللارنى يىغىۋېلىشقا ئۇلگۈردى.

— ئاڭلىسام، يۇسۇپجان ئۆي ئايرىغاندىن كېيىن، سىزنى ئازراق ھەرەج تارتىپ قاپتۇ، ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىغا يېتىشەلمەيۋاتىدۇ، دەيدۇ، — دېدى ئۇ ئاخىرى، — ئىش-كۈشلىرىڭىز بولسا، مانا بىز بار... ھازىر ئېتىزدا ئۆرە بۇغدايدىن سىزنىڭلا قالدىغۇ، دەيمەن. ھازىر يېنىڭىزدا يوق بولسا، دېمەكچىمەنغۇ، پۇل بېرىپ تۇرسام كومبايىن سالامسىز-يە؟

— ئاللا رەھمەت قىلسۇن سىزگە لېۋىراخۇن، — دېدى خانىمايىم بىرھازا ئۇنچىقماي خىيال بىلەن ئولتۇرغاندىن كېيىن، جوزىنىڭ بىر بۇرجىكىگە تىكىلگەن ھالدا داستىخاننىڭ ئۇچىنى غىجىملاپ تۇرۇپ، — قانداق قىلاي، كېلىن ئاغىچامنىڭ ئايرىم ئۆي تۇتقۇسى بار ئىكەن، يۇسۇپمۇ ئىككى بالىسىنى يېتىم قىلماي باقسۇن... ئۇھ... بۇغدايلارمۇ بۇ چاغقىچە قالماس ئىدى، قوي-كاللارنىڭ قىشلىق غېمىنى دەپ، بۇغداينى قولدا تېپەيلى دېۋىدۇق، كومبايىن سالمىغىنىمىزمۇ شۇ. يۇسۇپنى دېسەك، قولى زادىلا بوشىمىدى، ھەقىچان ئۇ بالا چاپ-چاپ بازاردىكى پايدىدىن قۇرۇق قالماي دەپ يۈرۈيدۇ. قانداق قىلىمەن، يېنىمدىكى ئۇكىلىرى بىلەن كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ئېكىننى يىغىپ تۇرارمەن...

— بۇمۇ ياخشى خىيال بوپتۇ، خانىمايىم، — لېۋىر ئۆز ئاغزىدىن چىققان بۇ سۆزدىن ئۆزى چۆچۈپ ئىتتىكلا خانىمايىمغا قارىدى. ئۇ خانىمايىمنىڭ ئىسمىنى ئۇنىڭ ئالدىدا يۈزمۇ يۈز تۇرۇپ تۇنجى قېتىم تىلغا ئېلىشى ئىدى. بۇنى ئاڭلىغان خانىمايىم لېۋىرغا لەپپىدە بىر قارىۋېتىپ يەنە چەتكە قارىۋالدى. لېۋىر يەر ئاستىدىن خانىمايىمنىڭ چىرايىغا زەڭ سالدى. خانىمايىم ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمەي جىممىدە ئولتۇراتتى. بۇنىڭدىن لېۋىرنىڭ كۆڭلى سەل ئارامىغا چۈشكەندەك بولدى. ئەمدى ئۇ ئۆز ئىشى، ئۆز ئېغىزىغا، ئاندىن ئۆز قۇلىقىغا، ياق، مۇشۇ قورۇغا كىرىپ مۇشۇ تاللىق باراڭ ئاستىدا خانىمايىمنىڭ ئاجايىپ كۆڭۈللۈك كۈتۈشىگە ئېرىشكىنىگە بىر ئىشىنىپ-بىر ئىشەنمەي ئولتۇراتتى. ئۇ گەپنى بىر تاغدىن-بىر باغدىن قىلىۋەردى:

— غەيرىتىڭىز بار، غەيرىتىڭىز... خانىمايىم...

شۇ گەپتىن كېيىن ئارىغا يەنە جىملىق چۈشتى. پەقەت جوزا ئاستىدىكى مۈشۈكنىڭ لېۋىرغا قاراپ بويىنىنى سوزۇپ، ساغۇچ نۇر چاقنىغان كۆزلىرىنى چاقنىتىپ مىسكىن مىياۋلىشى ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى. بۇ خىل سۈرلۈك جىمجىتلىق لېۋىرنىڭ ئاغزىنىڭ ئۇچىغا كەلگەن گەپلىرىنىمۇ چېچىۋەتتى. نېمە دېمەكچى ئىدى ئۇ؟ راست، خانىمىنىڭ ئېتىز ئىشلىرىغا قارىشىپ بېرەيمۇ، دېمەكچى ئىدى. لېكىن، قانداقتۇ بىر خىل ۋەسۋەسە ئۇنى چىرمىۋالدى. بايا يۈسۈپجاننى ئىزلىگەن بولسا، ئەمدى ئۇنىڭ بولمىغانلىقىنى ئۆزىنىڭ تەلىيى دەپ بىلدى. ھازىر شۇ ھالەتتە يۈسۈپ كىرىپ كەلسە نېمىلەرنى ئويلايدۇ؟ لېۋىرنىڭ بېشىغا قانداق ئاھانەتلەرنى ياغدۇرىدۇ؟ خەلقى-ئالەم ئالدىدا يەنە قانداق بالالارنى تېرىيدۇ؟ ...

ئاشۇنداق بىر كاللەك چىگىش يىپتەك خىياللارغا بېرىلگەن لېۋىر دەرۋازىنىڭ «تاراق» قىلىشىدىن يۈرىكى «جىغغىدە» قىلىپ چۆچۈپ ئېسىگە كەلدى-دە، دەرۋازا تەرەپكە بۇرۇلۇپ قارىدى، كىرگىنى خانىمىمنىڭ كىچىك ئوغۇللىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، يۈرىكى ئورنىغا چۈشتى.

— مەن كېتەي، — دېدى لېۋىر تۇيۇقسىز ئارىدىكى يوغان قوللىرىنى ئىككى يېنىغا تىرەپ ئورنىدىن قوزغالدى.

— قۇرۇقلا ئولتۇردىلا لېۋىر ئاخۇن، — خانىمىم پەقەت شۇ سۆزنىلا ئېغىزىدىن چىقىرالىدى.

— ياقەي ...

خانىمىم لېۋىر سۈپۈرگىنى دەرۋازا ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقىپ تاكى ئۇنىڭ قارىسى يۈتكۈچە چىگىش خىياللار بىلەن ئارقىسىدىن قاراپ تۇردى. لېۋىر نېمىگە كەلگەنىدۇ؟ راست، ئۇ يۈسۈپجان بىلەن سۈپۈرگە سودىسىنى پۈتتۈرۈۋالماقچى بولۇپ كەلگەنىدى، بىراق يوق يەردىن يەنە خانىمىمنىڭ ئاشۇ دېھقانچىلىقنى بىللە قىلىشىپ بەرمەكچى بولۇۋاتىدۇ، ئۇ بۇنىڭغا خانىمىمدىن ئون تىيىن چاغلىق ھەق تەلەپ قىلمايدۇ. بۇ ئىشلار خانىمىمغا بەش قولدەك ئايان. تېخى ئۆتكەندە لېۋىر يۈسۈپكە بىرمۇنچە پۇل قەرز بېرىپ تۇردى، يۈسۈپ بۇ پۇللار بىلەن شەھەردىن نۇرغۇن مال يۆتكەپ چىقىۋالدى. ئون تىيىنلىق ئۆسۈمى يوق پۇل ئۇنىڭغا قۇيرۇق مايدەك ياقىدۇ-دە، يۈسۈپ كېيىن ئۇنىڭ پايدىسىغا ئاپىسىغا بىر موزايلىق سىير ئېلىپ بەردى. يۈسۈپ ئىشەك-تۆگىلۈكىدىن كىرىۋاتقان بۇ ئامەت، بۇ مولچىلىقنىڭ لېۋىرنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا بولۇۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. لېكىن شۇنداق كىر گەدەن، ئېتىبارسىز ئادەمنىڭ ئۆز ئانىسىنىڭ لايىقى بولۇپ قېلىشىدىن ھەزەر قىلاتتى. خانىمىمچۇ؟ ئۇمۇ ئوغلىنىڭ رايىغا باقىدۇ. ئوغۇل رازى بولمىغان ئىشنىڭ چىغىرىقىغا چىقىشىغا ئۇنىڭ كۆزى يەتمەيتتى. ئۆز كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرىدە، ئەمدى نەۋرىلىك بولغاندا، ئەرلىك بولۇپ يۈرسەم سەت بولار، دېگەن ئويلارمۇ يوق ئەمەس ئىدى...

خانىمىم دەرۋازىغا يۆلىنىپ، لېۋىر دوقمۇشتىن بۇرۇلۇپ قارىسى يۈتۈپ كەتكۈچە كۆڭلىدىن شۇ خىياللارنى ئۆتكۈزدى. پەقەت لېۋىر كەتكەن تەرەپتە مەھەللە خوتۇنلىرىنىڭ قارىسى كۆرۈنگەندىلا ئۆزىنى دالدىغا ئالدى...

## 3

خامان مەزگىلىدە يۈسۈپ توكۇلاكنىڭ دۇكىنى ھەممىدىن بەك ئاۋاتلىشىپ كېتىدۇ. چىغ سۈپۈرگە، ئارا - گۈرجەك، توشۇك - ئارقان، تاغار - مىشكاپ دېگەنلەرنى ئالدىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ. يۈسۈپ توكۇلاك سودىنىڭ مۇنداق ئالدىراش پەيتلىرىدە، پايدا - نەپ ئۇندۇرۇشقا ئۇستا. بازىرى ئۆتتىك ماللارنىڭ باھاسىنى بىردىنلا ئۆستۈرۈۋېتىدۇ. يۈسۈپ توكۇلاكنىڭ مۇنداق ئوت كەتكەن ماللىرىغا دېھقانلار يىغلاپ - قاقشىشىپ پۇل خەجلەيدۇ، پۇلى يەتمىگەنلىرى نېسىگە، خاماننى يىغىۋالغاندىن كېيىن بېرىۋېتىشكە ۋەدىلىشىدۇ. مۇنداق ھېسابلارنى يۈسۈپ توكۇلاك قاتتىق قارا تاشلىق ھېساب دەپ، مىرىگە قوندۇرۇپ قويۇۋېرىدۇ...

بۈگۈن يۈسۈپ توكۇلاك دۇكانىنى ئەتىگەندىلا ئاچتى. ئۇنىڭ خىيالى يەنە ئۆز سودىسى بىلەن بەنت ئىدى. كۆزى دۇكانىنىڭ قارشىسىدىكى چوڭ يولدىن ئۈزۈلمەيتتى. دۇكاندا ھازىر دېھقانغا زۆرۈر بولغان چىغ سۈپۈرگە، توشۇك - ئارقان، مىشكاپ دېگەنلەر سېتىلىپ تۈگىگەن، لېۋىر سۈپۈرگىنىڭ ۋەدە قىلغان چىغ سۈپۈرگىلىرى تېخى كەلمىگەنىدى. لېۋىرنىڭ ئۆزىمۇ قۇدۇققا چۈشكەن تاشتەك يوقاپلا كەتتى. «نېمە ئۇنچىۋالا بوزەك قىلىدۇ مۇنۇ سۈپۈرگە!» ئۇ ئاچچىقلاندى، پوكەيگە جەينىكىنى قويۇپ، ئۇدۇلىدىكى چوڭ يولدىن كۆزىنى ئۈزمەي بىرھازا قاراپ تۇردى. دۇكانىنىڭ سودىسىز قېلىشى ئۇنى تىت - تىت قىلاتتى. تاماكىنى ئارقا - ئارقىدىن چەكتى. ئۇ بۈگۈن لېۋىر سۈپۈرگىنى نەدىن بولمىسۇن تېپىشى كېرەك. ئەمما، ئۇنى دەپ دۇكانىنى تاقاپ قويغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ خىيالىغا ئاپىسى ئۈچۈن ئېلىپ پوكەينىڭ ئاستىغا تىقىپ قويغان بىر بوي توشۇك ئارقان بىلەن ئون دانە مىشكاپ كەلدى. تېخى باياتىنلا نەچچىسى شۇ نەرسىلەرنى سوراپ كەلدى، لېكىن يۈسۈپ توكۇلاك ئۇلارغا دولىسىنى چىقاردى. بەزىلىرى يۈسۈپ توكۇلاكنىڭ ئاشۇنداق مىجەزىنىڭ بارلىقىنى بىلگەچكە تىقىپ قويغىنىنى بار دەپ، يالۋۇرۇشتى، تاپىنىنى سۆيگۈدەك بولۇشتى. بىراق، ئانىسى خانئايىم ئۆتكەندە:

— توشۇك كەلسە، بىر تۇلۇقلۇق ئېلىپ قويغىن، مىشكاپنىمۇ ئۇنۇتما...— دەپ تاپىلىۋىدى. ئۇنىڭ بۇ قېتىم ئاپىسىنىڭ سۆزىنى يەردە قويغۇسى كەلمىدى. خوتۇنى ئۇقمىسىلا بولدى، كېيىن ئۆيدىكى قوي - كالىلىرىغا ئاپىسىنىڭ خامىنىدىن سۈتتەك ئاپئاق ساماندىن بىر - ئىككى ھارۋا توكۇۋالىدۇ - دە... ئۆزىنىڭ نەپسىنى دەپلا، چوڭ ئۆينىڭ خامىنىنى ھۆل - يېغىنغا قويسا، تاپا - تەنىدىن قۇتۇلالامدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇكىلىرىمۇ ئۇششاق. نېمىدېگەن بىلەن ئانا - دە! مانا شۇ سەۋەبتىن، ئۇ دۇكان ئىچىدە خۇددى پۇتى كۆيگەن توخۇدەك تېپىرلاپ قالدى.

— نېمىشقا ئۇلارنىڭ بىرەرسى بولسىمۇ كەلمەيدىغاندۇ؟ — تىت - تىت بولۇپ شىۋىرلىدى ئۇ، — ئاپامۇ - زە، بىر يۈسۈپنىڭ ئون قولى

بارده‌ك، هه‌ممىگه ته‌ك يېتىشه‌له‌يدىغانده‌ك
قىلىدىكىنه‌...

ئۇنىڭ خىياللىرى زادىلا ئۈزۈلمه‌-
دى، ئاچچىقىمۇ بېسىلمىدى. ده‌ل شۇ
چاغدا لېۋىر سۈپۈرگه دۇكانىنىڭ بېقىنىدى-
كى يولدىن «جېنىم جورام»نى غىڭشىپ
ئېيتىپ، ئالدىرىماي دۇكانغا كىرىپ كه‌ل-
دى. ئۆز خىيالى بىله‌ن ئاۋاره بولۇپ
تۇرغان يۈسۈپ توكۇلاڭنىڭ ئۇنى كۆرۈپ
كۆڭلى ئىمىن تاپتى.

— سه‌نمىدىڭا، ناخشاڭنىڭ خېلى مۇ-
ڭى بارغۇ لېۋىر ئاكا؟— دېدى ئۇ سه‌ل
هه‌يران بولۇپ.

— سېنى ئاڭلامدىكىن، ده‌پ ئېيتىۋاتىمه‌ن،— دېدى لېۋىر سۈپۈرگه پوكه‌يگه
يېقىنلاپ كېلىپ ۋه يېنىدىن ئون تىيىن
چىقىرىپ، يۈسۈپ توكۇلاڭنىڭ ئالدىغا
تاشلىدى،— كۆكىدىن ئون تىيىنلىق به‌ر-
گىنه‌.

— ئۆرگۈلۈپمۇ، چۆرگۈلۈپمۇ ئاشۇ
بىر ناخشىنى ئېيتىدىغان بولۇۋالدىڭ،—
دېدى يۈسۈپ توكۇلاڭ پۇلنى ئېلىۋې-
تىپ،— خۇددى باشقىسى يوقته‌ك...

— شۇنىلا ئېيتقۇم كېلىدىغۇ-تاڭ...

يۈسۈپ توكۇلاڭ لېۋىر سۈپۈرگىگه
زه‌ڭ سېلىپ هه‌يران بولدى: لېۋىر سۈپۈر-
گه ئۇچىسىغا يېڭى قارا چىبه‌رقۇتتىن
شىم-تۇجۇركا، بېشىغا گۈللۈك مه‌نچىس-
تىر بۆك كىيىپ، چاچ-ساقاللىرىنى پاكىز
ئالدۇرغانىدى. ياز ئاپتىپىدا كۆيگه‌ن
چىرايىدىن شاد-خۇراملىقى چىقىپ تۇ-
راتتى.

— بۆله‌كچىغۇ سه‌ن،— دېدى يۈسۈپ
توكۇلاڭ ئۇنىڭغا باشتىن-ئاياغ بىر قۇر
زه‌ڭ سېلىۋه‌تكه‌ندىن كېيىن،— قېرىغىنىڭدا
قىر چاپاي ده‌مسه‌ن نېمه‌؟ ئالدى بىله‌ن
يۈرىكىڭه قولۇڭنى سېلىپ كۆرۈپ، ئاندىن
بىرسىنىڭ ئېتىكىنى تۇت جۇمۇ، بولمىسا
په‌شۋا يه‌پ كه‌تمه‌!

يۈسۈپ توكۇلاڭنىڭ كېيىنكى گه‌پ-
لىرىنىڭ خېلى ۋه‌زنى بار ئىدى. ئۇ چاق-
چاق قىلغانده‌ك كۆرۈنسىمۇ، ئه‌مما كۆڭ-
لىدىكى قانداقتۇ بىر يوشۇرۇن ئاچچىقىنى
چىقىرىۋالغانده‌ك قىلاتتى. بۇ گه‌پنى ئۇ لېۋىر
سۈپۈرگىگه ئه‌تەي دارىتمىلاپ قىلغانىدى.
لېۋىر سۈپۈرگىمۇ هۇش-كاللىسى جايىدا
بولغاچقا، هه‌ممىنى چۈشه‌ندى، خىجىللىق-
تىن بويۇنلىرىغىچه شه‌لپه‌رده‌ك قىزاردى.
هېلىمۇ ياخشى دۇكاندا باشقا خېرىدار
يوق ئىدى.

— موخۇركاڭدىن ئون تىيىنلىق
قۇيساڭچۇ، ئۇنۇتتۇڭمۇ؟— ئارانلا غۇڭشى-
دى لېۋىر سۈپۈرگه گه‌پنى ئه‌تەي بۇ-
راپ،— ئاچچىقىدىن دېدىمغۇ ساڭا...

— توختا، ئالدىرىما... ئېيتقىنا،
لېۋىركا، دۇگۋارىڭنى ئۇنۇتمىغانسه‌ن-هه‌؟!—
يۈسۈپ توكۇلاڭ پوكه‌ي ئۈستىگه چېچىل-
غان تاماكا ئۇۋاقلىرىنى ئالىقىنى بىله‌ن
سىيپاپ ئېلىپ ئۆزىنىڭ تاماكا تاغىرىغا
تۆكتى. ئۇنىڭ بايىقى زاڭلىق، كىنايه
ئارىلاش سۆزلىرى ئه‌مدى پۈتۈنله‌ي مۇلا-
يىمىلىق، سىلىق-سىپايىلىققا ئۆزگه‌رگه‌-
نىدى،— هه‌قىچان قه‌غىزىڭمۇ تۈ-
گىگه‌ندۇ، مه‌، ئال بىكىرىغا... ياق،
دېمه‌...

لېۋىر هېجىيىپ قويۇپ سوردى:

— دۇكىنىڭغا تۇشۇڭ كه‌پتۇ، ده‌پ
ئاڭلىۋىدىم، بولسا، بىر تاشلىق به‌رمه‌-
سه‌ن، مىشكاپتىنمۇ ئۇنىنى به‌رگىن.

— ئۆزۈڭ نه‌دىسه‌ن، لېۋىركا؟— تى-

كىلدى يۈسۈپ توكۇلاك كىچىككىنە قۇلاق-
لىق ئەينەك رۇمكىدا ئۆلچىگەن تاماكىسىنى
لېۋىرنىڭ يېڭى چىبەرقۇت چاپىنىنىڭ يان-
چۇقىغا قويۇۋېتىپ.

— نەدە بولاتتىم، خاماندا...

— توشۇك، مىشكاپلارنىڭ تۈگمىلىرى نې-
كەم،— قولىنى شىلتىدى يۈسۈپ توكۇلاك.—
ئۆزۈڭ بىلىسەن، بۇ كۈنلەردە توشۇك بە-
لەن مىشكاپ تۇرامدۇ دۇكاندا، بالدۇرراق
مۆرىسەڭ بولماسمىدى، ئەمدى-زە...

— ئەكە، تىقىپ قويغانلىرىڭدىن بەر،
ئاي ئۆتۈپ، يىل ئۆتۈپ سەندىن سورى-
غىنىم شۇغۇ يۈسۈپجان. بەك ھاجىتىم
چۈشۈپ قالدى، قۇرۇق قول قايتماي،—
لېۋىر سۇپۈرگە يۈسۈپ توكۇلاكنىڭ كۆ-
زىنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ تۇرۇپ سورىدى.

— بوسۇغامغا دوقۇرمايدىغان ئادەم
بارمۇ جاھاندا؟— دېدى يۈسۈپ توكۇلاك
قىزارغان ھالدا بوغۇلۇپ،— ھېلىغۇ سەن،
ئەترەتنىڭ كادىرلىرىدىن تارتىپ چاچلى-
رى تېقىمىدا سويلاپ تۇرۇدىغان چوكان-
لارمۇ ماڭا كېلىپ نازلىنىدۇ، دېگىنە. سەن
تېخى نەدىكى گەپلەرنى قىلىسەنكەن لېۋىر-
كا، سەندىن يوشۇرغان مال ھارام.

يۈسۈپ توكۇلاك ئەنە شۇنداق سۆز-
لەر بىلەن ئۆزىنى ئاقلىدى، ئەمما، ئۇنىڭ
بىر پۇتى پوكەي ئاستىدىكى قۇرۇقدالغان
كونا چاي مىشكاپلىرىنىڭ ئاستىغا باستۇ-
رۇپ يوشۇرۇپ قويغان توشۇك ئارقان
بىلەن مىشكاپلارنى تېخىمۇ مەھكەم يوشۇ-
رۇش ئۈچۈن ھەرىكەتلىنەتتى، كۆڭلىدە
بولسا تۈرلۈك خىياللار كېزەتتى: «سەن
ماڭا ھەرقانچە ياردەم قىلدىڭ، دېگىنىڭ
بىلەن ئۆز ئاپامدىن ئارتۇق ئەمەسسەنغۇ.
پۇل قەرز بەرگەن بولساڭ، شۇ پېتى ئال-
سەن، ساڭا ئەمەس، پۇللىرىڭنىڭ بىكار
ياتقىنىغا ئىچىم سىرىلىپ دوملىتىپ تۇراي
دېدىم. سەن بولساڭ ئۇنى ئوچاقنىڭ
كۈلىنى سورىغاندەك سوراپ تۇگەتكەن
بولاتتىڭ، سەن...»

لېۋىر سۇپۈرگىنىڭ خىيالى بۆلەكچە
ئىدى، ئۇ يۈسۈپ توكۇلاكنىڭ
بايىقى جاۋابىدىن ئۆزىدە قانداقتۇر بىر
ئوڭايسىزلىق سېزىپ، پوكەيگە يۆلەنگىنى-
چە ئۇنىڭغا قاراپ جىممىدە تۇرۇپ قالدى،
يانچۇقىدىكى موخۇركىسىدىن بىر ئورام
ئېلىپ چەكتى. ئۇ تاماكا ئىسىنى قويۇق-
قويۇق سۈمۈرۈپ پۈۋلەيتتى. ئۇنىڭ بۇ
تۇرقىدىن قانداقتۇر بىر ئىنتايىن مۇھىم
ئىش ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتقانلىقى ئې-
نىق ئىدى. ئۇنىڭغا يۈسۈپ توكۇلاك يال-
غان ئېيتىۋاتقاندەكلا قىلاتتى.

— يۈسۈپ توكۇلاكنىڭ يەنە ۋايساش-
لىرى لېۋىر سۇپۈرگىنىڭ خىيالىنى
بۆلدى.

— سېنىڭدىن مال ئالىمدىم لېۋىركا،
بەرسەم پايدىسى يەنە ماڭا تۇرسا، قىزىق-
كەنسەن؟...

... — تىقىپ قويغىنىڭمۇ يوقمۇ؟— سو-
رىدى لېۋىر سۇپۈرگە يۈسۈپ توكۇلاكقا
يالۋۇرۇپ،— مېنىڭدىن باشقىسىغا تازا ئۆرە
ساتاي دەمسەن-يە؟ قانچىلىك ئۆرە سات-
ساڭ، شۇنچىلىككە ئالىمەن.

— راستمۇ؟— بىردىنلا دوكاغا چۈش-
كەندەك قىزىشىپ ۋارقىرىدى يۈسۈپ تو-
كۇلاك.

— بىلىگە ئىككى مېتىر رەخت باغلى-
غان ئوغۇل بالىسىنىڭ يالغان ئېيتقىنىنى
نەدە كۆرگەنسەن؟— بوش كەلمىدى سۇ-
پۈرگە.

— ئەمسە، بىر بوي توشۇڭغا قىرىق سوم بەر،— يۇسۇپ توكۇلاك بۇلى چاقچاق قىلىپ ئېيتسمۇ، ئەمما بىر خىل غالىبلاردەك كىدىيىپ تۇرۇپ دېدى،— قانداق، چىدامسەن؟

لېۋىر سۇپۇرگە ئۇنچىقماي مەيدە يانچۇقىدىن بىر تاتازا پۇل چىقىرىپ، قولىغا تۇكۇرۇپ تۇرۇپ سەككىز قەغەزنى ئاجرىتىۋالدى - دە، پوكەي ئۈستىگە «پاقىدە» قويدى.

— چىدىغانىغا چىقارغان، گېپىڭ گەپ جۇمۇ، يېنىۋالغىنىڭغا قويمايمەن!

لېۋىرنىڭ گېپى قەتئىي ئىدى. بۇنىڭغا قاراپ يۇسۇپ توكۇلاك ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى.

— قانداق؟ يەنە بەرگىنىڭ كەلمەيۋاتامدۇ؟ ئەمدى پايدا قوغلاشماي بەرگىن...

— ۋاھ، گېپىڭنى قارا سېنىڭ. يېنىڭنى چاغلاپ، ئەتراپىڭغا بېقىپ گەپ قىل جۇمۇ لېۋىركا، زىيان دېگەن ئاچچىق، ئىچىڭ ئېچىشىپ، مەھەللىنى سېتىۋېتىپ كەتمە يەنە.

— ئۆلسەممۇ گېپىمدىن تانمايمەن، ئەكە توشۇڭنى، مىشكاپىتىنىمۇ بەشنى بەرگىن، ئۇنىڭغىمۇ دېگىنىڭنى ئال...

يۇسۇپ توكۇلاك چاقچاقىنىڭ چىڭىغا چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ بىردىنلا چىرايى ئۆزگەردى، ئەمما دەرھال ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى:

— چاقچاق قىلدىم، چاقچاق،— ھىجىيىپ تۇرۇپ دېدى ئۇ،— بولسا بەرمەيتتىممۇ، لېۋىر ئاكا، دۇكاندا مېنىڭ دېگىنىم ھېسابقۇ...

لېۋىر سۇپۇرگە نېمىندۇر ئويلىنىپ قالدى. ئاندىن ناھايىتى جىددىي ھالدا يۇسۇپ توكۇلاكنىڭ قۇلىقىغا يېقىن كېلىپ پىچىرلىدى:

— راست، سېنىڭ سۇپۇرگەڭنى ياساپ بېرەلمەيدىغان بولدۇم، جۇمۇ!

— نېمىشقا ئەمدى؟ ئوقاقىقا دوقاق قىلاي دەۋاتامسەن، نېمە؟— يۇسۇپ توكۇلاكنىڭ تەرى تۇرۇلدى،— ئۆتكەندە چاتاق يوق، دەپ مەيدەڭگە مۇشتلاۋاتاتتىڭ، ئەمدى - زە يەل قويۇۋېتىپسەن - دە، يوق گەپنى قىلما، سۇپۇرگەڭنى ياسىۋەت.

— دېدىمغۇ، ياسالمايمەن، دەپ، چىغنىڭ ئىگىسى چىقىپ قالدى.

— نېمىشقا ئەمدى؟ سېتىۋەتتىڭمۇ يە؟ ئەمسە ياسىۋەتمەمسەن؟ بوپتۇ، بىر سوم ئۆرلىتەي باھاسىنى، ئۈچ سوم سەكسەن تىيىندىن بېرىمەن، قانداق؟ بۇنىڭغىمۇ گەدەن قاشلاپ تۇرامسەن ئەمدى؟

— دېدىمغۇ ... ئون سوم ئۆرلەتسەڭمۇ ياساپ بېرەلمەيمەن!

— بۇ نېمە قىلغىنىڭ لېۋىركا؟— دېدى يۇسۇپ توكۇلاك تېخىمۇ چېچىلىپ،— تىلىڭنى قارلىغاچ چوقۇلىۋالمىغاندىكىن، بۇرۇنىراق مۆرىسەڭ بولماسمىدى، جىقراق پايدا ئۇنىدىغان دوكا چىقىرىۋاتامدۇ - يە؟ تولا نىيىتىڭنى ئالا قىلماي ياساپ بەر، خەق بەرگەننى مەنمۇ بېرەلەيمەن!...

— ياقەي، نەدىكى گەپلەرنى قىلىدىسەن - دە، يۇسۇپجان...

يۇسۇپ توكۇلاك لېۋىر سۇپۇرگە بىلەن خېلى ئۇزاق تالاشتى. ئاچچىقمۇ قىلدى، لېكىن لېۋىر ئاشۇ بىرلا گېپىدە چىڭ تۇرىۋالدى. يۇسۇپ ئۇنىڭغا

ئاغزىنىڭ بىر قەۋەت تېرىسى چۈشۈپ كەتكۈدەك سۆزلەپ يالۋۇردى. چۈنكى ئۇ لېۋىرنىڭ سۈپۈرگىلىرىنى ئېلىشقا ئاشىق ئىدى. بۇ مەھەللىدە سۈپۈرگە ياسايدىغانلاردىن بىرلا لېۋىر ئەمەس ئىدى، لېكىن چىغى لېۋىرنىڭكىدەك سەرخىل ئەمەس ئۇلار قول ئۇچىدىلا قىلىدۇ، بوش ياسايدۇ، تۆگگە ئورنىدا سىم چولاپ قويىدۇ. لېۋىرنىڭچۇ؟ باشقىچە، تۆگگە قويىدۇ، ساپلىرىمۇ تۈز، كىشىنىڭ قولىغا ئەپلىشىپ كېلىدۇ، خېرىدارىمۇ شۇنداق كۆپ. ھەتتا ئۇنىڭ سۈپۈرگىسىنى مەھەللىدىكىلەر بىر قاراپلا باشقىلارنىڭكىدىن ئايرىۋالالايدۇ. يۈسۈپ توكۇلاكنىڭ سودىسى لېۋىرنىڭ سۈپۈرگىلىرى بىلەن ئاقىدۇ... ئەمدى نېمىدەپ ياساپ بەرمەس بولۇۋالدى؟ ئازراقلا باي بولۇپ، كۆزىگە ماي تولۇپ، دوپپىسىنى قىرلىغۇدەك كۆرەڭلەپ كەلگەن بۇ لېۋىرنى تازا بىر كېلىشتۈرۈپ تويغۇزۇپ قويسۇنمۇ؟ ياق، ئۇنداق قىلغان بىلەن كېيىن سۈپۈرگىلىرىنى ئۇنىڭغا بەرمەس بولۇۋالدۇ، ئۇ چاغدا...

يۈسۈپ توكۇلاك ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە يەنە بېسىقىغا چۈشتى:

— ئۇنداق قىلماي ياساپ بەر! — دېدى يۈسۈپ توكۇلاك يالۋۇرغان تەلەپپۇزدا، — ئىككى كۈن تىزىڭنى بېسىپ ئولتۇرساڭ، قولۇڭدىن چىقىرىۋېتىسەن، لەۋزىمنى يەردە قويماسسەن - ھە؟!

— دېدىمغۇ، ياسالمايمەن، چىغىنىڭ ئىگىسى چىقىپ قالدى، دەپ...

— ماڭغىنا، راستلا تىكىشىڭ توختىمايدىكەن لېۋىركا، باياتىن سېنى چاقچاق قىلىۋاتىمەن، دەپتىمەن، — سەل - پەل ئۆڭدى يۈسۈپ توكۇلاك، — سېنىڭ بىلەن ئېلىم - بېرىم قىلىشىمىز شۇ يەرگىچە ئوخشايدۇ ئەمدى...

بۇنىڭغا جاۋابەن لېۋىر سۈپۈرگە چۈشىنىكسىزلا غۇڭشۇپ قويدى - دە، دۇكاندىن چىقىپ كەتتى. يۈسۈپ توكۇلاك ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يەرگە قاتتىق بىر تۈكۈرۈۋېتىپ تىل سالدى...

4

قىر ياقىلاپ كېلىۋاتقان يۈسۈپ توكۇلاك ئېرىق قېشىغا كولانغان كۆلچەكنىڭ بويىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ ئىچىدىكى لەش باغلاپ كەتكەن سۇغا چىلانغان چىغ باغلىرىغا تىكىلىكىنىچە تۇرۇپ قالدى.

«ئىستەي... سۈپۈرگە باغلايدىغان شۇنداق ئېسىل چىغنى باغلىقا زايە قىلغان قايسى ئەخمەقنىڭ ئىشىكىنە بۇ؟ ئېشەكنىڭ قۇلىقىنى تۇتۇپ باقمىغان بىر گىرىيىنىڭ ئىشىغۇ بۇ! — يۈسۈپ توكۇلاك ئىچ - ئىچىدىن ئۆرتەنگەن ھالدا ئەتراپقا قارىدى، — ئىستەي، دېھقانىنىڭ ئىشىنى ھارام يەيدىغان نەرسە ئىكەن - دە بۇ ... ئىست، ئىست... 40 سۈپۈرگە چىقتى دېسەڭمۇ، ئۈچ سومدىن، ياق، ئۈچ سوم سەكسەن تىيىندىن تۇتقۇزمايدۇ جۇمۇ شۇنداق بولدى دېسەك، مانا جەمئىي بولدى 152 سوم. ۋاھ، ئاز پۇلمۇ بۇ؟ ئەنە شۇنداق قىپقىزىل پۇلنى سېسىق كۆلنىڭ لېشىگە تېگىشىۋەتتىڭ دېگەن گەپ - تە، يەنە كېلىپ ئوتتەك پۇل بولۇۋاتقان مانا شۇنداق كۈندە - ھە! ئىگىسى نەدىكىنە بۇنىڭ؟ تازىمۇ دۆت نېمىكىنا بۇ...»

ئۇ مەيلى كىمنىڭ بولمىسۇن، سۇ كىرىۋاتقان كۆلچەك ئىچىقىنى قولى بىلەنلا ئەتمەكچى بولۇپ قىر بېشىغا ئېگىشتى.

«ئەتمە ئاكا!...» يۇسۇپ توكۇلاك بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ كەينىگە بۇرۇلدى. بۇ ئۇنىڭ 12 ياشلاردىكى ئاق يۈز، بوتىلاقتەك قارا كۆزلىرى مۆلدۈرلەپ تۇرۇدىغان ئىنىسى ياقۇپ ئىدى. ئۇ ھازىرلا قوناقلىقتىن چىققانىدى.

— بۇ كىمنىڭ؟ — سورىدى يۇسۇپ ئىنىسىدىن.

— بىزنىڭ بولمامدۇ، — چۆكۆلدىدى بالا.

— قانداقسىگە بىزنىڭ بولىدۇ؟ — يۇسۇپ توكۇلاك ئىنىسىنىڭ ئۆزىگە چاقچاق قىلىۋاتقانلىقىنى ياكى يالغان سۆزلىگىنىنى پەرق قىلالماي قايتىلاپ سورىدى. لېكىن، بالا ئۇنىڭسى تېخىچە تارتىلمىغان ئېگىزغا كىرىپ كېتىۋاتقان كاللارنى كۆرۈپ، جاۋاب بەرمەستىن ئالدىراپ-تېنەپ يۈگۈرۈپ كەتتى. يۇسۇپ توكۇلاك تېگىرقىغىنىچە تۇرۇپ قالدى.

«نېمە دەيدۇ مۇنۇ، ئالجىپ قالمىغاندۇ؟ يۇسۇپ توكۇلاك ئاشۇ پىچىرلاشلىرى بىلەن خامان تەرەپكە ئاستا بۇرۇلدى...

كۈن تىكلەشكەنىدى. خامان تەرەپكە ئۆتىدىغان ئېگىزلىقتىكى بۇغداي كۆتىچەكلىرى ئۇنىڭ ئاستىدا شىلدىرلايتتى، تىزلىرىغا قوقاق تىكەن سانجىلاتتى، ئۆزۈندىن بۇيان توپا قونمىغان ئىشتان پۇشقىقىغا نېپىز بىر قەۋەت چاڭ قوندى. ئۇ ئالدىدىكى خاماندا مىدىرلاۋاتقان كىشىلەرنىڭ كىملىكىنى ئايرىۋېلىش ئۈچۈن قولىنى سايىۋەن قىلىپ قارىدى، خامان چېتىدىكى كەپە ئالدىدا بىر ئايال ياغلىقىنى پېشانىسىگىچە چۈشۈرۈۋېلىپ ئولتۇرۇپ قولىدىكى توقماقتا يەرگە يېيىتىلغان بىر دۆۋە نەرسىنى ھەدەپ سوقماقتا ئىدى، خاماندا بولسا ئاق قالپاقنى قېشىغىچە باستۇرۇپ كىيگەن بىر كىشى ئىككى تاشلىق تۇلۇقنى ھەيدەۋاتاتتى. يۇسۇپ توكۇلاك دۈمبىسىگە ئارتىۋالغان مىشكاپنى يەرگە قويۇپ، تۇلۇقچىنىڭ قېشىغا كەلدى.

— تىر... ر... ر...ۋوي ۋۇي، جانىۋارلار! — تۇلۇقچى ئاتلىرىنى توختىتىپ، قېشىغىچە باستۇرۇپ كىيىۋالغان ئاق قايرىما قالپىقىنى پېشانىسىدىن نېرى سۈرۈپ قويۇپ، غارامنى دەسسەپ ئۆتكىنىچە يۇسۇپنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— يۇسۇپجان!...

— سەنمىدىڭ؟! — دېدى يۇسۇپ توكۇلاك ھاڭ-تاڭ بولۇپ. ئۇ يەنە نېمە دېيىشىنى بىلمەي بىر پەس تۇرغاندىن كېيىن ئارانلا زۇۋانغا كىردى، — ئاۋۇ كۆلچەكتىكى سېنىڭ چىغلىرىڭمۇ؟ سۈپۈرگىلىرىم يۇسۇپكە كەتكۈچە پاقا لەشلىرى ئىچىدە چىرىپ كەتسۇن دەپسەن-دە، ھە؟

— ياقەي، يۇسۇپجان... بۇلارنى ئاشۇنداق قىلغاچقا مۇنۇ خامان مېڭىۋاتىدۇ، دېگىنە، — يەنە كۈلدى لېۋىر سۈپۈرگە ئارىدەك يوغان قوللىرىنى ئىككى ياققا كېرىپ پۇلاڭلىتىپ، — مانا كۆرۈپ تۇرۇپسەن، خامان ئېلىۋاتىمىز، ئەمدى ياردەمىڭ بولسا قىل.

— بۇ كىمنىڭ خامىنى؟! — يۇسۇپ توكۇلاك بۇ گەپنى ئاغزىدىن ناھايىتى تەستە چىقىرىپ، غارامنى ئىشارە قىلدى.

— كىمنىڭ بولاتتى؟ — جاۋاب بەردى لېۋىر گەدىنىنى قاشلاپ تۇرۇپ، — ئاپاڭ خانئايىمنىڭ بولمامدۇ.

بۇ گەپ بىلەن تەڭ يۇسۇپ توكۇلاڭ بويۇنلىرىغىچە شەلپەردەك قىزاردى. ئۇ نېرىدقى خامان چېتىدە ئىشقى - زوقى بىلەن نەم چىغلارنى كالتەكلەپ يۇمشىتىۋاتقان ئاق ياغلىقلىق ئايالنىڭ ئۆز ئانىسى خانئايىم ئىكەنلىكىنى بىلىپ نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالدى.

يۇسۇپ توكۇلاڭ ئويىغا بىر ئىش كەلگەندەك ئىتتىك تۇلۇق ئاتلىرىنىڭ قېشىغا باردى. غارام ئاستىغا تۇمشۇقلىرىنى تىقىپ كورسىلدىتىپ بۇغداي يەۋاتقان ئاتلار يېنىغا يات بىر ئادەمنىڭ كەلگىنىنى كۆرۈپ يانلىرىغا پۇشقۇرۇپ قويۇپ يەنە غارامغا بويۇن سوزۇشتى. يۇسۇپ تۇلۇق تۇۋىگە زوڭزىيىپ، تۇلۇق تۆشۈكلىرىنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ قاراشقا باشلىدى. ئۇ بۇ تۇلۇق ئارقىنىنىڭ چىگە توشۇك بولماي، بەلكى ئانىسى كۆتەك ئۈستىگە قويۇپ سوقۇۋاتقان نەم چىغلاردىن تاشتەك قاتتىق ئىشلىگەن كۇلا ئىكەنلىكىنى بىلىپ ھەيران بولدى. لېۋىر ئۇنىڭ پۈتۈن ھەرىكىتىگە كۆز ئۈزمەي قاراپ كۈلۈمسىرەيتتى.

— مېنىڭ توشۇكۇم بولمىسىمۇ ئىشلىك يۇرۇشۇپتۇ، دەپ ھەيران بولۇۋاتامسەن نېمە، يۇسۇپجان؟ — لېۋىر سۈپۈرگە ئاق سەدەپتەك بېجىرىم چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ھىجايدى.

— چىغ ئىكەنغۇ؟ — ھەيران قالغىنىدىن توۋلاپ كەتتى يۇسۇپ توكۇلاڭ، — چىغدىن ئېشىپسەن - ھە!... ۋاھ، ئويلىمىغان ئىشلارنى قىلىپسەن - دە، ئۆزۈڭ...

يۇسۇپ توكۇلاڭ ئورنىدىن تۇرۇپ ئەتراپىغا قارىدى. نېرىدا پاكىز سۈپۈرۈپ قويۇلغان يەردە ئون نەچچە باداڭ تۇراتتى. ئۇنىڭدا قىپقىزىل ئۈنچىدەك چەشلەنگەن بۇغدايلار لىپمۇلىپ قاچىلانغانىدى. يۇسۇپ توكۇلاڭ يەنە يۈگۈرۈپ دېگۈدەك قاتار تۇرغان باداڭنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇنى تۇتۇپ كۆردى، ئەتراپىدا بىردەم ئايلاندى، كۆركەم، تاشتەك قاتتىق، ھەم توقۇلغان بۇ باداڭنى كۆرۈپ تېخىمۇ ھەيران بولدى.

— بۇ نېمە؟ — ۋارقىرىغاندەكلا سورىدى يۇسۇپ توكۇلاڭ، — باداڭ دېدىڭمۇ؟ بۇنىمۇ چىغدىن توقۇپسەن - دە بۇنى قانداق توقۇدۇڭ؛ ھە ... مىشكاپ بولمىسىمۇ ... ۋاھ، بۇ مىشكاپتىنمۇ چىڭ ئىكەنغۇ. ھەر بىرىگە 150 كىلودىن بۇغداي سىغىدۇ دېدىڭمۇ، ئۇنداقتا مىشكاپ دېگەننى ... نېمە قىلىدۇ.

لېۋىر سۈپۈرگە خۇددى يەردىن يەنە بىر گەز ئېگىز كۆتۈرۈلگەندەك بولۇپ، كۆكرىكىنى كېرىپ - كېرىپ قويدى، پاكىز چۈشۈرۈلگەن ئېڭىكىنى قايتا - قايتا سىلىدى، بۈگۈنكى بۇ ياخشى ئىشىدىن، يۈرىكىدىكى خۇشاللىق ھېس - تۇيغۇلىرىدىن پۈتۈن تېنى جۇغۇلداپ تىترىگەندەك قىلدى. يۇسۇپ توكۇلاڭ لېۋىر سۈپۈرگىنىڭ بۇ ھەرىكىتىگە قاراپ بىر قىسما ئويلارنى ئويلىدى:

«تۇلۇققا چىدىنغۇدەك قانداق چىغ ئارقانىكەن بۇ؟ مۇنۇ باداڭ دەۋاتقان چىغ سېۋەتچۇ تېخى، بۇنىسى ھەممىدىن ئارتۇقكەن! بۇ كىمنىڭ تاپقان ئەقلى ئىكەنا؟ ئەگەر مۇنۇ ئاغزىنى ئونىنچى كالاچتەك كېرىپ كالچايتىپ، ھىجىيىپ ماڭا چوڭچىلىق بىلەن قاراپ تۇرغان لېۋىر

سۈپۈرگىگە مۇشۇ ئىشلارنى سەن تېپىپ قىلۋاتامسەن-يە، دەپلا قويسام، ئۆزىنى قويارغا يەر تاپالماي مېنىڭ ئالدىمدا تېخىمۇ كۆرەڭلەپ كېتەر... دېمىسىمۇ، قارىغىنا خۇددى بىر شەھەر ئېلىپ بېرىۋاتقاندەك خامانىڭ ئوتتۇرىسىدا قاققان قوزۇقتەك قېتىپ تۇرغىنىنى... دېسەم-دېمەسەم قاراپ تۇر، هازىرلا شۇ گەپنى قىلىدۇ بۇ...»

— بۇ كىمنىڭ تاپقان ئەقلى؟ — سورىدى يۈسۈپ توكۇلاك ئولتۇرغان ئورنىدا بىر تالاي خىيالنى قىلغاندىن كېيىن، بۇغداي قاچىلانغان باداڭلارنىڭ قېشىغا تاشلاپ قويۇلغان چىغ كۆلىسىنى يەنىلا ئۆرۈپ-چۆرۈپ قاراۋېتىپ.

— كىمنىڭ بولاتتى، — جاۋاب بەردى لېۋىر سۈپۈرگە تامىقىنى قىرىپ قويۇپ. ئۇ، يۈسۈپكە يېقىنلاپ، چويۇندەك قاتقان داق يەرگە تىزلىنىپ تاماكا خالتىسىنى چىقاردى-دە، داۋام قىلدى، — ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ ئەقلى بولمامدۇ، يەنە كىمنىڭ بولاتتى، يۈسۈپجان... ئۇلاردىن بىزگە مىراس بولۇپ قالغان هۈنەر بۇ. ئۇلار ئۆز زامانىسىدا ئەنە شۇنداق كۆلا، ئەنە شۇنداق باداڭلار بىلەن تاغدەك-تاغدەك خامانلارنى ئالاتتى، يەنە تېخى كۆشۈك ياساپ سامان توشۇيتتى، سۈپۈرگىلىرىنىمۇ بىللە هەيدەپ تۇراتتى. ئۇ زامانلاردا هازىرقىدەك توشۇك-ئارقان، مىشكاپ دېگەنلەر يوق ئىدى-دە، ئۇلارنىڭ ئىشى مانا بۈگۈنكى كۈنلۈكتە يەنە ئەسقاتتى، دېگىنە. قېشىڭغا بارسام توشۇك تۈگەپتۇ، سۈلياۋ توشۇكمۇ يوقكەن، مىشكاپمۇ سېتىلىپ بوپتۇ. قارىسام ئاپاك خانىڭ ئايىممۇ تېخى خامىنىنى يىغىپ ئالالمىدى. هۆل-يېغىنغا قالمىسۇن دېدىم-دە، ساڭا دۈگۈرلاشقان 105 دانە سۈپۈرگىنىڭ چىغىنى سەن كۆرگەن كۆلچەككە تاشلىدىم. بىز دېھقان خەقكە ئاش كېرەك، دېگىنە.

يۈسۈپ توكۇلاك يەنە شەلپەردەك قىزاردى، ئۆزىدىن سەل نېرىدىلا تۇرغان بايىقى مىشكاپنى ئەكېلىپ ئاغزىنى ئاچتى-دە، ئىچىدىكى توشۇك-ئارقان بىلەن قاتلاغلىق يېڭى مىشكاپلارنى چىقاردى.

— دۈكىنىڭغا يەنە توشۇك، مىشكاپ كەپتۇ-دە، رەهمەت، كايىپسەن، يۈسۈپجان! سەن ئاۋارە بولۇپ ئەكەلمىسەڭمۇ بولاتتى، ئۆزىمىز...

يۈسۈپ توكۇلاك زۇۋان سۈرەلمەي قالدى، بويۇنلىرىغىچە شەلپەردەك قىزاردى، لېۋىنى قاتتىق چىشلىدى، «لېۋىر سۈپۈرگىنىڭ قالتىس هۈنىرى بار ئىكەن جۇمۇ، نەچچە زاماندىن بېرى ئەسكى چاپان ئىچىدىمۇ ئادەم بارنى بىلمىگەن گەپ-تە. بۇ ئۇنىڭ نەلەردە يۈرۈپ ئۆگىنىۋالغان هۈنىرىدۇ-هە!» دەپ ئويلىدى.

يۈسۈپ توكۇلاك نېمە دېيىشىنى بىلمەي تېخىمۇ ئۇجۇقتى. ئۇ ئۆزىنى باي، هەممىدىن زېرەك، پەم-پاراسەتلىك سانىغىنى بىلەن، ئۆز هاياتىدا لېۋىر سۈپۈرگىنىڭ سەممىي، ئاقكۆڭۈللۈك بىلەن قىلغان هازىرقى ئىشىغا تەڭ-باراۋەر تۇرۇدىغان بىرەر ئىشىنىڭ يوقلۇقىنى هېس قىلىپ ئازابلاندى، بۇ ئىش بىلەن تەڭ ئۆزىگە تەئەللۇق بولغان جىمىكى بايلىقىدىن، يەنە نېمىلەردىندۇ ئايرىلىپ قالغاندەك كۆڭلى ئەسكى بولدى. خېلى ئۇزاققىچە ئۈنىنى سىرتقا چىقىرالمىدى. بىز ئەمدى ئۇنىڭ كېيىنكى خىياللىرىنى دېمىسەكمۇ بولار، چۈنكى كىتابخانلار ئۇنىڭ بۇ هەقتە يەنە نېمە دەيدىغانلىقىنى ئويلاپ تاپالايدۇ...

مۇختەر مەخسۇت

# ئېزگۈ خىياللار

## قىيانى قۇچاقلاپ ئاققاندا سۇلار

يىراقتىن ئېتىلىپ كېلىپ دولقۇنلار
سۆيىدۇ قىيانى قۇچاقلاپ مەھكەم.
سۆيىدۇ قۇچاقلاپ ئەسەبىيلەرچە
يۇمران كۆكسى بىلەن باغاشلاپ مەھكەم.

دەسلەپكى ۋىسالدەك ئوتلۇق تەلپۈنۈش
دولقۇننى بىر دەقىق ئالدۇرمايدۇ دەم.
بىر كۈينى باشلىغان تۇنجى سۆيگەندە،
تۇرىدۇ پەسەيمەي ئۇرغۇپ ھېلى ھەم.

شۇ قەدەر قەدىمى ۋە يېڭى كۈي بۇ،
تەكرارلاپ كېلىدۇ يۈكسەك ئاھاڭدا.
مۇقەددەس مۇڭ بىلەن تىڭشايدۇ ساھىل،
تىڭشايدۇ چايكىمۇ مەست بولۇپ تاڭدا.

شۇ قەدەر قەدىمى ۋە يېڭى كۈي بۇ،
بىلسەڭ بۇ چىن سۆيگۈ-ئۆلمەس مۇھەببەت.
قىممىتى، لەززىتى شۇدۇر سۆيگۈنىڭ:
تۇنجى رەت سۆيگەندەك سۆيسەڭ تائەبەت.

## يېگانە قېيىق

ساھىلدا تۇرىدۇ يىگانە قېيىق،
داتلاشقان قوزۇقتا باغلاقلىق مەھكەم.
ئۇ بۇندا تاشلىنىپ ياتقىلى نىكەم،
ئاستىدا لاتقىلار ياتىدۇ تىنىپ.

يىراقتا،
زەڭگەر رەڭ دېڭىز يۈزىدە
يەلكەنلىك كېمىلەر سوزىلايدۇ ئەركىن.
يىگانە شۇ قېيىق تەلمۈرەر غەمكىن،
ئۈكۈنۈش ياشلىرى ئەگىپ كۆزىدە.

دولقۇنلار كېلىدۇ ئېيتىپ ئارىيە،
يېتەكلەپ بارغىلى ئۇنى دېڭىزغا.
نەئامال بىچارە تۇتقۇن بۇ «قىز»غا،
غىچىرلاپ بىر ئاچچىق قىلىدۇ نالە.
كېمىلەر ئۇپۇققا كەتتى يىراقلاپ،
ئۇ تۇرار شاۋقۇنسىز ساھىلنى ساقلاپ...

## مۇقام

يازنىڭ دىمىق ئاخشاملىرىدا
سۈكۈت مېنى ئالغاندا يۇتۇپ،
يىراقلاردىن كېلىسەن ئۇچۇپ،
ياشاڭغىرغان ئوي-خىيالىمنى
شامال بولۇپ كېتىسەن يۈدۈپ.

قار-مۇز ئىچرە قاتقاندا چۈشۈم،
ۋۇجۇدۇمنى نۇر بوپ تىلىسەن،

كۆز ئالدىمنى گۈلزار قىلسەن.
تومۇرۇمدا تىترىتىپ جۇپ تار،
يۈرىكىمگە زەخمەك ئۇرسەن.

سەپەر مېنى ھالسىراتقاندا،
ئىگەرلەيمەن تۇلپارلىرىڭنى،
چاقماق كەبى ئۇدارلىرىڭنى.
قۇچاقلايمەن مەنزىل بېغىدا
ھەر دەقىقە نىگارلىرىمنى.

بەلكىم قۇياش تۇغقاندۇر سېنى،
يا كۆز يېشى ۋە ياكى دەريا.
مەن ئاڭلايمەن سەندىن شوخ ناۋا،
ھەر نەپەسىڭ تۇغار مىڭ يۈرەك،
سېھرىڭ بىلەن تىترەيدۇ ساما.

## ھايات

1

ئولتۇرىدۇ بىر بوۋاي
پېتىۋاتقان قۇياشقا قاراپ.
قۇياش
بولاپ قاچتى ئۇنىڭ
ساقىلىدىن قۇندۇز رەڭگىنى.
ئۇپۇق يۇتۇپ كەتتى قۇياشنى،
ئورمانلارغا يامراپ چىقتى تۈن.
بوۋاي
ئاق بۆك قىلىپ كىيىدى
تولۇن ئايىنى.

ئۇ ئولتۇرىدۇ قۇياشنى كۈتۈپ،
قۇياش چىقسا،
تۈن بىلەن
ئالمىشارمۇ ساقىلى ئۇنىڭ؟

بېشىغا قىرلاپ قارا تەلپەكنى
باغچىلاردا يۈرەرمۇ
يارى بىلەن
ھىدىنى يۇراپ،
ئۈزى تەرگەن گۈللەرنىڭ؟

2

شىلدىرلاتسا ئۇچقۇر شاماللار،
دەرەخ قويۇپ بەرمەس
ھەر ياپرىقىنى،
خۇددى ئەڭ ئاخىرقى بىر ياپرىقىدەك.
مەن قۇچاقلايمەن ھەر بىر مىنۇتنى
گويا ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىمدەك.

## يۇلغۇن

كېسىپ تۇرار،
ئۇسۇپ تۇرار،
ئۇ تائەبەت
قانغا بويالغان بىر بوۋاق.
چۆل ئانا
بۆلەپ ئۇنى قوم بۆشۈكىگە
ئەللەيلىتىدۇ
بورانلاردىن توقۇپ قوشاق.
ئۇ چۈش كۆرىدۇ:
يېشىل چۈشلەرنى،
ئالتۇن چۈشلەرنى
ئۇزاقتىن - ئۇزاق.

## قانداق قىلاي؟

ئېزىقتۇردى ئۇپۇق،
يۈگەپ مېنى پەردىلىرىگە،
گۈگۈم
سۆرەپ كىردى تۈن قوينىغا.

ئاندا - ساندا چاقنىغان يۇلتۇز
كۆزلىرىمدىن
ئېلىپ قاچتى نىشانىنى.
كۆككا چۈشلىرىم
سېلىپ مېنى تەختىراۋانغا
ئويناتماقتا
مۇئەللەقتە!

قۇياش
ئالقىشلارمۇ مېنى،
پاكى سايەمنى —
ئۆزەمگە زادى ئوخشىمايدىغان!

## سايەم

1

مەن ئىزلەپ ماڭدىم سايەمنى،
ئىزلەپ ماڭدىم
شېھىت بولغان قۇياشنى،
كۆزلەپ ئوپۇقنى.

2

سايەم
سىڭىپ كەتكەن چېغى يوللارغا،
كۆمۈلگەن چېغى
كۆككا نۇرلارغا.

3

سايەم
كەتتى بەلكىم قۇياشنى ئىزلەپ.
تۇ كېلىدۇ قۇياشنى باشلاپ،
تويماس ئوپۇقنى قەبرىگە تاشلاپ.

4

سايەم
تۇغۇلىدۇ قۇياشتىن،
ئالەم
ئايرىمسۇن مېنى قاياشتىن.

## تېگىرقىغان مىسرالار

1

تۇن
غالىب كەلدى نېمە ئۇستىدىن؟
بىلمىدىم.
سانسىز يۇلتۇز ساڭگىلاپ تۇرار
مېدال بولۇپ چاقناپ كۆكسىدە.
ئاي
تاتىرىدۇ نېمىشقا؟
ھەسەت قىلغانمۇ پاكى ئۇنىڭغا؟
قېتىپ قاپتۇ داغ بوپ ياشلىرى
ئۇنىڭ ھۆسنىدە.

2

ئۇرۇق
تۇپراق ئاستىدىن،
زۇلمەت قوينىدىن
يېرىپ چىقىپ،
قۇچاقلىدى نۇر دۇنياسىنى.
غالىپ جەڭچىدەك
بېشىدا مىس قالپىقى.
ئۇ غۇلاچ ئاتتى قۇياشقا،
سۆيدى يېشىل لەۋلىرى بىلەن
ئۆز ئاشىنىسىنى.

ئۇرۇق
تۇپراق ئۈستىدە.
شامال ئۆتتى يالاپ،
كۆيدۇردى ئاپتاپ،
شاراقلاپ قالدى چاپىنى.
ئۇچۇپ كېلىپ دىۋانە قۇشقاچ
ئېلىپ قاچتى ئۇنى.

3

مەن يالىڭاچ كەلدىم،
يالىڭاچ كېتىمەن.
يىغلاپ تۇغۇلدۇم،
كۈلۈپ ئۆلىمەن.
تۇغۇلغانىتىم ئازاب بۆشۈكىگە،
يۆگىلىمەن شادلىق كېپىنىگە.

مەن ھاپاش قىلىپ تەشۋىشنى
شادلىق بىلەن تانسا ئوينايمەن.
شادلىق
قونۇپ قالسا قوينۇمدا،
ئۇيالغىن دەپ قوغلايمەن.
مانا
ئاستىمدا چۆش تۇلپارى،
قولۇمدا نۇر قامچىسى.
ئالدىنقى ئىزلىرىمنى
دان قىلىپ چاچىمەن
كېيىنكى يوللىرىمغا.
شۇنداق چاپىمەن
ھايات يولىدا.

## سۆيگۈ يولىدا

1

شۇنچە تېز
تۇتقان ئىدىڭ قولۇمنى
ۋە شۇنچە تېز تاشلاپ كەتتىڭ
باشقا ياققا سېلىپ يولۇڭنى.
مەن چەكمەدىم ئارتۇقچە ھەسرەت،
كۆزلىرىمدىن
دۇمىلاپ چۈشتى بىر تامچە پەقەت.

2

شارقىراپ ياغقان يامغۇر
توختاپ قالاركەن بىردەمدىلا.
قامچىلاپ بەرگىلىرىنى گۈللەرنىڭ،
ئەملەپ بوزلىرىنى چۆللەرنىڭ.

3

سۆيگۈ ئەھلى ئازمىسا ئەگەر
ئەسىر بولماسكەن
بىر تەبەسسۇمغا،
بىر چاقماققا.

## قاپقارا قوي كۆز

سەن ئايىنىڭ ئىچىدە
قاپقارا قوي كۆز.

يۇلتۇزلىرىڭ
ئالتۇن نۇرى بىلەن
باغلىۋالدى كۆزۈمنى.
مەن كۆزۈمگە ئەگىشىپ
شۇڭغۇپ كىردىم
تۈن قوينىغا.
ئاھ،
قۇياش چىقمىسا،
يۈرسەم ئەبەت ئىچىگە
ئىزدەپ ئۆزۈمنى.

ئابلەت ئابدۇللا

# شېئىرلار

## مەي تۇت، گۈزەل

«دەيدۇلەركى ئايدىمۇ داغ بار»
گۈزەلدىمۇر باركەن بىر ئەيىب.
نېمىشقىدۇر يەنە گۈزەلنى
كۆرگەن چېغىم بولىمەن كەيىپ.

مەي تۇت، گۈزەل، بۇزما كەيپىمنى،
پىراقىڭدا بولۇپ كېتەي مەس.
باشلىساڭمۇ دوزاققا مېنى،
بىللە كېتەي شۇنداق مەس ـ ئەلەس.

## قايسى دەرد ئۇ سېنى يىغلاتقان؟

ئولتۇرىمىز جىمجىت، سۈكۈتتە،
گەپ قىلمايسەن نېمىشقا زىنھار؟
مۇھەببەتتىن سۆز ئاچقىنىمدا،
نېمە ئۈچۈن يىغلايسەن باھار؟!

يوشۇرمىغىن كۆز ياشلىرىڭنى،
ئۇ قەلبىڭدىن قايناغان بۇلاق.
سېنىڭ غەمكىن قاراشلىرىڭنى
خىيالىمدا ئۇنتۇيمەن قانداق؟!

يىگىرمىدىن ئېشىپتۇ يېشىڭ،
نېچۈن ساڭا بالدۇر كەلدى دەرد؟
بۇ باغلاردا ئەركىلەر چېغىڭ،
ساڭا خاستى سۆيگۈ ـ مۇھەببەت.

نى يىگىتلەر ئىنتىزار بولۇپ،
سېنى قولىغا قوندۇرالمىدى.
بىلەلمىدىم، نازۇك كۆڭلۈڭدە،
ئېيت، قايسى بىر يىگىت بار ئىدى؟

قەيەردە ئۇ، يىراقمۇ ـ يېقىن؟
قەيەردە ئۇ تۇنجى مۇھەببەت؟
ئۇنتالمايسەن ئۇنى نېمىشقا؟
ئۇنتۇپ كەتكىن ئۇنى تائەبەت!

ئۇ ۋاپاسىز بەلكى شۇ تاپتا،
ئۆزگە يارغا سالغاندۇ گىرە.
ئۇ بىلمەسە نازۇك قەلبىڭنى،
ئۆرتەنمەڭگىن ئاڭا بىھۇدە.

يا يوشۇرۇن مەخپىي ئازابمۇ؟
بىخەۋەرمۇ يىگىت بۇ دەردىدىن؟
يا ئويلامسەن ئاتا ـ ئاناڭنى،
چىقالماستىن تەقدىر ـ قىسمەتتىن؟

ئېيت، گۈلباھار، ئېيتقىنا ئەمدى،
قايسى دەرد ئۇ سېنى يىغلاتقان؟
تويىنىڭ گېپى چىقسا قىزلارنىڭ
ئادىتىمۇ يا يىغلايدىغان؟

ئېيت، گۈلباھار، ئېيتقىنا ئەمدى،
قايسى دەرد ئۇ سېنى يىغلاتقان!؟

## قىز ۋە ئاتىسى

قىزنىڭ قېنىدا
جۇشقۇنلايدۇ قايناق ياشلىق.
تەلپۈنىدۇ مۇھەببەتكە،
ئىنتىلىدۇ شېرىن كېلەچەككە!
ئاتىسىنىڭ قېنىدا
ئاقىدۇ ئادەت كۈچى —
خۇراپاتلىق - نادانلىق.
ئۇ مىڭ كۆز بولۇپ
پايلايدۇ قىزنىنى.
پۈكىدۇ تىزنىنى...
قىزنىنى قويۇپ ئەلەم - دەردكە.
ئەي سەن ياشلىق،
ئەي سەن خۇراپاتلىق - نادانلىق!
قاچانغىچە قىينايسەن بىزنى،
سېلىپ بۇنداق قايغۇ - ھەسرەتكە؟

پەرھات ئىلياس

## باللىقىمنى قايتۇر، ئەي دېڭىز!

### دېڭىز — ئانا

تۇغۇپ قويۇپ
تاشلاپ كەتتىڭ قاچانلاردا
ئېسىتمەي مېنى؟
چوڭ بولدۇم
ئېمىپ قۇياشنى،
مىڭ يىقىلىپ تاپالماي سېنى.
ئانا دېدىم
كۆرسەم ئۇپۇقنى،
ئەركىلىدىم ئېتەكلىرىدە.
ئېزىپ قالسام ئەگەر چۆللەردە
سەرەپىنى كۆرۈپ،
گىرە سالدىم بويۇنلىرىغا.
ئانا دېدىم بۇلۇتلارنى
تاشلاپ بەرسە ماڭا ئاق ناۋات.
ئانا دېدىم قىياقلارنى
ئەللەي ئېيتىپ قويسا ئۇخلىتىپ.
ئانا دېدىم چىغىرىيوللارنى،
ئانا دېدىم يوپۇرماقلارنى.
كۆرگىنىمدە سېنى، ئەي دېڭىز،
ئانا دېگۈم كەلمىدى ھەرگىز.
قالدىم تىكىلىپ،
كۆزلىرىمدىن
پارچىلىنىپ چۈشتۈك قۇملارغا.

### ئىزلەپ كەلدىم باللىقىمنى

ئىزلەپ كەلدىم بۇژغۇنلىرىڭدىن
تېرىۋالاي دەپ
گۈگراشلىرىمنى بۆشۈكتىكى.
ئىزلەپ كەلدىم دولقۇنلىرىڭدىن
تۇتۇۋالاي دەپ
شوخلۇقلىرىمنى،
ئۈستەكلەردە
ئاققان قەغەز قولۇۋاقلاردىكى.
ئىزلەپ كەلدىم ئۇپقۇنلىرىڭدىن
تېپىۋالاي دەپ
بەگباشلىقىمنى
تىنىقلىرىڭغا

سىڭىپ كەتكەن چېقىنلاردىكى.
قايتۇر مېنى بۇژغۇنلىرىڭدىن!
قايتۇر مېنى دولقۇنلىرىڭدىن!

## ئىلتىجا

چانقىمغا سېلىڭلار ئۈنچىلەرنى
بېلىقلىرىم،
گۆرەلسۇن يېڭى - يېڭى چۆچەكلىرىم.
بويىنۇمغا ئېسىڭلار تۇمار قىلىپ
قىيا تاشنى،
تىرىلسۇن توڭلاپ قالغان نەپەسلىرىم.
تومۇرلىرىمغا
چاپلاڭلار بولۇتلارنى
تۇتۇۋېلىپ،
قىزىرىپ پىشسۇن ئۈششاق توغاچلىرىم.

## ناخشا ئېيتتىم دېڭىز تىلىدا

ناخشا ئېيتتىم دېڭىز تىلىدا،
ئاھاڭلىرىمدىن
ئۇچۇپ كەتتى چايكىلار قاتار.
ئۈزۈپ كەتتى بېلىقلار خۇشال،
خىياللىرىمنى
يۈدۈپ يىراق قىرغاقلارغا.
ناخشا ئېيتتىم دېڭىز تىلىدا،
كۆزلىرىمدىن
چوغ رەڭگىدە تۇغۇلدى قۇياش،
دولقۇنلار
قۇياش رەڭگىدە كۆيدى يېلىنجاپ.
ناخشا ئېيتتىم دېڭىز تىلىدا،
چانقىمدا
ئۇخلاپ قالدى دېڭىز بىر تاتلىق.
توختاپ قالدى سەپىرىدىن قىتئەلەر
مەسخۇش بولۇپ.
ناخشا ئېيتتىم دېڭىز تىلىدا،
نومۇسچان ئارال
مارىلايدۇ روجەكلەردىن
ياغلىق بەرگىلى.
بىلەلمىدىم، نېمە دەيدىكىن،
ناخۇل ئۇرار چاچلىرىمغا شاماللار.
دېڭىز تۇغقان ناخشىلىرىمنى،
ناخشىلىرىم تۇغقان دېڭىزنى.

## ئەسلەپ قالدىم، نىگارىم، سېنى

تۆرۈم - تۆرۈم دولقۇنلار كېلىپ
قۇچاقلايدۇ غەمكىن ساھىلنى.
قۇرام تاشتا ئولتۇرۇپ تەنھا
ئەسلەپ قالدىم، نىگارىم، سېنى.

چىقىپ كەلدىڭ دېڭىز ئىچىدىن
ئىككى قوللاپ كۆتۈرۈپ قۇياش.
بولدى قىزغۇچ ناخشىلىرىڭدىن
ئاسمان بىلەن دېڭىز بىر تۇتاش.

جۇمۇلاڭما، چۆگىر — قوللىرىم،
تىرەپ تۇردۇم گۈمبەزنى ئېگىز.
ئەگەشتۈرۈپ دولقۇنلارنى سەن
ئۇچتۇڭ بويلاپ لېۋىمنى ئۈنسىز.

كۈلكىلىرىم قالدى پولاڭلاپ،
تەبەسسۇمىڭ ياندى ئۇپۇقتا.
يۈرىكىمنى ئورناتتىڭ، ئەمما
سەن چۆمكەلدىڭ قايسى ئۇپۇققا؟...

قۇياش چىققان دېڭىزغا قاراپ،
قۇياش پاتقان تاغلارغا قاراپ،
ئەسلەپ قالدىم، نىگارىم، سېنى.

قارىچۇقلىرى قىتىپ قالغان
سۆيگۈ ئىزلەپ يىراق ئۇپۇقتىن.

## ماۋزۇسىز

تولۇن ئاينى پارچىلىدىم،
ئۇرۇق قىلىپ چاچتىم دېڭىزلارغا ...
ئۇندى نۇر كىرپىكلىرى.
قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى ئۇزاق
كۆز ياشلىرىمدا.

## دېڭىز پەرىسى

ئۆكسۈشلىرىنى
كۆمۈپ قويغان دېڭىز تەكتىگە.
كۈلكىلىرىنى
چىچىۋەتكەن ئاسمان گۈمبىزىگە.
كىرپىكلىرى
ئاراللارنى ھەيدەپ بارىدۇ.

ئەزىزى

# تۇن تاڭغا ئۇلاشتى مۇقام ئەۋجىدە

## قۇياش ــ ئانا

يېتىلغانىدىم تۇغۇلغان چاغدا،
لېكىن كۈلدۈم قۇياشنى كۆرۈپ.
قۇياش ئەمەس، ئانا مېھرىدىن
دىلىم يورۇپ، جىسمىم سۆيۈنۈپ.

## ئۇدۇم

يۇمران چۆجە
دۇنياغا كۆز ئاچار تەستە،
تۇخۇمنى چېقىپ.
چوڭ بولغاندا
ئۇمۇ تۇخۇم تۇغار
ئانىسىغا بېقىپ.

## يۇلتۇز ساناش

1

تۈن ئاخشام،
ئاسمانغا قاراپ
سەبىي بالا ياتار پۇشۇلداپ.
ئۇيقۇ قاچقان ئۇنىڭ كۆزىدىن،
يۇلتۇز ساناش كەچتە يادىدىن.

2

بىر، ئىككى، ئۈچ...
قۇياش؟
بالا ھەيران
تۈگەتمەستىن يۇلتۇزنى ساناپ،
قۇياش چىقتى قايىدىن ئالدىراپ؟
بوۋاي بولۇپ قوپتى شۇ بالا
ياتقان يېرىدىن ساقال تۇتاملاپ.

## كۆزلىرىم، تىنىقلىرىم...

1

كۆزلىرىم
قەھرى بىلەن
ئاسمان باغرىنى تىلغايدۇ،
رەھىم قىلماي قانغا بويايدۇ.
بىزار بولۇپ قارا يوپۇقتىن.

2

تىنىقلىرىم
چاقماقلارنى چېقىتىپ،

يۇلتۇزلارنى ئېقىتىپ،
سادا بىرەر ئۇپۇقتىن.

3

تويى كۆنى
ساھىبجامال كېلىنچەك
شادلانسىمۇ يىغلىغاندەك،
تەگدىم دېمەي نازلىغاندەك،
قۇياش چىقتى تارتىنىپقىنا
نىگاھلىرىم سانجىلغان
ئاشۇ يوچۇقتىن.

## مۇقام ۋە پەرىشتە

1

جىمجىت كېچە
تارىم بويى خىلۋەت كەپىدە،
ناخۇل ئۇردى تەمبۇرگە بوۋاي.
سادا بەردى ئاسمان ۋە زېمىن،
تەمتىردى ئۇنىڭ لەرزىدىن
ھەيھات!!
تولۇن ئاي.

2

تۈن تاڭغا ئۇلاشتى مۇقام ئەۋجىدە.
قىيىنالماقتا بوۋاي ھالسىراپ،
شۇندىمۇ
توختاتقۇسى كەلمەس مۇقامنى.
جور بولدى ئاڭا شۇ تاپ،
غايىبتىنلا بىر سادا ياڭراپ.

3

ھەرغۇل بىلەن تۈگىدى مۇقام،
بوۋاي خۇشال،
ئىزىغا چۈشتى ئەمدى شوخ يۈرەك،
سۇغا قانىغان چاڭقاق سەيياھتەك.
ئەتراپقا باقتى تەلمۈرۈپ،
دەردىگە شىپا بولغان
خاسىيەتلىك ئاۋازنى ئىزلەپ.
ئەتراپ جىمجىت، ھېچكىم كۆرۈنمەس
ئۆزىدىن بۆلەك.
ئىپتىخاردا بوۋايغا قاراپ
سالام بەرمەكتە
قولىنى كۆكسىگە قويۇپ
بىر پەرىزات ئەنە ئەرشتە.
تارام-تارام ياش تۆكمەكتە
باسالماستىن سۆيۈنۈشىنى
ساتار ئۇتقان گۈزەل پەرىشتە.

## قويۇۋەتكىن بېلىجاننى

كەڭ دېڭىز چايقىلىدۇ يېنىككىنە
تەۋرىرۈك بۆشۈكمىنىڭ تەۋرىشىدەك.
دولقۇنلار مېڭىشىدۇ، سۆيۈشىدۇ،
يارىمىنىڭ گىرە سېلىپ سۆيۈشىدەك.

دېڭىزدا ئۈزۈپ يۈرەر يالغۇز قولۋاق،
بېلىقچى تىنماس ئۇندا پالاق ئۇرۇپ.
گاھىدا ئۈزۈپ كېتەر يىراقلارغا،
ئۆزىچە يانار ئارتقا گاھى تۇرۇپ.

تور تاشلاپ، قولۋاق تۇرار بىر نۇقتىدا،
بېلىقچى ئولتۇرىدۇ سۇغا قاراپ.
شورايدۇ موخۇركىنى، شۇ شوراشتا
دېڭىزنى يۇتماقچىدەك ئىسقا ئوراپ.

دېڭىزدەك ئۈمىد بىلەن يىغدى تورنى،
ئامەتتى كەلدى مانا كۈتكىنىدەك.
شادلاندى، شادلانمىسۇن نېمىشقا ئۇ،
شادلىقى بارمۇ ئۇنىڭ بۇنىدىن بۆلەك.

ئاھ، بىراق چوڭ بېلىقلار ئارىسىدا
چىقىپتۇ تورغا چۈشۈپ بىر بېلىجان.

تىنىمسىز تىپىرلايدۇ جەھلى بىلەن،
قاچقۇدەك مادارى يوق، تېخى نىمجان.

يادىمغا چۈشتى بىردىن بوۋاق چېغىم،
ۋۇجۇدۇم تىپىرلىدى شۇ تۇرقىدا.
ئاھ! يۈرەك ئىسيان قىلدى بۇ ئازابتىن،

يەر سۆيۈپ بېلىقچىغا قىلدىم نىدا:

«بېلىقچى، قويۇۋەتكىن بېلىجاننى،
قولاق سال ئۇنىڭ ئۈنسىز مۇڭ-زارىغا!
چوڭ بولۇپ، دولقۇنلارنى باغاش ئېتىپ،
بىر ئۆمۈر قېنىۋالسۇن مۇرادىغا!»

پەرھات ئابدۇرېھىم

## باشئەگىم ئوغلىمەن

ئەلگە دىل رىشتىنى چىڭ چاتقان باشئەگىم ئوغلىمەن،
غايىسى كۆك قەرىدە چولپان باشئەگىم ئوغلىمەن،
قەلبى مېھنەت ئىشقىدا كۆلخان باشئەگىم ئوغلىمەن،
پاك ئەجىر-تەردىن بەخت تاپقان باشئەگىم ئوغلىمەن،
سۆيگۈ-ئىلھامى گويا فونتان باشئەگىم ئوغلىمەن.

مەن تۇغۇلدۇم تاڭ بىلەن تەڭ، مەن شۇڭا تاڭغا خۇمار،
ھەر سەھەر مەشرىققە باقتىم ۋەسلىگە بوپ ئىنتىزار،
مېھرىگە قاندۇردى دىلنى تاڭ نۇرى ئاتلىق نىگار،
جۇش ئۇرار سۆيگۈسىدىن قەلبىم قېتىدا ئىپتىخار،
ئاشۇ تاڭغا ھەر زامان پەرۋان باشئەگىم ئوغلىمەن.

كۆز ئەمەس، قەلبىمنىمۇ قىلدى قۇياش خەلقىم مېنىڭ،
گەر بېشىمغا چۈشسە غەم بولدى قۇياش خەلقىم مېنىڭ،
بەردى ئىلھام كۆزلىرىمدىن ئاقسا ياش خەلقىم مېنىڭ،
تاغ ئېشىپ قالسام ھېرىپ، قىلدى ھاپاش خەلقىم مېنىڭ،
ھە، شۇڭا ئەل سازىنى چالغان باشئەگىم ئوغلىمەن.

ئۇ ئۆگەتتى مىس بىلەن ئالتۇننى ئايرىشنى ماڭا،
ئۇ ئۆگەتتى كۆل بىلەن يالقۇننى ئايرىشنى ماڭا،
ئۇ ئۆگەتتى مەرد بىلەن قاچقۇننى ئايرىشنى ماڭا،
خۇشئاۋاز بۇلبۇل بىلەن قوزغۇننى ئايرىشنى ماڭا،
شۇ سەۋەب پارلاق نىشان تاپقان باشئەگىم ئوغلىمەن.

ئۇ دېدى: «ئەجدادلىرىڭنىڭ كەچمىشىنى ئەستە تۇت،
ئەل بىلەن بولغىن قەلبداش، بىر ئۆزۈڭگە سوقما چوت،

ئۆتتىغۇ قانچە باھار - ياز، ئۆتتىغۇ كۈز ھەمدە جۇت،
ئايرىلىپ ئەلدىن قېنى كىمگە نېسىپ بولغانىتى قۇت؟»
ئۇشبۇ ھېكمەتتىن ئەقىل تاپقان باشئەگىم ئوغلىمەن.

چىن مۇھەببەت بابىدىن مەن ياڭرىتىپ ئوتلۇق سادا،
لەۋزە قىلدىم ئەل ۋە يۇرت قەرزىنى قىلماققا ئادا،
سىنىسۇن خەلقىم مېنى مەيلى ئوت، مەيلى سۇدا،
ئىشقىغا بولسۇن ئەبەت بىر جان ئەمەس مىڭ جان پىدا،
شاد ھايات لەززىتىگە قانغان باشئەگىم ئوغلىمەن.

## مەغلۇبلار شەنىگە

يەتكەندە پەللىگە ئۇتقۇچى،
شەنىگە ئالقىشلار ياڭراتتۇق.
غالىبنىڭ چېھرىدە بىھېساب
ئىپتىخار نۇرلىرى پارلاتتۇق.

يېگىشنىڭ ئانىسى ئەزەلدىن
مەلۇمغۇ يېڭىلىش بولغىنى.
تېپىلماس تارىختىن يېڭىلمەي
باھادىر نامىنى ئالغىنى.

توساتتىن مېنىڭ جۇپ كۆزۈمگە
مەغلۇبنىڭ سىيماسى كۆرۈندى.
ئۇندىكى چىدام ۋە غەيرەتتىن
مەن ئەمەس يەر - جاھان سۆيۈندى.

بۈگۈنكى شۇ غالىب تۈنۈگۈن
شەكسىزكى، مەغلۇبىيەت تۇتقۇنى.
ئۇنى شۇ شەرەپكە چۆمدۈرگەن
نەق ئاشۇ يېڭىلىش ئۇچقۇنى.

ئۇ كېلەر غالىبنىڭ ئىزىدىن،
چېھرىدە ئاچچىق تەر تامچىسى.
ئەسەر يوق ھەر ئېغىر نەپەستە
ئۈمىدسىز ئىنسانىنىڭ نالىسى.

مەن كۆردۈم مەغلۇبنىڭ كۆزىدە
ئۈمىد ۋە جاسارەت نۇرىنى.
شۈبھىسىز شۇ مەغلۇب ئەتىلا
تۇتقۇسى زەپەرنىڭ قولىنى.

تەئەججۈپ ئىلكىدە تىكىلدىڭ
مەغلۇبقا ئالقىشلار ياڭراتسام.
(نە ئالقىش، بولسىدى جاھانغا
شۇ مەغلۇب نامىنى ئاڭلاتسام.)

ھە، شۇڭا ئالقىشىم ياڭرايدۇ
جۈرئەتلىك مەغلۇبلار شەنىگە.
چامدايلى بىزمۇ ھەم ئۈمىدۋار
تىرمىشىپ ئاداققى پەللىگە.

تەلئەت ناسىرى

# باھار چاچقۇلىرى

## نۇر

كۈزدە قىشتىن ھۈركۈپ قاچقان كۈن،
ئاستا - ئاستا يېقىنلاپ كەلدى.
يالتىرىتىپ نۇر خەنجىرىنى
قاتقان مۇزلار باغرىغا سالدى.

كۈمۈش قاردىن كۆچكەن جىلۋىلەر
خۇش پارلىدى مەڭىز، كۆزلەردە.
قەلبلەرنىڭ شادلىقى ياڭرار
باھار كەلدى، دېگەن سۆزلەردە.

## مايسا

دالا ئاپئاق، ئالقانچە يەر ھور،
ھور ئاستىدا قايناپدۇ بۇلاق.
شىلدىرلايدۇ كۆڭۈللۈك ئېقىم
ئاشۇ ياققا سالسىڭىز قۇلاق.

بۇلاق قارنى قاچۇرغان يەردە
خەت تارتىپتۇ ئالدىراپ مايسا.
مايسا چاقنار ئۈنسىز سۆز قىتىپ:
«مەن باھارغا شۇنچىلىك تەشنا!»

قار كەتمىگەن باش ئەتىيازدا
ياشناپ تۇرغان كۆك چۆپنى كۆرۈپ،
كۆڭلۈم گۈلدەك ئېچىلدى — كۈلدى
گۈزەل يازنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ.

## تامچە

ھالسىرىغان ئاق ئەجدىھاردەك،
قىش سوغىقى جىمىقتى - قالدى.
چىدالماستىن ئاپتاپ تەپتىگە
قاتقان توڭلار ئېرىدى، ياندى.

قىرلاردىكى چوكا مۇزلاردىن
ئويناقى سۇ نۇر بولۇپ تامدى.
قىش يېشىدەك بىلىنگەن تامچە
نەۋ باھارغا ئەلچى بوپ قالدى.

ھەسەن تىلىۋالدى

## مەن سېنىڭ گۆدەك ئوغلۇڭ

مەن سېنىڭ گۆدەك ئوغلۇڭ، ئەزىز ۋەتەن،
چايقىدىڭ زەمزەم بىلەن بۇ تىنىمنى.
كۆكسۈڭدىن ئالدىم قۇياش ھارارىتى،
چۇلغىدى ساداقەتلىك پاك دىلىمنى.

يۈرەكتە ساڭا سۆيگۈ دەريا - دەريا،
ئاققانغا تۈگىمەيدۇ سۆيى پەقەت.
تىنىمسىز دولقۇنلايدۇ تومۇرۇمدا
سەن ئۈچۈن ئۇرغۇپ دىلدىن چىن مۇھەببەت.

شەرەپلىك ئۇلۇغ ئىشلار زېمىمەمدىدۇر،
كۆكسۈڭگە كۈمۈش تەرلەر تۆكىدىغان.
كەمتەرلىك خىسلەت بەردىڭ يەنە ماڭا،
تۆگىدەك ئەلگە سادىق چۆكۈدىغان.

چىن بەخت سەندىن نېسىپ بولدى ماڭا،
نۇر ئالدىم سەن ياندۇرغان چىراغلاردىن.
سېغىنىپ ھەتتا قۇشلار سېنى ۋەتەن،
كېلىشەر قىتئە ئاتلاپ يىراقلاردىن.

ياشلىقىم، گۈدەكلىكىم ئۆتتى سەندە،
سېنىڭدىن ئالدىم ئىجىل، ئىناقلىقنى.
ئېھ، پەلەك ماڭا راۋا قىلمىسىكەن
باغرىڭدىن بىر مىنۇتمۇ يىراقلىقنى.

دان بەردىڭ چۆجىلەردەك ئېغىزىڭدا،
سەن مېنىڭ گويا يۈرەك ھەرىكىتىمسەن.
ۋايىغا يېتەر سەندە ئەقىل، زېھنىم،
سەن مېنىڭ داستىخىنىم، بەركىتىمسەن.

دېڭىزدەك قۇچىقىڭدا مەن بىر بېلىق،
جەننەتتەك گۈلشىنىڭدە كېپىنەكمەن.
ئايرىلسام ئەقىدەمدىن ئۆلگىنىم شۇ.
سېنىڭسىز غېرىب-مىسكىن، يېتىمەكمەن.

مۇھەممەت روزى

# سۆيگۈ چاقماقلىرى

## سۆيگۈ

كونىلار ئەزەلدىن توغرا ئېيتقانىكەن!
«ئاشىققا باغداتمۇ يىراق ئەمەس» دەپ.
بۇ سۆزنى مېنىڭمۇ ئېيتقۇم كېلىدۇ:
«كۆرۈنگەن تاغ يېقىن، ئۇزاق ئەمەس»دەپ.

كەزدۇق بىز مۇقەددەس سۆيگۈ يولىدا
قانچە كۆپ جەزىرە، تالاي تاغلارنى.
ياراتتۇق ئاخىرى سۆيگۈ، مېھنەتتىن
يېڭىچە جەننەتنى، يېڭى باغلارنى.

ۋە لېكىن ئاشىقنىڭ سۆيگۈسى چەكسىز،
گوياكى پايانسىز دېڭىز-ئوكياندەك.
بۇ سۆيگۈ ياشايدۇ ئەبەدىلئەبەد
ئۈزلۈكسىز يامرىغان كەلكۈن-قىيانداك.

## مۇھەببەت

مۇز تەلەت، باغرى تاش ئادەم قەلبىدە
بولمايدۇ مېھىرلىك تۇيغۇ-ھېسسىيات.
ھەزەر ئەيلىگۈلۈك ئۇنداق ئىنساندىن،
ھەرۋاقىت، ھەرجايدا قىلىپ ئېھتىيات

كۆرۈنمەس ھۆسنىدە يازنىڭ ئاپتىپى
ۋە ياكى كۆڭۈللۈك ئىللىق نەۋ باھار.
ئەكس ئېتەر ئەپتىدىن جۇدۇنلۇق بىر قىش،
ياغىدۇ چىراي ۋە قاپىقىدىن قار.

ئۇندا يوق ئەۋلاد ۋە پەرزەنت سۆيگۈسى
ۋە ياكى يالقۇنلۇق ئاتىلىق مېھىر.
بۇلاقتەك كۆزلەردىن تۆكۈلسىمۇ ياش،
ھېچ ئېرەن قىلماستىن دەيدۇ: بەربىر.

ئېيتقىنا، ئۇشبۇ ھال قانداق خەتەرلىك؟!
يەر يۈتسۇن تائەبەد بۇنداق ئادەمنى.
مۇھەببەت ئىنساننىڭ قەلبىدىكى كۈن،
بەئەينى يورۇتقان پۈتكۈل ئالەمنى.

## ئوت

خەق دەر مېنى: بىر پارچە ئوت،
ئەسلا ئۆچمەس، پەسەيمەس ھەم؛

يالقۇنلىنىپ يېنىپ تۇرار
ئاسمان-پەلەك ئۆرلەپ ھەردەم.

ئەنە شۇنداق يارالغانمەن
جاھانغا كۆز ئاچقىنىمدا.
جۇشقۇن ھايات سەھنىسىگە
تۇنجى قەدەم باسقىنىمدا.

كەزدىم مەنزىل، ئاشتىم داۋان،
ئەجدىھاردەك يالقۇن چېچىپ.
دۇچ كەلسە گەر توسالغۇ كۈچ،
بىتچىت قىلدىم قەھرىم تېشىپ.


كۈننى خىجىل قىلدى تەپتىم،
خىلۋەت جاينى ئىسسىتقاندا.
كېچىسىمۇ كۈندۈزدەك،
تونۇر كەبى قىزىتقاندا.

ھارارىتىم يېنىپ باردى
كۆك سەتھىگە، يەر تەكتىگە.
مۇددىئايىم: خىزمەت قىلماق
ئەل تەختىگە، ئەل بەختىگە.

يېرىم ئۆمرۈم ئۆتتى، لېكىن
تەپتىم قايناق، سوۋۇغان يوق.
قۇياش قانداق، تەپتىم شۇنداق،
ئۆلگەندىمۇ بۇ كۆڭلۈم توق.

چۈنكى باردۇر ئىز باسارىم:
نەۋرە-چەۋرە، ئەۋرەمگىچە.
ئۇلارمۇ ئوت بولۇپ يانار
خۇددى مەندەك كۈندۈز-كېچە!





# شائىر ئابدۇكېرىم خوجا ۋاپاتىغا تەزىيىلەر

## ئۇنىڭ نامى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ



جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، «ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى، «شېئىرىيەت»، «تارىم» ژۇرناللىرىنىڭ تەھرىر ھەيئەت ئەزاسى، ئاتاقلىق شائىر، ئاتاقلىق ئەدەبىي تەرجىمان ئابدۇكېرىم خوجا كېسەل سەۋەبىدىن 1988-يىلى 3-ئاينىڭ 7-كۈنى ئۈرۈمچىدە بەختكە قارشى ۋاپات بولدى. ئۇ بۇ يىل 60 ياشقا كىرگەنىدى.

ئابدۇكېرىم خوجا 1928-يىلى 11-ئاينىڭ 20-كۈنى قۇمۇل ۋىلايىتىنىڭ ئالتۇنلۇق يېزىسىدا كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. باشلانغۇچ مەكتەپ بىلەن ئوتتۇرا مەكتەپنى جۇچۈەندە پۈتتۈرگەن. 1947-يىلىنىڭ ئاخىرىدا نەنجىڭگە بېرىپ، «نەنجىڭ دۆلەتلىك چېگرا مەكتەپ» تە بىر يىلغا يېقىن بىلىم تەھسىل قىلغان ۋە نەنجىڭدىكى ئىلغار ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىگە قاتناشقان. 1949-يىلى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى قۇمۇلغا كىرگەندە، ھەربىي سەپكە قاتنىشىپ، ئارمىيىنىڭ خىزمەت ئۆمىكىدە تەشۋىقاتچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1950-يىلدىن 1953-يىلغىچە سابىق شىنجاڭ شۆبە بيۇرو يەرلىك كادىرلار يېتىشتۈرۈش كۇرسىدا بىر تەرەپتىن ئوقۇپ، بىر تەرەپتىن خىزمەت قىلغان. 1953-يىلدىن 1956-يىلغىچە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋى-

قات بۆلۈمىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت باشقارمىسىدا، 1956-يىلدىن 1966-يىلغىچە
ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات، سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە، 1976-يىلدىن 1980-
يىلغىچە بېيجىڭدا مەركىزىي مىللەتلەر تەرجىمە ئىدارىسىدا، 1980-يىلدىن ئېتىبا-
رەن جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ شىنجاڭ شۆبىسىدە ئىشلىگەن.

ئابدۇكېرىم خوجا ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق جاپالىق ئىجادىي ئەمگىكى ئارقىلىق
ئۆچمەس تۆھپىلەرنى يارىتىپ، ئېلىمىز كىتابخانلىرىغا تونۇلغان ئاتاقلىق شائىر ھەم
ئاتاقلىق ئەدەبىي تەرجىمان. ئۇنىڭ تۇنجى ئەسىرى 1953-يىلى ئېلان قىلىنغان.
«ئۇن باھار»، «باھار ناخشىسى»، «تۇپراق، باھار ۋە مەن»، «باھار بىلەن كەلگەن
شېئىرلار» ناملىق شېئىر توپلاملىرى نەشر قىلىنغان. ئۇ 50-يىللارنىڭ بېشىدىلا
ئىنقىلابىي ۋەتەنپەرۋەر شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ شېئىرلىرىنى تۇنجى قېتىم خەن-
زۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ھەم نەشرگە تەييارلاپ، ئېلىمىز كىتابخانلىرىغا تونۇشتۇر-
غان. كېيىنكى چاغلاردىمۇ نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى خەنزۇ تىلىغا
كەينى-كەينىدىن تەرجىمە قىلىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى بىلەن خەنزۇ ئەدەبىياتى ئوت-
تۇرىسىدا ئەڭ دەسلەپ ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئەدەبىي كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان.
ئۇ يەنە دۇفۇ، لى بەي قاتارلىق مەشھۇر كلاسسىكلارنىڭ زور بىر تۈركۈم شېئىرلىرىنى،
ئەي چىڭ، زاڭ كېجيا قاتارلىق ھازىرقى زامان خەنزۇ شائىرلىرىنىڭ نۇرغۇنلىغان شېئىرلى-
رىنى، ھېينرىخ ھېينى، ئېلىزابىت بارىرېت قاتارلىق داڭلىق چەت ئەل شائىرلىرىنىڭ
خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلىنغان شېئىرلىرىنى، «لىي فېڭ ناخشىسى» نى ئۇيغۇر تىلىغا
تەرجىمە قىلىپ، شۇنىڭدەك «ماۋجۇشى شېئىرلىرى»، «تيەنمىن شېئىرلىرى» نى ۋە
«قىزىل قىيا»، «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»، «باھادىر شاھ لى زىچېڭ» قاتارلىق رومانلارنى
ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش خىزمىتىگە قاتنىشىپ، تەرجىمە ئەدەبىياتى ئارقىلىق
ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇنىڭ شېئىرىيەت ۋە ئەدە-
بىي تەرجىمە ساھەسىدە ياراتقان مول ھەم قىممەتلىك ئىجادىي تۆھپىلىرى ھازىرقى
زامان جۇڭگو ئەدەبىياتى، جۈملىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا
مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

ئابدۇكېرىم خوجا پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي
يىغىنىدىن كېيىن، ئىدىيىنى باشلامچىلىق بىلەن ئازاد قىلىپ، ئەدەبىيات-سەنئەت سا-
ھەسىدىكى يېڭى ئىدىيە ۋە يېڭى كۈچلەرنى دادىللىق بىلەن قوللىدى. ئۇنىڭ بۇ يىل-
لاردا يېزىلغان شېئىرلىرىدا مۇستەقىل پىكىر قىلىش، ئىجادىي ئىزدىنىش، چوڭقۇر
ئىجتىمائىي كۆزىتىش روھى ئالاھىدە گەۋدىلەندى، يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت ۋە پەل-
سەپىۋى يۈكسەكلىك روشەن ئىپادىلەندى، ئىسلاھاتقا بولغان قىزغىن ئالقىش ۋە
مەدھىيە سادالىرى كۈچلۈك ياڭرىدى، قاتماللىققا ۋە «سول» ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ قال-
دۇق زەھەرلىرىگە ئۆتكۈر تىغ سانجىلدى. شۇڭا ئۇنىڭ مۇشۇ مەزگىللەردە يېزىلغان
بىر تۈركۈم شېئىرلىرى ھەر مىللەت كىتابخانلىرى ئارىسىدا كۈچلۈك ئىنكاس قوز-
غىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاپتونوم رايون ۋە مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئاز

سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى باھالاش پائالىيەتلىرى-دە كەينى-كەينىدىن مۇكاپاتقا ئېرىشتى. شائىرنىڭ ۋاپاتى ھازىرقى زامان جۇڭگو ئەدەبىياتى، جۈملىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن چوڭ يوقىتىش.

ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر قوشۇنىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغ-داش، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ئالاقىلىرىنى كۈچەيتىشتە كۆۋرۈكلۈك رول ئويناش، يېڭىدىن بايقالغان ياش ئاپتورلارنى، يېڭى ئىجادىي بىخلارنى زور كۈچ بىلەن يۆلەش، يولداشلارغا قىزغىن، سەمىمىي، ئىللىق مۇئامىلىدە بولۇش، خىزمەتنى ئاكتىپچانلىق، تەشەببۇسكارلىق ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىشلەش، يېڭىلىققا ۋە ئىسلاھاتقا ئىنتىلىش روھى ئۇچۇق-يورۇق، كىچىك پېئىل، خۇش چاقچاق، چىقىشقاق خاراكتېرى، ئىجادىيەتكە ۋە ئەدەبىي تەرجىمە ئىشلىرىغا تۇتقان ئەستايىدىل مۇئامىلىسى بىزنىڭ مەڭگۈ ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

مەرھۇم شائىرىمىز ئابدۇكېرىم خوجا كېيىنكى مەزگىللەردە ئۆزىنىڭ ئېغىر كې-سەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغانلىقىنى، ھاياتىنىڭ ئۇزۇنغا بارمايدىغانلىقىنى ئېنىق بى-لىپ تۇرسىمۇ، لېكىن كىشىلىك تۇرمۇشقا بولغان ئۈمىدۋارلىقىنى، ئەدەبىي ئىجادىيەت-كە بولغان قىزغىنلىقىنى قىلچە بوشاشتۇرمىدى. شائىرنىڭ بۇ خىل قەيسەر روھى ھەم يۈكسەك جاسارىتى بىزدە ئۇنتۇلماس تەسىرات قالدۇردى.

رەھىمسىز ئەجەل بۈگۈن ئۇنى بىزنىڭ ئارىمىزدىن بىمەھەل ئېلىپ كەتكەن بول-سىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىنتايىن مول ئىجادىي تۆھپىلىرى بىلەن ئېسىل ھەم قىممەت-لىك مەنىۋى پەزىلەتلىرى قەلبىمىزدىن تېخىمۇ چوڭقۇر ئورۇن ئالدۇ، بىزنى ئىجادىي ھاياتنى خۇددى ئۇنىڭغا ئوخشاش مەنىلىك ئۆتكۈزۈشكە ھەم قەدىرلەشكە ئۈندەيدۇ. خەلقىمىز، ئەۋلادلىرىمىز ئۆزىنىڭ بۇ سۆيۈملۈك شائىرىنى مەڭگۈ ئەسلەيدۇ!

بىز ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ سانىدا شائىرنىڭ ۋاپاتى مۇناسىۋىتى بىلەن يېزىلغان بىر قىسىم ئەسلىمە ھەم مەرسىيەلەرنى ئېلان قىلدۇق.

تەھرىر بۆلۈمى

---


(بېشى 45 - بەتتە)

ئۇ: «ئەزرائىل ئالدىراۋاتسا، قانداق قىلىمەن؟» دېگەنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ساقى-يالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرقى نەپەسگىچە ئەزرائىل بىلەن چاقچاقلىشىپ ئۆتتى.

ئابدۇكېرىمنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، مىللەتنىڭ رو-ھىنى ئۇرغۇتۇش قاتارلىق جەھەتلەردە كۆڭلىگە پۈككەن شېرىن ئارزۇلىرى كۆپ ئى-دى. لېكىن رەھىمسىز ئەجەل ئۇنى بىزنىڭ ئارىمىزدىن ئەشۇنداق ئارزۇلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ كەتتى. مەرھۇمنىڭ تېخى ئەمەلگە ئاشمىغان ئارزۇلىرىنى رېئاللىققا ئاي-لاندۇرۇش بىزنىڭ زىممىمىزدە قالدى.

تېيىپجان ئېلىيوپ

## قايغۇلۇق كۈنلەردىكى ئەسلەمىلەر



يولداش ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ ۋاپاتى يېڭى دەۋر جۇڭگو ئەدەبىياتى، بولۇپمۇ، يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن چوڭ يوقىتىش.

مەن ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ ۋاپاتىغا بولغان چوڭقۇر قايغۇ ئىچىدە ئۇنىڭ بىلەن بولغان 30 نەچچە يىللىق دوستلۇق سەرگۇزەشتىلىرىمنى ئىختىيارسىز ئەسلەپ ئۆتتۈم.

مەن ئابدۇكېرىم خوجا بىلەن 1951 - يىلى يازدا تونۇشتۇم. ئۇ چاغدا مەن 12 مۇقامنى توپلاش، رەتلەش گۇرۇپپىسىنىڭ خىزمىتىگە مەسئۇل ئىدىم. بۇ گۇرۇپپىدا ئاتاقلىق مۇقامچى تۇردى ئاخۇن، روزى تەمبۇر، ئابدۇۋەلى جارۇللايوپ قاتارلىق مۇزىكانتلار ئۆزلىرى بىلىدىغان مۇقام نەغمىلىرىنى نوتىغا ھەم ئۈنئالغۇغا ئالدۇرۇۋاتاتتى. گۇرۇپپىنىڭ كەسپىي ئىشلىرىغا يولداش ۋەن تۇڭشۇ مەسئۇل ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئابدۇكېرىم خوجا كېلىپ، بۇ گۇرۇپپىنىڭ خىزمەتلىرىگە قاتناشتى. ئىزنىڭ ۋەزىپىسى يولداش ۋەن تۇڭشۇ بىلەن مۇقامچىلار ئوتتۇرىسىدا تەرجىمانلىق قىلىش ۋە مۇقام تېكىستلىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. يولداش ئابدۇكېرىم خوجا بۇ يىللاردا يولداش ۋەن تۇڭشۇ بىلەن ئاتاقلىق ئۇيغۇر مۇزىكانتلىرى ئوتتۇرىسىدا ھەقىقەتەنمۇ كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىدى. مەن شۇ چاغدا ئۇنىڭ شېئىرىيەتكە نابايىتى قىزىقىدىغانلىقىنى، خەنزۇ كلاسسىك شېئىرىيىتى ھەققىدە خېلى ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھەم خەنزۇ تىلىدا شېئىر يازىدىغانلىقىنى ئۇقتۇم.

شۇ چاغلاردا ئۇ ماڭا: «ئۆز ئانا تىلىمدا يېزىلغان شېئىرلار بىلەن تونۇشمىغىچە، پۈتۈن ئادەم بولالمايدىكەنمەن» دېگەنىدى ۋە مېنىڭدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا، بولۇپمۇ ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە دائىر كىتابلارنى سورىغانىدى. مەن ئۇنىڭغا نۇرغۇن كىتاب بەردىم، ئۇ بۇ كىتابلارنى زور ئىشتىياق بىلەن ئوقۇشقا كىرىشتى.

ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ ئەدەبىي تەرجىمانلىق ئىقتىدارى ۋە شېئىرىيەتكە بولغان كۈچلۈك ئىشتىياقى ماڭا ئۇنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىيالايدىغان، ئىستىقباللىق ئادەم ئىكەنلىكىنى روشەن ھېس قىلدۇردى. شېئىرىيەتكە بولغان ئورتاق قىزىقىش بىزنى يېقىن دوستلارغا ئايلاندۇردى.

بىز 1952 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا يولداش ليۇ شاۋۋۇنىڭ باشچىلىقىدا جەنۇبىي شىنجاڭغا ئۇيغۇر ئېغىز ئەدەبىياتىنى تەكشۈرۈش (توپلاش، رەتلەش) خىزمىتى بىلەن بېرىپ، نۇرغۇن جايلارنى ئايلاندۇق. بۇ قېتىمقى سەپەر ئابدۇكېرىم خوجىدا ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇردى. ئۇنىڭ خەنزۇ تىلى سەۋىيىسى يۇقىرى بولغان بىلەن ئۇيغۇرچە راۋان سۆزلىيەلمەيتتى. سەنئەت ساھەسىگە ئارىلىشىش، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان شۇ قېتىمقى ئالتە ئايلىق تەكشۈرۈش خىزمىتى جەريانىدا ئۇنىڭ ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىشى ئالاھىدە تېز بولدى. ئۇ خەلق ئارىسىدىكى ناخشا، قوشاق، بېيىت، چۆچەك، تېپىشماق ھەم لەتىپىلەرنى زېرىكمەي يېزىۋالاتتى، يادلايتتى ۋە تەرجىمە قىلاتتى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ قاتتىق ھاياجانلىنىپ: «مەن ئۆز مىللىتىمنىڭ بۇنداق ئېسىل مەنىۋى خەزىنىسى بارلىقىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلىۋاتىمەن» دېگەنلىكى تېخىچە ئېسىمدە. شۇ قېتىمقى سەپەر ھەم تەكشۈرۈش پەقەت ئابدۇكېرىم ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى مەن ئۈچۈنمۇ ئېغىز ئەدەبىياتىغا چوڭقۇرلاپ كىرىش پۇرسىتى بولدى.

دەرۋەقە ئۇ چاغلاردا قاتناش قولايسىز، تۇرالغۇ جايلارمۇ ناچار ئىدى، لېكىن بىز ھېرىپ - چارچاشنى ئۇنتۇپ، ئىشتىياق بىلەن ئىشلىدۇق. بىر ناھىيە ئىچىدىكى جايلارنى ئاساسەن پىيادە ئايلىناتتۇق، ھەتتا ئاۋاتتىن كەلپىنگىچە پىيادە ماڭغانىدۇق. بۇ جەرياندا ئۆزئارا تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇشتۇق. ئابدۇكېرىم، ليۇ شاۋۋۇ ئۈچىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە دوستلۇق تېخىمۇ كۈچەيدى. 1953 - يىلى يولداش ليۇ شاۋۋۇ بىلەن يولداش ئابدۇكېرىم خوجا ئىككىسى مېنى پارتىيىگە تونۇشتۇردى. مەن ئۆزۈمنىڭ پارتىيىگە كىرگەن ۋاقتىمنى ئەسلىسەملا، كۆز ئالدىمغا ئاشۇ ئىككى سەپدىشىم كېلىدۇ.

1953 - يىلى ئابدۇكېرىم ئىككىمىز يەنە بىر سەپەردە بىللە بولۇپ قالدۇق، يەنى جۇڭگو خەلقىنىڭ 3 - قېتىملىق چاۋشيەن خەلقىدىن ھال سوراش ئۆمىكى تەركىبىدە چاۋشيەنگە بىللە باردۇق. بىزنىڭ ئۆمەك باشلىقىمىز يولداش خې لوڭ ئىدى. بىز ئۇرۇش ئەمدىلا توختىغان، ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقىغا كۆمۈلۈپ ياتقان زېمىندا چاۋشيەن ئارمىيىسى، خەلقى ۋە پىدائىي قىسىملارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئىگە بولدۇق. دوستانە كەيپىيات ئىچىدە ۋاقتىنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكىنىنى تۇيمايلا قالدۇق. ھال سوراش ئۆمىكى تەركىبىدىكى يولداش ئابدۇكېرىم خوجا بىزنىڭ شۇ چاغدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيىتىمىزگە پۈتۈن كۈچى بىلەن ياردەملەشتى. مېنىڭ شۇ چاغدا يازغان «تاغنى كۆرسەم» ناملىق شېئىرىمنى يولداش ئابدۇكېرىم خوجا تەرىپىدىن چاۋشيەننىڭ ئۆزىدىلا خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، كۆپ ئۆتمەيلا «خەلق گېزىتى» گە بېسىلدى ۋە شۇ ئارقىلىق پىدائىي قىسىملارغا، كىتابخانلارغا يەتتى. شېئىرنى كۆرگەنلەر ماڭا كۆپ تەشەككۈر ئىزھار قىلدى. بىر قېتىملىق كەچكى زىياپەتتە شېئىرنى ئوقۇغان چاۋشيەنلىك ئوفىتسېرلار ئابدۇكېرىم ئىككىمىزنىڭ يېنىغا كېلىپ، قەدەھ سوقۇشتۇرۇپ، بىزگە ئالاھىدە تەشەككۈر بىلدۈردى. ئەگەر يولداش ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ جاپالىق ئەجرى بىلەن تۆھپىسى بولمىغان بولسا، مەن ئۆز شېئىرىمنى چاۋشيەندىكى يولداشلارغا يەتكۈزەلمىگەن بولاتتىم.

ئابدۇكېرىم شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىنى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىشقا رەسمىي كىرىشىپ كەتتى. مېنىڭمۇ بىر تۈركۈم شېئىرلىرىمنى تەرجىمە قىلدى. 50 - يىللارنىڭ باشلىرىدا لوتپۇللا مۇتەللىپنىڭ خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان تۇنجى شېئىرلار توپلىمىنى نەشرگە تەييارلىدى.

ئابدۇكېرىم خوجا ئۇيغۇر تەرجىمە ئەدەبىياتىدا، بولۇپمۇ شېئىر تەرجىمىسىدە دەسلەپ ئەڭ ئوبدان ئۈلگە كۆرسەتكەن ئەدەبىي تەرجىمان ئىدى. ئۇ پەقەت ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى خەنزۇ كىتابخانلارغا تونۇشتۇرۇشقا بىرىنچى قېتىم قەدەم قويغان ئەدەبىي تەرجىمانلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى خەنزۇ شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىشتىمۇ ئالاھىدە ئەجىر سىڭدۈرۈپ، ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئەدەبىي كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان ئەدەبىي تەرجىمان ئىدى. ئۇ ئۆز ئۆمرىدە دۇفۇ، لى بەي، ئەي چىڭ قاتارلىق ئۇرغۇنلىغان خەنزۇ شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنى، «تيەنئەنمېن شېئىرلىرى» نى، ھېنرىخ ھېينى، ئېلزابىت بارىرېت قاتارلىق چەت ئەل شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ۋە بىر تۈركۈم يىرىك ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىش خىزمىتىگە قاتنىشىپ، تەرجىمە ئەدەبىياتى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشتى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە ليۇ شاۋۋۇ، ۋاڭ يۈيخۇ، ۋاڭ گۇلىن، ئابدۇكېرىم ۋە مەن «شىنجاڭدىكى شيۇجېڭجۇيىلىق ئەدەبىيات - سەنئەت قارا يىپىنىڭ ۋەكىللىرى» دېگەن بەدنام بىلەن تارتىپ چىقىرىلدۇق. مەرھۇم ئابدۇكېرىم بۇ يىللاردا ئۇرغۇنلىغان ئېغىر ئازابلارنى باشتىن كەچۈردى، جىسمانىي جەھەتتىن زەخىملىنىپ، روھىي جەھەتتىن قاتتىق زەربىگە ئۇچرىدى. لېكىن ئۇ ئۆزىنى باشتىن - ئاخىر ئۈمىدۋار تۇتتى، چۈشكۈنلىشىپ كەتمىدى، ئىمكانىيەت بولسىلا، ھەر بىر مىنۇت - سائىتىنى كۆتۈرەڭگۈ روھتا ئۆتكۈزۈشكە تىرىشتى. بىز شۇچاغلاردا «ئاممىنىڭ نازارىتى» دىن بىر ئاز خالىي بولۇپ قالساقلا، پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، يەنە بۇرۇنقىدەكلا چاقچاق قىلىشىپ، ناخشا ئېيتىشىپ، ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز تەسەللى بېرىپ يۈردۇق. لېكىن بىزنىڭ تالاي ئۆمرىمىز ئاشۇ مۇدھىش يىللارنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كەتتى، بىز ھېچكىممۇ تۆلەپ بېرەلمەيدىغان، تۆلۈۋالغىلىمۇ بولمايدىغان زىيانلارنى تارتتۇق. بىز پەقەت پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنلا تولۇق ئەسلىگە كەلتۈرۈلدۇق.

مەن 1979 - يىلىنىڭ بېشىدا بېيجىڭدا «شېئىرىيەت» ژۇرنىلى ئۇيۇشتۇرغان شائىرلار ئۇچرىشىشىغا قاتناشتىم. ئابدۇكېرىم ئۇ چاغدا بېيجىڭدا مەركىزىي مىللەتلەر تەرجىمە ئىدارىسىدە ئىشلەۋاتاتتى. شىنجاڭدىكى بەزىلەر مېنى بۇ يىغىنغا ئەۋەتىشنى دەسلەپتە لايىق كۆرمىگەن، لېكىن بېيجىڭدىكى يولداشلار، جۈملىدىن ئابدۇكېرىم خوجا مەركىزىي تەشۋىقات بۆلۈمىگە قايتا - قايتا تەكلىپ بەرگەندىن كېيىنلا، بۇ ئۇچرىشىشقا قاتنىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنىدىم.

مەن بېيجىڭغا بېرىشنىڭ ئالدىدا بەزىلەر مېنى يىغىندا ئوچۇقتىن - ئوچۇق:

«توغما ئەكسلئىنقلابچى» دەپ بىلجىرلىغانىدى. مەن «شېئىردىيەت» ژۇرنىلىنىڭ يىغىنىغا قاتناشقان كۈنى يىغىن رەئىسى مېنى سۆزگە تەكلىپ قىلدى. مەن ئابدۇكېرىمنى يىغىن سەھنىسىگە بىللە ئېلىپ چىقتىم. قىزغىن چاۋاكلار چېلىنىپ، مېنى قاتتىق ھاياجانلاندۇرۇۋەتكەچكە، ئۇزاققىچە ئۆرە تۇرۇپ قاپتىمەن. كىمدۇ بىرسى ماڭا: «ئولتۇرۇپ سۆزلەڭ» دېگەن بولسىمۇ، لېكىن مەن ئىختىيارسىز ئۆرە تۇرۇۋېرىپتىمەن. شۇ چاغدا ئابدۇكېرىم چاقچاق قىلىپ: «بۇ ئۆرە تۇرۇپ ئۆگىنىپ قالغان» دېۋىدى، يىغىندىكىلەر كۈلۈشۈپ كەتتى. ئاندىن كېيىن مەن: «بۇ يەرگە كېلىشتىن بىر ھەپتە بۇرۇن بەزىلەر ماڭا ‹توغما ئەكسلئىنقلابچى› دەپ قالپاق كىيدۈرگەن، بەلكىم شۇڭلاشقا ئولتۇرۇشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتقان بولسام كېرەك» دېۋىدىم، ئابدۇكېرىم ئۇنى ناھايىتى يۇمۇرلۇق تەرجىمە قىلىپ، ماڭا بولغان چوڭقۇر ھېسداشلىقىنى ئىپادىلىدى.

شۇ چاغدا پەستە ئولتۇرغانلارنىڭ بەزىلىرى: «مۇشۇنداق قالپاق كىيدۈرىدىغانلار تېخىچە مۇنبەرنى ئىگىلەپ يۈرەمدۇ؟» دەپ سوئال قويۇشتى. ئابدۇكېرىم ئۇلارغا شۇئان: «ۋاي، ئۇلار مۇنبەرنى ئوڭايلىقچە بەرمەيدۇ، يېقىن ئارىدا بېرىدىغاندەكمۇ ئەمەس» دەپ جاۋاب بەردى.

ئابدۇكېرىم ئۇزۇن ئۆتمەي شىنجاڭغا قايتىپ كەلدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 1980-يىلى ئېچىلغان قۇرۇلتىيىدا جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ سايلاندى ۋە «ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرلىكىگە تەيىنلەندى. شۇنىڭدىن باشلاپ شۆبە جەمئىيەتنىڭ تەشكىلىي ئىشلىرى ۋە «ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ كەسپىي ئىشلىرىغا قاتنىشىش بىلەن بىرلىكتە ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئەدەبىي تەرجىمانلىق ئىشلىرىغىمۇ زور ئىجتىھات بىلەن كىرىشىپ كەتتى. قاتمۇقات خىزمەتلەرنى قاتتىق ئىشلەش ئۇنىڭ سالامەتلىكىنى ناچارلاشتۇرۇۋەتكەن مۇھىم سەۋەبلەردىن بىرى بولسا كېرەك دەپ ئويلايمەن.

ئابدۇكېرىم پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلغان ئىدىيىنى ئازاد قىلىش پائالىيىتىدە قەدەمنى بۇرۇن باسقان شائىرلاردىن بىرى. ئۇ بېيجىڭدىن قايتىپ كېلىپ، پايتەختتە مەيدانغا كەلگەن يېڭىلىقلار، بولۇپمۇ ئەدەبىيات-سەنئەت سېپىدە گەۋدىلىنىۋاتقان يېڭى روھلار ھەققىدە ناھايىتى تەسىرلىك گەپلەرنى قىلغاندا، بەزىلەر ھەتتا ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىغانىدى. شۇ چاغدا مەن ئابدۇكېرىمگە چاقچاق قىلىپ: «بۇ ئاداش بېيجىڭدىن ئادەم قورقۇتىدىغان گەپلەرنى تېپىپ كەپتۇ» دېگەنىدىم. ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ بۇ گەپلىرى ئىدىيىسى ئازاد بولمىغان كىشىلەرنى ھەقىقەتەنمۇ قورقۇتاتتى. كېيىنكى چاغلاردا قاتماللىقتىن خالىي گەپلەر بولسىلا، يۇمۇرلۇق قىلىپ، «ئادەم قورقىتىدىغان گەپلەر» دېيىش بىزنىڭ ئادىتىمىزگە ئايلىنىپ قالدى. مەن ھەر قېتىم بېيجىڭغا مېڭىشنىڭ ئالدىدا ئابدۇكېرىم ماڭا: «ئاداش، بېيجىڭغا بارساڭلار، ئادەم قورقىتىدىغان گەپلەردىن بىر ئاز ئالغاچ كېلىڭلار» دەپ چاقچاق قىلاتتى.

شۇ چاغلاردا شىنجاڭنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىۋاتقان
بەزى يولداشلارنىڭ كاللىسىدا قاتماللىق بىلەن «سول» ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ تەسىرلىرى
ھەقىقەتەنمۇ ئېغىر ئىدى. مانا مۇشۇنداق قاتمال كۈچلەر شىنجاڭنىڭ ئىدىيىنى ئا-
زاد قىلىش ۋە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش قەدىمىگە زور توسالغۇ ئىدى. ئابدۇكېرىم بۇ
خىل ۋەزىيەتتىن نارازى بولۇپ: «ئۇلار شىنجاڭنىڭ ئالاھىدىلىكى» دېگەن سۆزنى
ئىسلاھاتقا نىسبەتەن پاسسىپلىق قىلىشنىڭ باھانىسىگە ئايلاندۇرۇۋالدى» دەيتتى، «با-
ھار شاملى يۈيمېنگۇەندىن ئۆتمەيۋاتىدۇ» دېگەن سۆزنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى.

ئابدۇكېرىمنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن يېزىلغان شېئىرلىرىدا مۇستەقىل
پىكىر قىلىش، ئىجادىي ئىزدىنىش روھى كۈچلۈك ئىپادىلەندى، ئىسلاھاتقا بولغان
قىزغىن ئالقىش ھەم مەدھىيە سادالىرى كۈچلۈك ياڭرىدى، قاتماللىققا ئۆتكۈر تىغ
سانجىلدى. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئۈستىدە ھەر خىل غۇلغۇلىلار مەيدانغا چىقتى،
ئۇنىڭغا يوشۇرۇن ئوق ئاتقانلارمۇ بولدى. يىغىپ كەلگەندە، بۇ «سول» چىل قات-
مال كۈچلەرنىڭ چىدىيالمىغانلىقىنىڭ بىر خىل ئىپادىسى ئىدى.

ئابدۇكېرىم خۇش چاقچاق، مەشرەپ - سورۇنلارغا پەيزى قوشىدىغان ئۆلپەت ئىدى.
نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى قاتارلىق ئۇيغۇر يۇمۇرىستىك ئەدەبىياتى بىلەن تو-
نۇشۇش ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەنىدى. ئۇنىڭ خۇش چاق-
چاقلىقى بىلەن ھەزىلكەشلىكى كىشىلەر بىلەن دوستلىشىش ۋە مۇناسىۋەتلىشىش جەھەتتە
ئىنتايىن روشەن ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

ئابدۇكېرىم چىقىشقاق ئىدى، ئىتتىپاقلىقنى قەدىرلەيتتى، بولۇپمۇ ئاتالمىش
«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەۋرىدە «زىددىيەتلەردىن پايدىلىنىش» دەيدىغان سەپ-
سەتە ئارقىلىق يولداشلار ئارا دۈشمەنلىك ئۇرۇقى چېچىلغاندا ياكى چوڭ ھەق، چوڭ
ناھەق مەسىلىلىرى ئاستىن - ئۈستىن قىلىنغان ھالقىلىق پەيتلەردە سەپداشلىرىنى كۆيە-
دۈرۈپ ئوتقا تاشلايدىغان پەسكەش قىلىقلار بىلەن شۇغۇللانمىغانىدى.

ئابدۇكېرىمنىڭ پەقەت ئۇيغۇرلار ئارىسىدىلا ئەمەس، بەلكى ھەرقايسى مىللەت-
لەر ئىچىدىمۇ ناھايىتى كۆپ دوستلىرى بار ئىدى. ئۇنىڭ كېيىنكى يىللاردا ۋاڭ مېڭ.
ئەي چېڭ، جاڭ جېمىن، خې جېڭجۇ، خاۋ گۇەنجۇڭ قاتارلىق يولداشلار بىلەن ئورناتقان
چوڭقۇر دوستلۇقى شەكىلۋازلىقنىڭ ئەمەس، بەلكى سەممىي دوستلۇقنىڭ تىپىك مى-
سالى بولالايدۇ. ئۇنىڭ دوستلۇققا تۇتقان مۇشۇنداق سەممىي پوزىتسىيىسى بىزنىڭ
ئەستايىدىل ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

ئابدۇكېرىم كېيىنكى يىللاردا ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، 4 - 5 يىل كېسەلنىڭ
قاتتىق ئازابىنى تارتتى. شۇنداقتىمۇ، سالامەتلىكى سەللا ياخشىلىنىپ قالغان چاغلىرىنى پۈ-
تۈنلەي دېگۈدەك ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن ئەدەبىي تەرجىمىگە سەرپ قىلدى. مەن بىر قېتىم
ئۇنىڭغا: «ئاداش، ئۆزەڭلارنى ئاسراڭلار، بۇ ئىشلارغا نېمانداق ئالدىرايسىلەر؟» دېسەم،

(داۋامى 40 - بەتتە)

ياسىن خۇدابەردى

## ئۇ قەلبىمىزدە مەڭگۈ ھايات

ئاتاقلىق شائىر ۋە ئەدەبىي تەرجىمان ئابدۇكېرىم خوجىنىڭ ۋاپاتىغا چوڭقۇر قايغۇ ئىچىدە تەزىيە بىلدۈرىمەن.

مەرھۇم شائىر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ئۆز ئىجادىيىتى بىلەن ئۆچمەس تۆھپە قوشقان. ئۇنىڭ نۇرغۇن شېئىر، يۇمۇر ۋە ساتىرىلىرى خەلقنىڭ قىزىقىپ ئوقۇيدىغان ئەسەرلىرىگە ئايلانغان. شۇڭا ئۇ دائىم خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر ئىدى. مەرھۇم ئۆز ئىجادىيىتىدە ھەقىقەتنى كۈيلەيتتى، چىنلىقنى ھۆرمەت قىلاتتى، جەمئىيەتنىڭ يورۇق تەرىپىنى يېزىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ھەرخىل نۇقسانلارنى توغرا كۆزىتىپ، بولمىغۇر ئىشلارنى، خىزمىتىمىزدىكى كەمچىلىك، خاتالىقلارنىمۇ يۈرەكلىك بىلەن دادىل پاش قىلاتتى، قامچىلايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭ يازغان بىر مۇنچە ھەجۋىي ئەسەرلىرى كىشىلەر قەلبىدە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغانىدى.

ئۇنىڭ ئۆتكەن يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتىگە بېرىپ، ئىسلاھاتتىن كېيىنكى يېزىلارنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى، دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ يازغان شېئىرلىرىدا نۇرغۇن دېھقانلارنىڭ ئۆز ئەمگىكىگە تايىنىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە نۇرغۇن دېھقانلارنىڭ نامراتلىقتىن تېخى قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەنلىكى ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

بەزىلەر ئۇنىڭ يازغان شېئىرلىرىدىن ئەتەي پۇتاق چىقىرىپ، بۇرمىلاپ، ھەيۋە قىلىپ باققان بولسىمۇ، شائىر ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇپ، ئۆزىدىكى ئىشەنچ ۋە شىجائەتنى نامايان قىلىپ، ئىغۋالارغا پىسەنت قىلماي، ئۆز ئىجادىيىتىنى يەنىلا داۋاملاشتۇرۇۋەرگەنىدى. مەرھۇم مەن بىلەن بىر قېتىم سۆزلەشكەندە، چىنلىق ۋە ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ ئۈستىدە توختىلىپ، بۇرۇن ئۆتكەن بىر شائىرنىڭ مۇنۇ بىر كۇپلېت شېئىرىنى چوڭ ئىشتىياق بىلەن ئوقۇپ بەرگەنلىكى ئېسىمدە:

تومۇرۇمنىڭ قاپىلىك تېپىشى،
يۈرىكىمنىڭ ساقلىقىدىن شۇنداق.

شېئىرىمنىڭ تومۇرى، غايىسى ھەم
شۇ يۈرىكىمدەك ساق، كۆڭلۈمدەك ئاپئاق.

ئابدۇكېرىم خوجا ئەدەبىيات - سەنئەت سېپىمىزدە ئاتاقلىق شائىر بولۇش بىلەنلا ئەمەس، بەلكى تەرجىمانلىق بىلەنمۇ مەشھۇر ئىدى. ئۇ خەنزۇ كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىرىنى، شۇنىڭدەك ھازىرقى زامان خەنزۇ يازغۇچىلىرى ۋە شائىرلىرىنىڭ نادىر ئەسەرلىرىنى ئۇيغۇرچىغا، بەزى ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ، خەنزۇ خەلقى بىلەن ئۇيغۇر خەلقى ئوتتۇرىسىدا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش، مىللەتلەرنىڭ بىر - بىرىنى چۈشىنىشى، ئۆز ئارا ئۆگىنىشى، دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈرۈشىدىمۇ كۆۋرۈكلۈك رول ئويناپ، ئالاھىدە تۆھپە ياراتقان.

شائىر «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ ئېغىر زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئۆز ئىرادىسىدىن قايتماي، پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن خەلقىنىڭ قەلبىنى يورۇتىدىغان ۋە يېڭى باھارنى كۈيلەيدىغان خېلى نۇرغۇن نادىر شېئىرىي ئەسەرلەرنى يازدى.

مەرھۇمنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىمۇ ئىنقىلابىي ئۈمىدۋارلىق بىلەن تولغانىدى. ئۇ كېسەللىنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ كېسەللىكىگە قارشى تىز پۈكمەي كۆرەش قىلىپ، تاكى جان ئۈزگۈچە ئۈمىدۋارلىق بىلەن ياشىدى.

مەرھۇم شائىر ئۆزىنى دائىم ئاما ئىچىگە قوياتتى. ئۇنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدا: «ۋاپات بولسام مېنى ئاممىۋى زەرەتگاھلىقتا دەپنە قىلىڭلار، ئاما بىلەن بىللە ياتاي» دەپ ۋەسىيەت قىلىشى شائىرنىڭ پانىي دۇنيادىلا ئەمەس، باقىي دۇنيادىمۇ ئاما بىلەن بىللە بولۇدىغان ئالىيجاناب روھىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى نامايان قىلدى. مەرھۇمنىڭ بۇ ئالىيجاناب پەزىلىتى جامائەت ئارىسىدا چوڭقۇر ئىنكاس قوزغىدى.

شائىر بىزدىن ۋاقىتسىز ۋىدالاشقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ نامى ئەسەرلىرى بىلەن بىللە خەلقىمىزنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ.



ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

## بىر يۇلتۇز ئۆچتى

بىر يۇلتۇز ئۆچتى، بۇرجىدىن كۆچتى،
كۆچتى سامانىڭ تىنىق يۈزىدىن.
ئىككى تال مەرۋايىت ئۈزۈلۈپ چۈشتى
جەڭگاھتا كىشنىگەن تۇلپار كۆزىدىن.

بىر يۇلتۇز ئۆچتى، شولىسى قالدى،
قالدى مىسرالار ئىچرە يالتىراپ.
شائىر ئۆچۈن بۇ نېمىدېگەن بەخت،
قالغان ئىزىدىن گۈل ئۈنسە چاقناپ.

بىر يۇلتۇز ئۆچتى، بۇرجىدىن كۆچتى،
كۆچتى مەڭگۈلۈك ئارامگاھ تامان.
مىسرالار بولغۇسى ھەيكىلىڭ سېنىڭ،
ئۇنۇتماس سېنى ئەل، ئۇنۇتماس زامان.

نى خانۇ - خاقانلار كۆز يۇمدى، كەتتى،
تۇرداخۇن ئاكىنىڭ ساتارى قالدى.
تارىخنى ھېچكىم ئالدىيالمايدۇ،
يۇلتۇزۇڭ ئۆچسىمۇ، ئەنۋارى قالدى.

ئەلقەم ئەختەم

## ئۆچۈپ كەتمەيسەن

تۇندەك — كېچىدەك قاپقارا بۇلۇت
باسقاندا يۇرتنى، شۇم ئاخشام، دېدىڭ.
ئىسلار پۇرقىراپ، تۇتاشقاندا ئوت،
جەننەت ئىزدەيمەن، شۇ ناخشام، دېدىڭ.

شۇ ئاخشاڭ بىلەن بوسۇپ تاغلارنى،
ئاسرايمەن دېگەن بىزنىڭ باغلارنى.
بايقىغان، كۆرگەن سەن ئۆزۈڭ، شائىر،
يۈرەكلەردىكى قارا داغلارنى.

شېئىرىڭ - ئىجادىڭ تىرەن ۋە چوڭقۇر،
ھەربىر مىسراسى ئىلھام بىلەن زوق.
ئايدىڭ ۋە روشەن تىزىلغان ھەر قۇر،
دىللاردا قاينار ئىلمىگە ئۇزۇق.

شېئىرىڭنى سېنىڭ ئوقۇسام، دوستۇم،
كۆلۈپ يۈرىكىم، كۆڭۈل قاناتتى.
نېمە ئۈچۈندۇر زوقلىنىپ دەم - دەم،
تويماستىن دىللار، ئوتلار ياناتتى.

بۈگۈن يۇلتۇزدەك كۆچۈپ كەتتىڭ سەن،
ئەمما ئالەمدىن ئۆچۈپ كەتمەيسەن.
ئېلىم قەلبىدە يانغان بىر نۇرسەن،
ھەرگىز كۆزلەردىن ئۆچۈپ كەتمەيسەن.

**توختى سابىر**

## ئۆلمەس شائىر

كىم دەيدۇ، دوستۇم، سىنى ئۆلدى دەپ، جەڭ بايرىقىڭ ھەم بىرگە لەپىلدەپ،
كىشىلەر قەلبىدە ھەيكىلىڭ بارغۇ، ئالتۇن نۇر چېچىپ پارقىرار مەڭگۇ.

**تۇردى سامساق**

## ھەيكەل

ھەيكىلىڭ قالدى كۆكۈللەر باغىدا،
بەلكى تارىخىڭ گۈزەل بىر بابىدا.
ئەھلى ئەۋلاد چىن ئەدىبىڭ خۇلقىنى
كۆردى سەندەك جانىجان ئەربابىدا.
جەڭگىۋار قەلبىڭ قەلەمگە جور بولۇپ،
ئالغا يۈكسەلدىڭ بۆسۈپ ھەر بابىدا.
ساتمىدىڭ ۋىجدان، نومۇسنى نەپ ئۈچۈن،
كۆيسىمۇ باغرىڭ ئەلەم زەردابىدا.
بەزىبىر بەتخۇي، ھەقىقەت كورلىرى
تۇرسىمۇ تۆھمەت گۆرى گىردابىدا؛
بارچە بوھتاننى پىسەنتكە ئىلمىدىڭ،
قۇستى قان شۇم پىتنىخور دەرد داغىدا.
«ئەل بىلۇر ئەرنى...» دېگەن ھەق سۆز
ئىكەن،
كۆردى كۆزلەر قەبرىگاھ تۇپراقىدا.
ماتىمىڭگە مىڭلىغان جان جەم بولۇپ،
تاۋۇتۇڭنىڭ تۇردىغۇ ھەر ياقىدا.
«ئەل قاتارىدا ياتاي...» دەپ، سۆز بېرىپ،
جاي - ماكانىڭ بولدى ئەل قۇچاقىدا.
ئەلۋىدا، ئەي جان قەلەمداش ئەلۋىدا،
ھۆرمىتىڭگە باش ئىگەرمەن باشتىمەن،
شۇ مۇبارەك ھەيكىلىڭنىڭ ئالدىدا.

**رەھمىتۇللا جارى**

## شائىر خاتىرىسىگە

قايغۇغا چۆمدۈردى ئاخىر بىزنى ھىجران - پۇرقىتىڭ،
تىلدى خەنجەردەك يۈرەكنى بۇ تۇيۇقسىز قىسمىتىڭ.

شۇم ئەجەل چىش قايرىغاندا قىلچىلىك مەگسىتمىدىڭ،
ھەممىنى ھەيرەتتە قالدۇردى شىجائەت - غەيرىتىڭ.

چوڭ - كىچىككە كەڭ ئىدى، ئىللىق ئىدى مېھرىڭ ئۆيى،
بار ئىدى ياپراتقۇدەك غەمكىن كۆڭۈلنى خىسلىتىڭ.

جانلىناتتى بەزمىمىز خۇش خۇيلۇقىڭدىن ھەر زامان،
زوق بېغىشلايتتى ئەجەب ھەر چاقچىقىڭ، ھەر سۆھبىتىڭ.

خوش ناۋا كۈيچى ئىدىڭ سەن شېئىرىيەت بوستانىدا،
بىر ئۆمۈر سىڭدى كۈيۈڭگە قان، تەرىڭ ھەم مېھنىتىڭ.

سەن ۋەتەن، خەلق ئالدىدا بۇرچىڭنى ھېس قىلدىڭ ئۇلۇغ،
شان - شەرەپ بەردى ساڭا قىلغان ئۇلۇغۋار خىزمىتىڭ.

يادىمىزدىن چىقمىغاي ئەسلا مۇبارەك خاتىرەڭ،
سەن شېھىتسەن، سەن تىرىكسەن، ئۆچمىگەي نام - شۆھرىتىڭ.

مۇھەممەت رەھىم

## باھار بۇلبۇلىغا مەرسىيە

دەرىغا، ئايرىلىپ قالدۇق بۈگۈن بىر ياخشى يولداشتىن،
سۆيۈملۈك، ئىپتىخارلىق، ئوت يۈرەك شائىر قېرىنداشتىن،
مۇسىبەت قايغۇسى ئەزدى تېگىپ مۆلدۈر كەبى باشتىن،
يۈرەكمۇ گۆش ئىكەن يۇمشاق، يارالغان بولمىغاچ تاشتىن،
چىدالماي چاكى - چاك بولدى ئادا بولغاندا بەرداشتىن.

تۇغۇلدى، ئۆستى، ئۇلغايدى، دېدى: «خەلقىمگە مەن ئوغلان،
يۈكۈم مول ئەھلى كارۋانمەن، ئەمەسمەن بەھرىسىز مېھمان».
دېگەندەك ياشىدى شۇنداق، ساداقەتنى قىلىپ مىزان،
رىيازەت ھەممە كۆلپەتنىڭ بېشىدا ياندۇرۇپ گۈلخان،
كۆرەشتى ئەل بىلەن بىللە، بولۇپ خالى پىغان، ياشتىن.

قەلەمنى قىلدى قۇدرەتلىك قورال ھەم بەيگىدە تۇلپار،
ئىجاد چۆل - دەشتىدىن قازدى گۈزەل، شېرىن تۈمەن ئەشئار،
يېتىلگەن ئىككى تىللىق خۇش ناۋا بۇلبۇل ئىدى داڭدار،
ئۇنىڭ مىسرالىرى يىللار، ئەسىرلەر بويىدا زۇننار،
ئىجادىي تۆھپىدە ئاز - ئاز تېپىلغاي ئاڭا ئوخشاشتىن.

يېپىشتى شۇم ئەجەل، ئەپسۇس، رەھىمسىز، ۋەھشىي راك ئاتلىق،
كۆرەڭلەپ ئالدىراپ كەتتى قىلىشقا قەتلى - جاللاتلىق،

بىراق تىز پۈكمىدى شائىر ھاياتقا پۈت تىرەپ قاتتىق
ۋە ئەرزائىل بىلەن چاقچاق قىلىشتى ياغدۇرۇپ شادلىق،
شاپائەت كۈتمىدى قىلچە ئۆلۈمدەك تەلۋە - بەڭباشتىن.

باھارغا ئىشتىياق باغلاپ، يۈرەكتىن كۈيلىگەن شائىر،
باھارنى چەيلىمەك بولغان قوپۇنغا كۆنمىگەن شائىر،
ئاران ئاتمىش باھار كۆرگەن، زىيادە كۆرمىگەن شائىر،
لەھەتتە ياتسىمۇ جىسمى، كۆڭۈلدە ئۆلمىگەن شائىر،
قەلەمنى قالدۇرۇپ بىزگە، ئەبەد توختاپتۇ سايراشتىن.

مۆمىن سەپىرى

## ئۆچمەس يۇلتۇز

ئېچىندىم بىزدىن ۋاقىتسىز ئايرىلغانغا، خەلقىنىڭ يۈرەك سۆزىنى تېپىپ ئۆتتۈڭ.
شېخىدىن قىزىلگۈلنىڭ قايرىلغانغا. مەردكە خاس خىسلەت بىلەن شوم يىللاردا،
سەن بۇلبۇل ئىدىڭ باغدا نازاكەتلىك، دەھشەتلىك ئۇپقۇنلارنى يېرىپ ئۆتتۈڭ.
ھەر يۈرەك ئىچەتتى سۇ سايرىغاندا. ھەر چېلىش، ھەر بەيگىدە بەرمەي،
چاقنىغان يۇلتۇز بولۇپ ئاسمىنىمدا، دۇلدۇلدەك ھارماي تىزگىن سىېرىپ ئۆتتۈڭ.
يورۇتۇپ تۈنگە چىراغ يېقىپ ئۆتتۈڭ. ئەل رازى، دوستلار رازى، ئەۋلاد رازى،
ئىزىڭ بار ۋەتىنىمدە ئۆچمەيدىغان، بارىڭنى ۋەتەن - ئەلگە بېرىپ ئۆتتۈڭ.
لاچىندەك كۆكتە قانات قېقىپ ئۆتتۈڭ. ئەبەدىي ئۇنۇتمايمىز سېنى، چۈنكى
يىغلىدىڭ ئەل يىغلىسا، كۈلسە كۈلدىڭ، قەلبىمىز بېغىغا گۈل تېرىپ ئۆتتۈڭ.

خەلىم سالىخ (خۇيزۇ)

## ئەلۋىدا، ئاكا!

نەۋ باھاردىن قۇۋۋەت ئېلىپ، روھلىنىپ، چىمەنزاردا، ئېدىرلاردا، باغلاردا...
باھار بىلەن باشلىۋىدىڭ ناخشاڭنى. مىسرالىرىڭ ئايلانغانتى چېچەككە.
سۆلىمسۆن دەپ باھار گۈلى ھېچقاچان،
ئىشلىۋىدىڭ تاڭغا ئۇلاپ ئاخشامنى. بۈگۈن كەتتىڭ... بىزنى تاشلاپ قايغۇدا،
كەتتى كۆزۈڭ تا ئەبەدىلىك ئۇيقۇغا.
باھار بىلەن كەلگەن ئىدى قۇرلىرىڭ، لېكىن قالدى پاكىراق ناخشاڭ بىز بىلەن،
ئىلھام بەرگەن تالاي - تالاي يۈرەككە. قەلبىمدە سەن مەڭگۈ، ئاكا، ئەلۋىدا!...

سۇلايمان ئۆمەر (قىرغىز)

## ئاھ، ئېسىت!

تۇنجى ئەۋلاد شائىر چىقىپ شارلار تىغى باغرىدىن،
داستانلىرى فونتان بولۇپ ئېتىلدى كۆك قەرىگە.
كۆيلىدى ئۇ ئىككى تىللىق بولۇپ زامان روھىنى،
يىپەك يولى يىپلىرىنى چېتىپ يېڭى دەۋرگە.

ۋاراقلىسام خاتىرەمنى بار خوجايوپ شېئىرلىرى،
ئۇ قېرىنداش ئۇيغۇر خەلقى شائىرلىرىنىڭ پىرى.
ئۇخلاتسىمۇ تەبىئەت ئۇنى «تەنھا» بۆشۈكتە،
ئۇنتۇلمايدۇ قەلبىمىزدە ئۇنىڭ ئىش - ئىزلىرى.

ئەجەل ئۇنى ئېلىپ كەتتى قارا تۇپراق قوينىغا،
بىراق قالدى تۆھپىلىرى تارىخىمىز بېتىدە.
ۋىدالاشقان چېغىمىزدا ئاقتى دوستلۇق ياشلىرى،
ۋە تىكلەندى قەلبىمىزدە مەڭگۈلۈك بىر ئابىدە.

بۇ دۇنيادىن كىملەر كەتمەس ئەجەل كەلسە ئەگەردە،
لېكىن يېڭەر شۇم ئەجەلنى شائىرلار ئېيتقان غەزەل.
ھەسرەت - قايغۇ ئىچىدە دېسەكمۇ بىز «ئاھ، ئېسىت!»
لېكىن ياسار شېئىرلىرى قەلبىمىزدە بىر ھەيكەل.

ئەخمەت پاسار

## ئەلۋىدا، قەدىردان سەپدىشىم!

ئەلۋىدا، بىر تۇغقىنىمدەك چىن قەدىردان سىردىشىم،
جىق سىناقلار قايىنىمىغا بىللە چۈشكەن سەپدىشىم.
كەلگەنىدىم چىن دىلىمدىن ساڭا قۇتلۇق كۈن تىلەپ،
«ئۆتتى ئالەمدىن» دېگەندە قالدى ئەقلىم تەمتىرەپ.
يىغلىدىم، ئاھ، ئەسكە كېلىپ بار پەزىلەت - خىسلىتىڭ،
ئەس - ھوشۇمنى قايتا بەنتكە ئالدى ھۆرمەت - ئىززىتىڭ.

دوست - قەلەمداشلار ئىدۇق بىر نەۋقىران ياش چاغدىلا،
ئاشۇ دوستلۇققا نىشاندۇر «لى زىچىك»، «قىزىل قىيا»...
ئەسكە كەلدى «جىن» ئاتالغان چاغدىكى «دىل داغلىرىڭ»،
تامچىلىقتىن شېئىرىيەتتەك گۈل چىقارغان چاغلىرىڭ...
ئاز جاپا سەن چەكمىگەن ئەللىكتىن ئاشقۇنچە يېشىڭ،
كۆپ چېنىقتىڭ، كۆپنى بىلدىڭ كۆپنى كۆرگەچكە بېشىڭ.
قىشتا تىترەپ يۈرمىدىڭ قورقۇپ سوغۇقنىڭ ئەپتىدىن،
يازدا مەست بوپ ياتمىدىڭ تەييار پاراغەت دەستىدىن.
قوغلىنىپ قىش، كەلدى باھار، كۈلدى جانىڭ يايرىدى،
شوخلىنىپ ئۆتكۈر تىلىڭ بارغانچە خۇشراق سايرىدى.
ئەقلى تولغۇن، پىكرى پىشقان كەڭ نەزەر شائىر ئىدىڭ،
تەرجىمانلىق بابىدا ھەم خۇپ چېۋەر نادىر ئىدىڭ.
بۇۋاقىت ئالەمدىن ئۆتتۈڭ، ئىستىكىڭ ئۆلمەس بىراق،
بولغۇسى پارلاق ئىجادىڭ بىر ئۆچۈن ئۆچمەس چىراغ.

ئىلى زاھىت

## ئەلۋىدا

مەرىپەت كۆكىدە بىر يۇلتۇز ئىدىڭ
خۇددى كۈندەك نۇر چېچىپ چاقنايدىغان.
يۈرىكىڭدە ئون قۇياشنىڭ تەپتى بار،
جەڭچى ئىدىڭ چېلىشىپ ھارمايدىغان.

كەتتى جىسمىڭ ئايرىلىپ بىزدىن يىراق،
ئەمما روھىڭ بىزگە ھەمراھ ھەممە چاغ.
شېئىرىڭنىڭ ھەر قۇرى بىر ئابىدە،
مەردلىكىڭ، قەيسەرلىكىڭ دىلغا چىراغ.

دىلىمىزنى پارە ئەيلەپ، كۆيدۈرۈپ،
بىمەھەل ئۈز قويىنىغا ئالدى ئەجەل.
ھەي ئىسسىت، ئوتتەك يېنىپ ئۆچتۈڭ ئەجەب!
قالدى نامىڭ دىلدا بوپ مۇڭلۇق غەزەل.

قويىنىغا ئالدى سېنى ھۆرمەت بىلەن
بېلىگە ئاق باغلىغان بوغدا ئاتا.
ئۇنتۇماس سەبداشلىرىڭ، خەلقىڭ سېنى،
ساقلىنارسەن دىلدا ئەبەت!
ئەلۋىدا!

ئابلىكىم تۇردى

## ئۇستازىمغا مەرسىيە

تىل، شېئىر بابىدا بىر پىر ئىدىڭىز،
جەڭگىۋارلىق بابىدا شىر ئىدىڭىز.

تەۋرىمەي جۇدۇن، بوران - چاپقۇندا،
ھەرزامان ئەل - يۇرتنى چىن كۆيلىدىڭىز.

ئېھ، سۆيۈملۈك، مېھرىبان ئۇستاز...دېسەم،
ھۆرمىتىم پەرۋاز قىلىپ قۇچار ساما.
قول بېرىپ ئۆسمۈر چېغىمدىن زوق بىلەن
ئۆگىنىپ كەلگەچكە مەن سىزدىن، ئاكا.

بىر زامان بېشىمنى غەم باسقان چېغى،
سىز دېگەن: «دەردمەن يىگىت، مەردانە بول!»

ئەسلىسەم شۇ مېھرىڭىزنى... ئا.خوجا،
كۆز يېشىم تارام - تارام، قەلبىم مالال.

سىز ئىدىڭىز بۇ گۈلىستان بۇلبۇلى،
كۈيچىسى ئەلنىڭ — ۋەتەننىڭ، ئەلۋىدا،
قالدۇرۇپ ئەۋلادقا شانلىق ئۈلگىلەر،
كەتتىڭىز مەھشەرگە بوپ بىزدىن جۇدا.

مەمتىمىن بارى


## ئەلۋىدا، شائىر

بەك ۋاقىتسىز ئۆچتى نۇرلۇق بىر يۇلتۇز،
قىلدى بىزنى قايغۇ - ماتەمگە ئەسىر.
ئاڭلىغاندا بۇ خەۋەرنى يەر - جاھان،
ئىختىيارسىز چۆمدى ھەسرەتكە ئېغىر.

نامى مەشھۇر، ئوت يۈرەك شائىر ئىدى،
رەھمى قىلماي شۇم ئەجەل كەتتى ئېلىپ.
بولمىغاچقا راكقا دۇنيادا ئامال،
بىزمۇ قالدۇق چارىسىز ئېغىر تىنىپ.

كەتتى مەڭگۇ بىز بىلەن ۋىدالىشىپ،
قالدى قىممەتلىك ئېسىل، مول تۆھپىسى.
يىل - ئەسىرلەر قانچە كۆپ ئالماشسىمۇ،
روھىي ئەۋلادلار بىلەن شاد ئۆتكۈسى.

چۈنكى ئۆلمەيدۇ ئىجادكار ھېچقاچان،
يادلىنار تىللاردا نامى كەلگۈسى.
ئەل ئۈچۈن قىلغان ھېسابسىز ئەجرىنىڭ،
ناخشا - كۈي، نەزمە - نەسىرلەر بەلگىسى.



مۇھەممەتئېلى زۇنۇن

# قوش مەسچىت

(ھېكايە)

## 1

بوۋا، مۆھتىرەم بوۋا، سەن ئېيتىپ بەرگەن چۆچەك - رىۋايەتلەر نەقەدەر ئاجايىپ - غارايىپ ۋە قىزىقارلىق ئىدى- ھە؟ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە دۇنيانىڭ ئۇ چېتىگە يېتىپ بارالايدىغان ئۇچار گىلەم، ئۇچار دۇلدۇللار، خاسىيەتلىك جاھاننەما ئەينەكلەر، «ئېچىلىڭ داستىخىنىم» دەپ بولغۇچە تۈرلۈك - تۈمەن نازۇ - نېمەتلەرگە تولۇپ تۇرىدىغان خىسلەتلىك داستىخانلار، بەدنىيەتلەرنىڭ جېنىنى ئېلىپ جاڭگالدا قويىدىغان سېرلىق توقماقلار...

بوۋا بىر كەچقۇرۇنلۇقى ماڭا مۇنداق بىر چۆچەك ئېيتىپ بەرگەنىدىڭ:

ئىشقى سەۋداسىغا مۇپتىلا بولغان ئارزۇلۇق شاھزادە ۋىسال يولىغا راۋان بولۇپتۇ. گىياھ ئۈنمەس چۆل، قۇش قونماس تاغلاردىن ئۆتۈپتۇ، قاراقچىلارغا ئۇچراپ، ئەسلى - ۋەسلىدىن ئايرىلىپتۇ. ئاخىرى يىگانە بىر مەملىكەتنىڭ مەركىزىي شەھىرى ئەتراپىدا ئۇتتۇنچىلىق قىلىشقا مەجبۇر بولۇپتۇ. ئادەم گۆشىدە مايتا ئېتىپ ساتىدىغان مانتىپەزنىڭ قاپقىنىغا دەسسەپ، ئۇنىڭ يوشۇرۇن زىندانىغا چۈشۈپ قاپتۇ. قارىسا، نەچچە ئونلىغان شور پېشانە يىگىتلەر ئىڭراپ ياتقۇدەك. ئايپالىتلىق بەدەيۋەت جاللاتلار كىرگەن ھامان «مەن ئورۇق، ئۇ سېمىز، سەن سېمىز، مەن ئورۇق» دەپ بىر - بىرىنى ئىتتىرىۋاتقۇدەك. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئورۇقمۇ، سېمىزمۇ تۈگەپ كېتىۋاتقۇدەك...

قىزىقىپ ئاڭلىغىنىم، جاۋابسىز سوئال، تەشۋىشلىك خىياللار ئىچىدە ئۇخلاپ قالغىنىم ھېلىمۇ ئېسىمدە. چۈش كۆرۈپتىمەن: ئاشۇ قورقۇنچلۇق قاراڭغۇ زىنداندا تۇرغۇدەكمەن. ئايپالتا كۆتۈرگەن بەدھەيۋەت جاللاتلار كىرىپ: «سېمىزلىرىڭ بۇ ياققا ئۆتۈش!» دەپ ۋارقىرىغۇدەك. ئېچىرقاپ كەتكەن چىلبۆرە كىرىۋالغان چوڭ قوتاندىكى قوي پادىسىدەك بىچارە ھالغا چۈشكەن بىئەقىل تۇتقۇنلار «مەن ئورۇق، ئۇ سېمىز» دەپ بىر - بىرىنى ئىتتىرىشىۋاتقۇدەك. ئىتتەر-

كەنلەرمۇ، تىرەجىگەنلەرمۇ بارا - بارا توگەپ، نۆۋەت ماڭا كەلگەنىمش. «سەن ھەممىدىن كىچىك ۋە ھەممىدىن ئورۇق بولساڭمۇ، — دەپ سۆرەۋاتقانىمىش ئۇلار، — بىرقانچە قاسقان مانتىغا يارايسەن، يۈر!» تىرەجەپ تۇرۇۋالغۇدەكمەن، ئۇلار سۆرىيەلمىگۈدەك. ئاخىرى ئۇلار: «بوپتۇ، مۇشۇ يەردىلا جېنىنى ئالايلى!» دەپ ئاييالتىنى ئېگىز كۆتۈرگۈدەك...

— بوۋا!... — دەپ ئويغىنىپ بوينۇڭنى شۇنداق قۇچاقلىۋاپتىمەنكى، تىنالماي قاپسەن.

— بالام، نېمە بولدۇڭ؟ مەن بار، قورقما!— دېدىڭ ئىسسىق باغرىڭغا مەھكەم بېسىپ.

ئېغىز - بۇرۇنلىرىمنى قوقاق بېسىپ كەتتى. نەچچە كۈنلەرگىچە قىزىتىپ جۆيلۈپ چىقتىم. بۇ چۆچەك بىلەن چۈش زادىلا ئېسىمدىن چىقمىدى. ئۆسمۈرلۈك دەۋرىگە يەتكەندە كۆپىرەك ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم: «مەن ئورۇق، ئۇ سېمىز» دەپ بىر - بىرىنى ئەجەل گىردابىغا ئىتتىرىدىغانلار ئەينى زامانلاردىلا بولۇپ ئۆتكەنمۇ؟ ھازىر توگەپ كەتتىمۇ؟ بىزنىڭ كوچىدا يوقمۇ؟...

مەن توغۇلۇپ ئۆسكەن كوچامغا نەزەر سالاتتىم.

2

كوچىمىز — ئوغاقسىمان ئاي شەكىللىك خالتا كوچا. ھازىر «قوش مەسچىت» دېمىسە ھېچكىم بىلمەيدىغان بۇ كوچىمىزنىڭ ئەسلى نامى «ئاي كوچا» ئىكەن. شۇنداقمۇ، بوۋا؟

19 جۈپ دەرۋازا بىر- بىرىگە قارىشىپ تۇرىدىغان بۇ خالتا كوچىمىزدا كۆلىمى، قۇرۇلۇش نۇسخىسى، مۇنارگۈمبەزلىرىنىڭ ئېگىزلىكىدىن تارتىپ، ئىچكى - تاشقى نەقىشلىرىگىچە ئوپمۇ ئوخشاش ئىككى مەسچىت بار. ئۇنىڭ سىرىدىن تارتىپ، پرامىداسىمان قالپاقلىق مىخلىرىغىچە تامامەن ئوخشايدىغان ئىككى دەرۋازىسىمۇ بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرىدۇ. ئىككى مەزىن بىرلا ۋاقىتتا ئەزان ئېيتىدۇ. قارىمۇ قارشى ئىككى دەرۋازىدىن تەڭ چىققان ئىككى مۇسۇلمان بىر - بىرىگە سالام بېرىشمەيدۇ، تىنچ - ئامانلىق سوراشمايدۇ. ئوڭ ياقتىن چىققىنى ئوڭ ياقتىكى، سول ياقتىن چىققىنى سول ياقتىكى مەسچىتكە راۋان بولىدۇ. ھېيت - ئايەم كۈنلىرى ئىككى ياقنىڭ جامائىتى ئىككى توپ بولۇپ، چوڭ جامەگە قاراپ ماڭىدۇ. بىر - بىرىنىڭگە ھېيتلىمايدۇ، قۇدا - باجا بولۇشمايدۇ. بۇ تەرەپتىكىلەر ھېيت ئۇزىتىۋاتسا ، ئۇ تەرەپتىكىلەر توي نەغمىسى چېلىشىۋېرىدۇ. ئىككى ياقتىكى باللارنىڭ ئۆز ئارا دوست - ئاداش بولۇشىغا يول قويۇلمايدۇ. بۇ تەرەپتىكى باللارنىڭ لەگلىكى ئۇ تەرەپ بوشلۇقىدا پەيدا بولغان ھامان شۇ تەرەپ باللىرىنىڭ تاش - چالمىلىرى زەربىسىدىن ئۆتمىتۆشۈك بولماي قالمايدۇ. ئۇ تەرەپتىكى كەپتەرۋازلار بۇ تەرەپتىكىلەرنىڭ كەپتىرىنى تۇتۇۋالغان ھامان قانات - قۇيرۇقلىرىنى يۇلۇپ - يۇڭداپ ئاسمانغا ئاتىدۇ. بۇ ياقتىن - ئۇ ياققا ئۆتۈپ قالغان خوراز - مىكيانلارنىڭ ھەرقاندىقى ئۆز كاتىكىگە قايتىپ كېتەلمەيدۇ. باشقا

كوچىلارنىڭ ئۈستىگە قانچىلىغان كۆتۈرمە ئۆيلەر سېلىنغان. بىرىنىڭكىدە بىرسىمۇ يوق. ئىككى تەرەپ ئىناق بولمىسا، بىر - بىرىگە يول قويمىسا، كۆتۈرمە ئۆي سالغىلى بولمايدىكەن. شۇنداقمۇ بوۋا؟

ئىككى تەرەپتىكى خوتۇن خەقلەر ئۆەرىنىڭ كۆپ قىسمى قارشى تەرەپ خوتۇنلىرىنىڭ غەيۋەت - شىكايىتىنى قىلىش بىلەن ئۆتىدۇ. كىر سۈيى، يۇندىلار قارشى تەرەپتىكىلەرنىڭ بوسۇغا، تام تۈۋلىرىگە تۆكۈلىدۇ. كىر سۇلىرى قۇرۇپ ياكى توڭلاپ كېتىدۇكى، جېدەل-ماجىرا قۇرىمايدۇ، توگىمايدۇ.

ئاڭلىسام، ئىككى ياقتىكىلەرنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان تارتقان دەرد - مۇشەققەت، ئازاب - كۈلپەتلىرىمۇ بىر - بىرىنىڭكىدىن قېلىشمايدىكەن. «تۈگىگان يېغىلىقى» ۋاقتىدا باشقا كوچىلارنىڭ ھەممىسىگە مۇستەھكەم دەرۋازىلار بېكىتىلىپتۇ. بىرىنىڭ كوچىدىكى ئىككى تەرەپ پۈتۈشەلمەپتۇ، بىر دەرۋازىدىن كىرىپ - چىقىشنى راۋا كۆرمەپتۇ. قوراللىق چېرىكلەر توسالغۇسىز بېسىپ كىرىۋېرىپتۇ، بۇلايدىغاننى بۇلاپ، بۇلغايدىغاننى بۇلغاۋېرىپتۇ. ئىككى تەرەپ ئاچچىق ساۋاق ئالماپتۇ، پۇشايمان قىلماپتۇ. شېڭ شىسەي، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان زامانلاردا بىر - بىرىنى چېقىشىۋېرىپتۇ، تۇتۇپ بېرىشىۋېرىپتۇ. نەتىجىدە ھەر ئىككى تەرەپتىن ھەپسىگە ئېلىنغان، قەتلى قىلىنغانلار تەڭ نىسبەتتە دېگۈدەك

بولۇپتۇ. مانا ھازىر «ئۆچكە، بەشكە قارشى ھەرىكەت» ۋاقتى. ئۇلار بىر - بىرىنى غەزەب بىلەن سۆكۈشمەكتە، پاش قىلىشماقتا:

— ئۇ — ئوغرى!

— ئۇ — ئۆزى تويسىمۇ، كۆزى تويمايدىغان ئەڭ چوڭ باج ئوغرىسى!

— ئۇ — يىرتقۇچ يولۋاس!

— ئۇ — ئەشەددىي يولۋاس!

گويا ئۇلار بىر - بىرىنى ئىتتىرىشمەكتە!

— مەن ئورۇق، ئۇ سېمىز!...

سەۋرى - تاقەت قىلالمىدىم، بەرداشلىق بېرەلمىدىم. ئاخىرى ساڭا مۇراجىئەت قىلدىم:

— بوۋا، ئوبدان بوۋا، كوچا — مەھەللىمىزنىڭ بىر ئەسىرلىك تارىخى ساڭا بەش قولدەك ئايان. ئېيتقىنا، كوچىمىزدىكىلەر ئەزەلدىن مۇشۇنداق نائىناقمىدى؟ نەچچە يىل ئالدىدا سورىسامغۇ، سەن تېخى كىچىك، تېگى - تەكتىگە يېتەلمەيسەن دېدىڭ. چوپچوڭلا يىگىت بولۇپ قالدىمغۇ، مانا، ئەمدىغۇ ئېيتىپ بېرەرسەن؟ بوۋا، نېمانچە خىيالغا چۆكۈپ كېتىدىغانسەن؟ مۇنچە تەقەززا قىلمىغىنا!

— ماقۇل، بالام، — دېدىڭ لەۋزىمنى يەردە قويماي، — ھازىر سەن كىچىك بالا ئەمەس، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى، ئاق - قارىنى پەرق ئېتەلەيسەن؛ گەپ - سۆزۈمنىڭ تېگى - تەكتىگە يېتەلەيسەن، زېھنىڭ بىلەن ئاڭلا، سۆزلەپ بېرەي.

3

دۇرۇس، كوچىمىزنىڭ ئەسلى نامى «ئاي كوچا» ئىدى. ئايدەك يورۇق، ئىللىق

كوچا ئىدى؛ قان - قېرىنداشلىق مۇھەببىتى تاش - كېسەك، تام - تورۇسلىرىغىچە سى

گىپ كەتكەن ئىناق كوچا ئىدى: زوھۇ-
رىدىن ھاكىمبەگدەك كاتتا زاتنىڭ
ئىزى، موللا سادىق ئەئلەم ئاخۇنۇم،
ئابدۇرەھىم نازارى قاتارلىق پىر - ئۇستاز-
لارنىڭ نەزەرى چۈشكەن خىسلەتلىك
كوچا ئىدى! ياسىن دامولla ھاجىم ھەز-
رەتلىرى ئاخىرەتكە سەپەر قىلغاندىن
كېيىن (ياتقان يېرى جەننەتتە بولغاي،
ئىلاھا ئامىن!) ئارىمىز بۇزۇلدى، بىر
مەسچىت ئىككى بولدى، «ئاي كوچا»
دېگەن تەۋەرۈك نام «قوش مەسچىت» كە
ئۆزگەردى، ئاغرىق - ئاداۋەت، بالايى -
قازا باشلاندى!

مەرھۇم ئىمامىمىز ياسىن دامولla
ھاجىم ھەزرەتلىرى ئاتاق - ئابرويلۇق،
مەرىپەتپەرۋەر زات ئىدى. پۇل - مال، ئال-
تۇن - كۈمۈشلىرىنىڭمۇ ھەددى - ھېسابى يوق
ئىدى. ھەتتا ئاللا ئۇنىڭغا بىر جۈپ قوشكې-
زەك ئوغۇل ئاتا قىلغان. چوڭىنىڭ ئىسمى
ھەسەن، كىچىكىنىڭ ھۈسەيىن ئىدى.
بوي - ئىسكەت، رەڭ - چىراي، خۇلق - مىجەز
جەھەتتىنمۇ ئايرىۋالغۇسىز ھالدا ئوخشاشلى-
قى بىلەن ھەممىنى ھەيران قالدۇراتتى.
ئۇلار ئۆگەندى، بىلىم تاپتى، يۇرت
كەزدى، سودىگەرچىلىكنىڭ تىلىنى بىلدى،
پۇل تاپتى. ئىمامىمىز ئۇشتۇمتۇت يېتىپ
قالدى. ئوغۇللارغا خەت - خەۋەر ئەۋەتىل-
دى. ھۈسەيىن يېقىنراق بىر شەھەردە
تۇرۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن بۇرۇنراق كەلگە-
نىدى، دەرھال تويىنى قىلىپ، ئاتىلىق
قەرزىدىن خالاس بولدى. ھەپتە ئۆتكەن-
دىن كېيىن ئاكىسى ھەسەن قارىم كەل-
دى. ئىمامىمىز ئۇنىڭ تويىنى قىلىپ
قويغان كۈنىنىڭ ئەتىسى ناماز بامداتتىن
بۇرۇن ئاخىرەتكە سەپەر قىلدى. كوچىمىز
ئابرويلۇق ئىمامىدىن ئايرىلدى، ئاقىل،
مېھرىبان، دۇئاگۇي ئاتىسىدىن ئايرىلدى.
بىز ئەھلى جامائەت يارامىلىق بىر ئىمامغا
موھتاج ئىدۇق. مەرھۇم ئىمامىمىزنىڭ قوش-
كېزەك ئوغۇللىرىغا تىكىلدۇق. ھەر ئىككىسى
بىلىملىك، خۇش پېئىل، ئەخلاق - پە-
زىلەتلىك ئەھلى سودىگەر يىگىتلەر ئىدى.
قايسىسىنى تاللاش كېرەك؟ قائىدە - يوسۇن
بويىچە بىز ئاكىسىنى تاللىدۇق. شەرىئەت
مەھكىمىسىنىڭ تەستىق مۆھۈرىنىمۇ ئال-
دۇق. ھەممىمىز خاتىرجەم بولدۇق، بۇ-
رۇنقىدەكلا بىر مەسچىتكە جەم بولدۇق.

خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن، بۇ قوش-
كېزەكلەرنىڭ رەپىقىلىرىمۇ قوشكېزەك
ئاچا - سىڭىللار ئىكەن. ئاچىسى ئالتۇن
خېنىم بۇرۇن ياتلىق قىلىنىپ، ھۈسەيىن
قارىمنىڭ، سىڭلىسى تىللا خېنىم كېيىن
ياتلىق قىلىنىپ، ھەسەن قارىمنىڭ نىكاھىغا
ئۆتۈپتۇ. خوتۇنلىرىمىزنىڭ ئېيتىشىغا
قارىغاندا، ئۇلار چۆچەكلەردە تەسۋىرلىنىد-
دىغان ھەرقانداق ساھىبجامالاردىن گۈ-
زەل، جەننەت ھۆرلىرىدىنمۇ چىرايلىق
ئىكەن. ھۆسن - جامالدا كامالەتكە يەت-
كەن، باي، دۆلەتمەن قوشكېزەك يىگىتلەر
بىلەن تەڭداشسىز گۈزەل قوشكېزەك پەرى-
زاتلار كوچىمىزنىڭ ئابرويى، شان - شەرى-
پى ئىدى. بىز ئۇلار بىلەن پەخىرلىنەتتۇق،
ماختىناتتۇق. ئۇزاق ئۆتمەي بۇ قان - قېرىن-
داش قوشكېزەكلەرگە كۆز تەگدى، كوچىمىز-
غا كۆز تەگدى! بىرلىك - ئىناقلىق ئاپتىپى
بىلەن يورۇپ، ئىنسانىي مېھرىي - مۇھەببەت
ھارارىتى بىلەن ئىللىپ تۇرىدىغان «ئاي
كوچا»مىز نائىناقلىق ئىس - تۈتەكلىرى
ئاستىدا ئۆچ - ئاداۋەت جۇدۇنلىرى كې-
زىپ يۈرگەن قاراڭغۇ، سوغۇق «قوش

مەسچىت كوچىسى»غا ئايلىنىپ قالدى!

ۋالىي، ھاكىم، بەگ قاتارلىق چوڭ ئەمەلدارلار، قازى ئاخۇنۇم، مۇدەررىس ئاخۇنۇم، قاتارلىق ئىنۋانلىق كاتتازاتلار ياكى ئاتاقلىق بايلار بولمىغان مەھەللىلەردىكى توي - تۆكۈن، ئۆلۈم - يېتىم، نەزىر - چىراغلارنىڭ ھەممىسىدە شۇ مەھەللىنىڭ ئىمامىنى تۆرگە باشلاش ئاتام زامانىسىدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قائىدە - يوسۇن. بىزمۇ ھەسەن ئىمامنى تۆرگە باشلايتتۇق، ئىنىسى ھۆسەيىن قارىم ئۇنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالاتتى. خوتۇن خەقلەرنىڭ ئولتۇرۇشىدا ئەھۋال باشقىچە بولۇپتۇ. ئالتۇن خېنىم: «مەن ئاچا، سېنىڭ يۇقىرى تەرىپىڭدە ئولتۇرۇشۇم كېرەك» دېسە، تىللا خېنىم: «مەن ئاكىنىڭ رەپىقىسى، ئىمامنىڭ رەپىقىسى، ئۆينىڭ تۆرى مېنىڭ!» دەيدىكەن. بۇلارنىڭ تالاش - تارتىش، جېدەل - ماجىرالىرى تۆپىلىدىن ھەرقانداق توي ھازىغا ئايلىنىدىغان بولدى. بىر ئەھلى جامائەت ئاكا - ئۇكا قوشكېزەكلەرگە مۇراجىئەت قىلدۇق:

— ئىككى خېنىم ئوتتۇرىسىدىكى ئاغرىق - ئاداۋەتنىڭ ئاقىۋىتىدىن تەشۋىشلەنمەكتىمىز. قان - قېرىنداشلىق رىشتىنى يېڭىباشتىن تۇتاشتۇرۇپ، ئۇلارنى ئىناق، بىزنى خاتىرجەم قىلىشقا يىلا.

ئاڭلىساق ئاكا - ئۇكىلار مۇنداق پۈتۈشۈپتۇ: «ئەر جامائەت سورۇنلىرىنىڭ ھەرقانداقىدا يۇقىرى ئورۇن ئاكىغا، مەزلۇم خەقلەر سورۇنلىرىنىڭ ھەرقانداقىدا يۇقىرى ئورۇن ئاچىغا مەنسۇپ!»

— مەن ئاكىنىڭ رەپىقىسى، ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ رەپىقىسى، — دەپ تەكرارلاپتۇ تىللا خېنىم، — يۇقىرى ئورۇن مەرتىۋە مېنىڭ!

— مەن ئاچا، — دېگەن سۆزدە چىڭ تۇرۇۋېپتۇ ئالتۇن خېنىم، — ئورنۇمنى تارتىۋېلىشقا ھەرگىز يول قويمايمەن!

ئاكا - ئۇكىلار ئۆز رەپىقىلىرىنى تولىمۇ قەدىرلەيدىكەن، ئەتىۋارلايدىكەن. ئۇلار ئارزۇلۇق رەپىقىلىرىنى قايىل قىلالماپتۇ. زىددىيەت ئۆتكۈرلىشىۋېرىپتۇ. مەسچىتنىڭ بېقىنىدىكى ئۆيدە توي بولغان كۈنى بۇ ئاچا - سىڭىللار يەنە تۆر تالىشىپ قاپتۇ. تۈرلۈك نازۇ - نېمەت، شېرىنلىكلەر بىلەن تولغان داستىخان ئۈستىگە بىر - بىرىنى بېسىشىپ، يۈز - كۆزلىرىنى تاتىلاپ، چاچلىرىنى يۇلۇشۇپتۇ. تىل - ئاھانەت، يىغا - زارە، قىيا - چىيا كوچىنى بىر ئاپتۇ، مەسچىتكە كىرىۋېتىپ، ئۆز رەپىقىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالغان ئىمام ئاخۇنۇم ئىختىيارسىز ھالدا بۇ يەرگە كىرىپ قاپتۇ. قارىسا، باش - كۆزلىرى قىممەت باھالىق يىپەك رومال ئىچىدە قالغان ئىككى ئايال بىر - بىرىنىڭ چېچىنى مەھكەم سىقىمداشقان ھالدا پومداقلىشىۋاتقۇدەك. ئۇلارنىڭ بوي - تۇرقى ئوخشاش بولۇپلا قالماستىن، بەس - بەس بىلەن كىيىشىۋالغان كىيىملىرىمۇ ئوخشاش ئىكەن.

— تۇر ئورنىڭدىن! — دەپ گەجگىسىدىن يۇلۇپ ئاپتۇ ئىمام ئاخۇنۇم، — ھۇ، بىنومۇس ئالۋاستى! — شۇ سۆز بىلەن بىر كاچات ساپتۇ.

— ھا - ھا - ھا!... — گۇلقەقەلىرى ئېچىلغان ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپتۇ تىللا خېنىم، — تۆر تالاشقىنىڭغا تويە، بىنومۇس ئالۋاستى.

ئالتۇن خېنىم ئاغزىنى سىلىغان
ئىكەن، ئاپئاق ئالقىنى قىپقىزىل قانغا
بويىلىپتۇ. ئۆز ئۆمرىدە مەرھۇم ئاتا -
ئانىسىدىن ياكى ئېرىدىن ئازار يەپ
باقمىغان خېنىم بۇ ئىزا - كۆلپەتكە بەر-
داشلىق بېرەلمەپتۇ - دە:

— ھۇ، خوتۇنىنىڭ تامبىلىغا سەجدە
قىلىدىغان مۇناپىق! — دېگىنىچە، بىر پې-
يالە رىشالىنى قەھرى - غەزەپ بىلەن ئې-
تىپتۇ. ئىمامنىڭ قاڭشىرى يېرىلىپتۇ،
يۈز - كۆزلىرى ئاپئاق رىشالە بىلەن
قىپقىزىل قان ئارىلاشمىسىغا كۆمۈلۈپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن كۆن - تۈنلەر ئاغرىق-
ئاداۋەت ئىچىدە ئۆتۈشكە باشلىدى.
نائىناقلىق ئۆششۈكى قوشكېزەك ئاكا - ئۇ-
كىلار يۈرىكىدىكى قان - قېرىنداشلىق
ھارارىتىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىۋېلىش خەۋ-
پى قاش - كىرپىك ئارىلىقىدا تۇراتتى.
بىز بۇلارنى ئەپلەشتۈرۈش - ياراشتۇرۇش
يولىغا قەدەم قويدۇق.

— خوتۇنىنى تالاق قىلىۋەتسۇن! —
دەپ شەرت قويدى ئاكىسى، — شۇ چاغ-
دىلا مەن ئۇ ئالۋاستىنىڭ ماڭا قىلغان
ھاقارىتىنى ئەستىن چىقىرىمەن، ئۇكامنى
بۇرۇنقىدەكلا قەدىرلەيمەن.

— خوتۇنىنى ئۈچ تالاق قىلىۋەتمى-
گۈچە، — دېگەن شەرتنى قويدى ئۇكىسى-
مۇ، — مەن ئۇنىڭ خوتۇنۇمنى ھاقارەت
قىلغان، ئۇرۇپ بىر تال ئېزىق چىشىنى
سۇندۇرۇۋەتكەن گۇناھىدىن كېچەلمەيمەن!

ياراشتۇرۇش يولىدا تاشلانغان قە-
دەم، سىڭدۈرۈلگەن ئەجىرلەر زايا كەتتى.
پىتنە - پاسات كۆپەيدى، زىددىيەت كۈن-
سېرى چوڭقۇرلاشتى. ئىناق قوشنا - ھە-
قەمسايىلارمۇ چەك - چېكى كۆرۈنمەس تا-
لاش - تارتىش چۆلىدە قويۇندەك پىر-
قىراشقا باشلىدى. بىر قىسىملار
ئالتۇن خېنىمنىڭ، بىر قىسىملار تىللا
خېنىمنىڭ تەرىپىنى ئالدى. ھەركىم ئۆ-
زى ھىمايە قىلغان تەرەپنىڭكىنى توغرا
دېدى. پىتنە - پاسات ئارقىلىق جان باقى-
دىغان ناجىنىس، نائەھلىلەرمۇ چىقىپ
قالدى. ئۇلار ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىللار
ئوتتۇرىسىدا كېچە - كۈندۈز گەپ توشۇپ،
ئوت ئۈستىگە ياغ چېچىشتى. بەزىلەر
ھۆسەيىن قارىمنىڭ ھۇجرىسىغا خۇپىيانە
كىرىپ: «سىلى ئاكىلىرىدىن چوڭ، سىمىز
تۇغۇلغان. باشلىرىمۇ ئاكىلىرىنىڭكىدىن
يوغانراق ئىدى. ئاكا بولۇشقا ھەسەن
قارىم ئەمەس، دەل ئۆزلىرى مۇناسىپ»
دەپ قۇترىتقۇلۇق قىلسا، تىللا خېنىمنىڭ
يېنىغا ئوغرىلىقچە كىرىپ: «بۇرۇن تۇ-
غۇلغىنى ئاچىلىرى ئەمەس، دەل ئۆزلىرى
ئىكەنلا. كىندىك ئانا بىر كېچە - كۈندۈز
كىرپىك قاقماي تەۋەللۇت ئۈستىدە تۇرغان-
لىقى ئۈچۈن ئۇيقۇسىزلىق ئىچىدە گاڭگى-
راپ قېلىپ، ئىككىلىرىنى ئالماشتۇرۇپ قوي-
غانىكەن» دەپ ئوت قۇيرۇقلۇق قىلىشتى.
بەزىلەر ئالتۇن خېنىمغا نەقىل ئۆگىتىپ:
«ئەرلىرى ھۆسەيىن قارىم سودىگەرچىلىك
قىلمەن دەپ يول ئازابى-گۆر ئازابى تارت-
سا، سىلى - ئۆزلىرى تەنھالىق - تەشنالىق دەر-
دىنى تارتتىلا. ھەسەن قارىم بولسا، شەھەر-
دىن چىقماي تىجارەت قىلىپ، مۇشەققەتسىز
ھالاۋەت كۆردى. توي - تۆكۈن، ئۆلۈم -
يېتىم، نەزىر - چىراغلاردىن كېلىدىغان
تاپاۋەتمۇ ئاز ئەمەس. ۋەخپىلەرنىڭ كى-
رىمچۇ تېخى! قۇربان ھېيتتا پۈتۈن
كوچىمىزدا قۇربانلىق قىلىنغان قويلارنىڭ
تېرە - ئۈچەي، كاللا - پاقالچاقلىرى شۇ

ئۆيگە قاراپ ئاقىدۇ. ئىللاخاننى يوغى-
ناتقان ئاشۇ پايدا - تاپاۋەت ئەمەسمۇ؟
ئەرلىرى ھۇسەيىن قارىممۇ ئەھلى ئىلىم،
قارى قۇرئان كىشى. ھەرقانداق جامە-
نىڭ ئىماملىقىنى قىلالايدۇ، ئاكىسىدىن
ئوبدانىراق قۇرئان تىلاۋەت قىلالايدۇ،
تەپسىر ئېيتالايدۇ. ئاكىسى بىلەن چى-
رايلىقچە پۈتۈشۈپ نۆۋەت بىلەن ئىمام-
لىق قىلسا بولمامدۇ؟ ئاكىسى بىر ئاي
ئىمام بولسا، ئۇكىسى بىر ئاي، بۇ يىل
ئاكىسى ئىمام بولسا، كېلەر يىل ئۇكى-
سى...» دېيىشىپتۇ.

بۇ مەسلىھەت ئالتۇن خېنىمغا يې-
قىپ قاپتۇ، ئېرىنىمۇ قايىل قىپتۇ. شۇ-
نىڭ بىلەن ئىماملىق دەۋاسى باشلىنىدى.
بىر قىسىملار ھۇسەيىن قارىمنى قوللاپ-
قۇۋۋەتلەپ مەھكىمە شەرئىگە بارسا، بىر
قىسىملار ھەسەن قارىمنىڭ ئۆمۈرلۈك
ئىمام بولۇشىنى تەلەپ قىلىپ بېرىشتى.
ھەر تەرەپ ئۆزى ھىمايە قىلغان كىشى-
نىڭ خىسلەت - پەزىلەتلىرىنى ماختاپ
كۆككە كۆتۈرۈپ، ئۆزى رەت قىلغان
كىشىنىڭ ئېۋەن - نۇقسانلىرىنى كۆپتۈ-
رۈشتى. شەرىئەت بۇ دەۋانى ھەل قىلىشقا
چارىسىز قالدى. دوتەي - ئامباللارمۇ ئا-
مال قىلالمىدى. ئۆز قوللىغۇچىلىرىنىڭ
تەلىپى ۋە ئالتۇن خېنىمنىڭ تەقەززاسى
بويىچە، ھۇسەيىن قارىم ئاخىرى ئۈرۈم-
چىگە راۋان بولدى. بۇنىڭدىن خەۋەر
تاپقان ھەسەن قارىممۇ دەرھال ئاتلىنىپ
ھۇسەيىن قارىمدىن بىركۈن كېيىن ئۈ-
رۈمچىگە يېتىپ بېرىپتۇ. بۇ ۋاقىت —
ئىقاپلىق يالماۋۇز ياڭ جاڭجۈڭنىڭ قومۇل
خەلق قوزغىلىڭىنىڭ مەشھۇر سەركەردى-
سى تۆمۈر خەلپىنى قەتلى قىلغان كۈن-
نىڭ ئەتىسى ئىكەن. ئۇ غەربىي دىيار
خەلقىنى مەڭگۈ مەھكۇملۇقتا قالدۇرۇش-
نىڭ چارە - تەدبىرى ھەققىدە قالتىس بىر
كىتاب يېزىشقا كىرىشىپ، يۈك قەلەم بى-
لەن مۇنۇلارنى يېزىۋاتقان چاغ ئىكەن:
«... بۇ خەلقنىڭ دىنى بىر، خۇداسى بىر،
پەيغەمبىرى بىر، كەئبىسى بىر، مەزھىبى
بىر، تىلى بىر. ئەگەر بۇ ئالتە بىرلىك
ئۈستىگە دىل بىرلىكى — زىچ ئىتتىپاقلىق قې-
تىلىدىغانلا بولسا، تۈگەشكىنىم شۇ، تەختى-
بەختىمنىڭ گۇمران بولغىنى شۇ!...»

ئوغلۇم، ئاڭلاۋاتامسەن؟ ئۇ ئۆز ھۆ-
كۈمىنى مۇنداق شەرھلەۋاتقانىكەن: «دىل
بىرلىكى — تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىكنىڭ
ئالتۇن ئاچقۇچى، باي - باياشادلىق-
نىڭ ھولى، بىلىم - مەرىپەتكە ئىنتى-
لىش، ئويغىنىش، ئۆز ئۆزىنى تونۇۋې-
لىشنىڭ ئاساسىدۇر. بۇ ‹بىرلىك›تىن
ئارتۇقراق خەۋپ - خەتەر يوق ماڭا!...»

ھۇسەيىن قارىم دەل مۇشۇنداق پەيتتە
ياڭ جاڭجۈڭنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ. جاڭجۈڭ
ھۇسەيىن قارىم ئىنئام قىلغان 100 دانە تىل-
لانى ئاپتۇ، ئەرزىگە قۇلاق ساپتۇ ۋە خىيال
سۈرۈپ قاپتۇ. شۇ ئەسنادا ھەسەن قارىم
كىرىپ كەپتۇ - دە، 100 دانە تىللانى ئالدىغا
قويۇپتۇ، ئەرزىنى بايان ئەيلەپ ئاھ
ئۇرۇپتۇ، جاۋاب كۈتۈپ قول باغلاپ تۇرۇپتۇ.

— ئويلىشىپ باقاي، — دەپ جاۋاب
بېرىپتۇ جاڭجۈڭ.

ئاكا - ئۇكىلار بىر - بىرىگە تۈيدۇر-
ماستىن ئۇقۇشۇپ - سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ
«ئويلىشىپ باقاي» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى-
نى بىلىۋاپتۇ. ئاكىسى 120 تىللا ئىنئام
قىلغان بولسا، ئۇكىسى 150، 200 نى
ئىنئام قىلىۋېرىپتۇ. ھەسەن قارىم ئاكىلىق

ئۇرنى تۆپەيلىدىن بۇ دەۋادا ئۇتتىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ كېتىپ، ئىنتىزام يوللاشتا ھۆسەيىن قارىمغا يېتىشەلمىگەن بولسا كېرەك، شۇڭلاشقا ياڭ جاڭجۇڭ:

— سەنمۇ مەسچىت سال، ئىمام بول! — دەپ بۇيرۇپتۇ ھۆسەيىن قارىمغا، — سېنىڭ قوللىغۇچىلىرىڭنىڭ ئەجدادى تەرىپىدىن مەسچىتكە ۋەخپى قىلىنغان دۇكان-ساراي، يەر-زېمىنلارغا سەن ئىگىدارچىلىق قىل!

ھەسەن قارىمغىمۇ مۇنداق دەپتۇ:

— ئەسلىدىكى مەسچىتكە ئىمام بولىۋەر، سېنىڭ قوللىغۇچىلىرىڭنىڭ ئەجدادى تەرىپىدىن مەسچىتكە ۋەخپى قىلىنغان دۇكان-ساراي، يەر-زېمىنلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىۋەر!

دەۋادا ئۇتقان، غەلىبە خۇشاللىقىغا چۆمۈلگەن ھۆسەيىن قارىم ئۆز ئىچىدە مۇنداق قارارغا كەپتۇ: شۇنداق بىر جامە سالدۇرايكى، نامىم ئەلگە تارالسۇن، شۆھرىتىم كۆككە يەتسۇن، كونا مەسچىت بويۇن قىسىپ بىر چەتتە قالسۇن!...

ھەسەن قارىم بۇنى بىلىۋالغاندەكلا سوراپتۇ:

— جاڭجۇڭ ئالىيلىرى، قورۇلغۇسى مەسچىتنىڭ يەر كۆلىمى، شەكلى-نۇسخىسى...

— كونا مەسچىت بىلەن ئوپمۇ ئوخشاش، — دەپ جاكالاپتۇ جاڭجۇڭ، — بىر قەدەم كەڭ تار، بىر غېرىچ ئېگىز-پەس بولۇشىغا يول قويۇلمايدۇ. گۈل-نەقىشلىرىدىن تارتىپ، سىر-بوياقلىرىغىچە ئوپمۇئوخشاش بولۇش كېرەك!...

بىلدىڭمۇ، ئوغلۇم؟ «قوش مەسچىت» نىڭ تارىخى ئەنە شۇ! ئايدەك يورۇق، باھاردەك ئىللىق كوچىمىزنىڭ تۇماندەك تۇتۇق، جۇدۇن پەسىلدەك سوغۇق كوچىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنىڭ تۈپ سەۋەبى ئەنە شۇ!

4

جىنىم بوۋا، ئاخىرەتكە سەپەر قىلىشىڭىزغا چارەك ئەسىر بولغان بۈگۈنكى كۈندە، مەن ئايرىلغىنىمغا شۇنچە يىللار بولغان يۇرتۇمغا قاراپ كېتىۋاتىمەن، نۇرانە چېھرىڭ ۋە ئوتلۇق نەپەسلىرىڭ بىلەن ئىللىپ تۇرىدىغان كوچامغا قاراپ كېتىۋاتىمەن. يېقىنلاشقانسېرى سېغىنىش-ئىنتىزارلىق ئوتلىرىم لاۋۇلدىماقتا، تەشۋىش-ئەندىشىلىرىم كۆچەيمەكتە: ئاھ، مېنىڭ كوچام، قانلىق تارىخى سەرگۈزەشتىلىرىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن ھەسرەت-نادامەتلىك كوچام! ئەمدى سەن تىنچ، ئىتتىپاقلىق باھارىنىڭ ئارامبەخش ئاپتىپىدا يورۇپ ئىللىغانسەنمۇ ياكى ئۆز ھالىتىڭچە تۇرىۋەرگەنسەنمۇ؟ سۈبھى سەھەردە قارىمۇ قارشى ئىككى دەرۋازىدىن تەڭ چىققان ئىككى مۇسۇلماننىڭ «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام»نى بىجا كەلتۈرۈپ، بىر مەسچىتكە قاراپ دوستانە قەدەم تاشلاۋاتقانلىقىنى كۆرەرمەنمۇ ياكى ئەيىنى زامانلاردىكىدەك «مەن ئورۇق، ئۇ سېمىز» دەپ بىر-بىرىنى ئىتتىرىشىۋاتقان نادانلارنىمۇ؟ ھۆرمەتلىك يېڭى ئىماممىز بىر مەسچىتكە جەم بولغان ئەھلى جامائەتتىن: «ئىنسانىيەتنىڭ خار ۋە زەبۇن بولۇشىغا سەۋەب نېمىدۇر؟» دەپ سورىسا، پۈتۈن جامائەت: «ئىككى نەرسىدۇر: بىرى، جاھىل ۋە نادانلىق، ئىككىنچىسى، تەپرىق

(داۋامى 152 - بەتتە)

ئابدۇرېھىم ھېكمى

## سەۋدايى خىتاب

ئاچ، دىلبىرىم، يۈزۈڭنى، ئاچ، دىلبىرىم، لېۋىڭنى،
ئاي چىقمىدى پەلەككە. پېقىر دەردتە قالمىسۇن.
ياپ، دىلبىرىم، يۈزۈڭنى، يۇم، دىلبىرىم، لېۋىڭنى،
ئاي قالمىسۇن ھەسەتكە. بۇلبۇل سۆيۈپ ئالمىسۇن.

ئاچ، دىلبىرىم، كۆزۈڭنى، كەت، دىلبىرىم، يېنىمدىن،
جۇت يەتمىسۇن جاھانغا. ساڭا كۆزۈم تەگمىسۇن.
يۇم، دىلبىرىم، كۆزۈڭنى، كەل، دىلبىرىم، يېنىمغا،
ئوت كەتمىسۇن جاھانغا. جېنىم چىقىپ كەتمىسۇن!

## چۈنكى مەن نامەرد

مېھمان بىلىپ گەر باشلىساڭ ئۆيۈڭگە،
خوتۇنۇڭغا كۆز قىسىپ، قاش ئاتىمەن.
ئىچ سىرىڭنى ئېيتساڭ ئەگەر دوست بىلىپ،
ۋاقتى كەلسە پۇچۇق نانغا ساتىمەن.

چۈشۈپ قالسا ساڭا مېنىڭ ھاجىتىم،
ئايىغىڭدا كۈچۈكلىنىپ ياتىمەن.
مۇددىئايىم ئېشىپ بولسا ئەمەلگە،
سېنى كۆرسەم چوكا مۇزدەك قاتىمەن.

بولساڭ ئەگەر ئىدارىنىڭ باشلىقى،
مەيلىڭ بارنى ئېيتمىساڭمۇ تاپىمەن.
بولۇپ قالساڭ ئىنقىلابنىڭ ئوبيېكتى،
ئۆيگە كەلسەڭ يۈزۈڭگە ئىشىك ياپىمەن.

رەنجىمىگىن مېنىڭ بۇنداق خۇيۇمدىن،
چۈنكى مېنىڭ «نامەرد» دېگەن ئېتىم بار.
مەيلى تىللا، مەيلى ماختا، بەرىبىر،
يۈزۈم قېلىن، مېڭەم ئۆتكۈر، دېتىم بار.

توختىمۇھەممەت تۇردى

## ئاشۇ كۆزۈڭ شائىرلىقىم دەستۇرى

بىر باققىنىڭ ئېسىمدىدۇر، دەردىمگە
داۋا ئىزلەپ كۆرمىڭ داستان ئوقۇدۇم.
ئوقۇغانچە قايناپ-تېشىپ ھېسلىرىم،
قەلەم ئېلىپ ئۆزۈم قوشاق توقۇدۇم.

داستان بولدى شۇ قوشاقلار قوشۇلۇپ،
پۈتكىنى يوق تېخى ۋەسپىڭ تەسۋىرى.
ئاتاق ئالدىم ئەل ئىچىدە «شائىر» دەپ،
ئاشۇ كۆزۈڭ شائىرلىقىم دەستۇرى.

## خاتىرەڭنى ساقلىغىن پىنهان

«سۆيگۈمىزدىن يازدىم خاتىرە»
دېگەن ئىدىڭ قايسى بىر كۈنى.
بىر دوستىمىز كۆرۈپ قاپتۇدەك
ياستۇقىڭنىڭ ئاستىدىن ئۇنى...

لېكىن، ساڭا قىلمايمەن ئاچچىق،
دوستىمىزنىڭ كۆرگىنى مەيلى.
دۈشمىنىمىز كۆرۈپ قالمىسۇن،
ئېچىلغۇچە باغلاردا لەيلى.

## نىسپىيلىكتە مەۋجۇت بۇ جاھان

شەپىسىنى ئاڭلاپ مۈشۈكنىڭ،
كىرىۋالدى چاشقان تۆشۈككە.
ئۇچراپ قالدى تۇساتتىن بىر ئىت
چاشقان قوغلاپ يۈرگەن مۈشۈككە.

مۈشۈك قورقۇپ چىقتى دەرەخكە،
كۆلدى يايراپ تۆشۈكتە چاشقان.
چىقىۋىدى غاردىن بىر يىرتقۇچ،
چاۋاك چېلىپ كەتتى مۈشۈكجان.

تىترىدى ئىت، قىستى قۇيرۇقنى،
قاچتى ئىزدەپ پاناھ جاي-ماكان.
شۇ يىرتقۇچمۇ كېرەلمەس مەيدە،
نىسپىيلىكتە مەۋجۇت بۇ جاھان.

## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

# «ھەمرايى غەزەللىرى» مۇئەللىپىنىڭ كىملىكى توغرىسىدا

### 1. مەسىلىنىڭ قويۇلۇشى

«تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1987-يىللىق 10-سانىغا ھامۇت مەھمۇدنىڭ «ھەمرايى غەزەللىرىنىڭ ھەقىقىي مۇئەللىپى كىم؟» سەرلەۋھىلىك ماقالىسى بېسىلدى. ماقالىدا مېنىڭ ھەمرايى تەخەللۇسىدا قەشقەر «كونىشەھەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1979-يىللىق 4-سانى بىلەن 1980-يىللىق 1-، 2-سانلىرىدا ئېلان قىلغان غەزەللىرىم قەدىمكى ئەدەبىي مىراسلار تۈسىگە كىرگۈزۈلۈپ، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ياشىغان مەھمۇد ھېكمىبەگنىڭ شېئىرى قىلىپ مۇتلەقلەشتۈرۈلگەن. ھامۇت مەھمۇدى ئۆز قاراشلىرىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ئون نۇقتا ئۈستىدە توختالغان. ئۇ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى نۇقتىلاردا مەھمۇد ھېكمىبەگنىڭ «تەزىيە خېتى» ۋە «ئالتۇن كەمەر» ناملىق شېئىرلىرى بولغان دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرسە، ئۈچىنچى، تۆتىنچى نۇقتىلاردا مەھمۇد ھېكمىبەگنىڭ دەپ ھۆكۈم قىلىنغان شېئىرلارنىڭ يوقالغان ۋە تېپىلغانلىقى ھەققىدە توختالغان. ماقالىنىڭ بەشىنچى، ئالتىنچى، يەتتىنچى نۇقتىلىرىدا غەزەللەرنىڭ مەزمۇنى ئۈستىدە، سەككىزىنچى، ئونىنچى نۇقتىلىرىدا بۇ غەزەللەرنىڭ بەدىئىي بالاغىتى ئۈستىدە، توققۇزىنچى نۇقتىسىدا مەھمۇد ھېكمىبەگنىڭ باشقا ئەسەرلىرىنىڭمۇ بارلىقى توغرىسىدا توختالغان.

تۆۋەندە مەن بۇ ئون نۇقتىدىكى تۈپكى مەسىلە — «ھەمرايى غەزەللىرىنىڭ ھەقىقىي مۇئەللىپى كىم؟» لىكى ئۈستىدە توختىلىمەن. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە يۇقىرىقى ئون نۇقتا دائىرىسىدىن ھالقىپ، بۇ تۈپ مەسىلىنى يورۇتۇشقا ئائىت يەنە بىرقانچە مەسىلە ئۈستىدە توختىلىشنىمۇ تەلەپ قىلىدۇ. شۇنى ئىزاھلاش ھاجەتكى، ھەمرايى تەخەللۇسىدا ئېلان قىلغان غەزەللىرىم يۇقىرىدا ئىسمى ئاتالغان قەشقەر «كونىشەھەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا (كېيىن ئۇنىڭ بىر قىسمى «ئاتۇش نەزمىلىرى» ناملىق كىتابتا) ئېلان قىلىنغان غەزەللەرنى كۆرسىتىدۇ. روشەنكى، ئوخشاش تەخەللۇسلۇق ئەدىپلەر كۆپ

بولغىنىدەك، بىرقانچە، ھەتتا بىرقانچە ئون تەخەللۇس ئىشلەتكەن مۇئەللىپلەرمۇ ئاز بولمىغان.

مەن بۇنىڭدىن 12 يىل ئىلگىرى يېزىلىشقا باشلىغان ۋە ئەينى زاماندىكى مېنىڭ ناھەق «ئوڭچى» قالپىقىم تۈپەيلى ھەققىي ئاپتورى ئىزاھلانمىغان بۇ بەش بېيىتلىك غەزەللىرىم ھەققىدە كەڭ كىتابخانلارغا ئوچۇق سۆزلەش ۋاقتى كەلدى، دەپ ئويلايمەن. يەنە كېچىكسە، ھازىرقى زامان تېماتىكىسى ۋە مۇئەللىپى قەدىمكىلەشتۈرۈلۈپ، كەلگۈسى ئەۋلادلار توقۇلما تەتقىقاتلار تۇمانلىقىدا تەمتىرەپ قېلىشى مۇمكىن.

## 2. قويۇلغان مەسىلىنىڭ ئىزاھاتى

ھامۇت مەھمۇدى ئۆز ماقالىسىدا، مەھمۇد ھېكىمبەگ مەنچىڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى ئىسيانىدا مەغلۇپ بولۇپ پەرغانىگە قېچىپ كەتكەندە، ئۇنىڭ دادىسى مىرئەخمەت شەيخ، ئانىسى ھەمراخان، ئىنىسى ئابدۇرېھىم ئەلەمنى مەنچىڭ ئەمەلدارلىرى قەتلى قىلغان، شۇ چاغدا ئانىسى ھەمرايى تەخەللۇسىدا شېئىرلار يازغان، دەيدۇ. بۇنىڭ پاكىتى، مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ ھىجرى 1275 - يىلى (1858 - 1859 - يىلى) ئاتۇشقا ئەۋەتكەن «تەزىيە مەكتۇپى» بىلەن «ئالتۇن كەمەر» ناملىق شېئىرىدىن ئىبارەت، دەپ، ئىككى «تارىخىي ھۆججەت»نى تىلغا ئالىدۇ.

مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ كىملىكى، ئۇنىڭ سىياسىي پائالىيەت تارىخى، ئۇنىڭ «ئالتۇن كەمەر»نى چىڭ باغلاپ، «قېرىماس دەۋا» بىلەن «يۇرتقا قايتىپ ئىسيان قىلماق» بولغانلىقى ۋە بۇ «ئىنقىلاب»نىڭ مۇددىئا ھەم خاراكتېرى ھەققىدە تارىخچىلار تېخى ھۆكۈم چىقارغىنى يوق. بۇ ھەقتە ئىزدىنىپ تەتقىق قىلىش مۇمكىن. لېكىن «ھەمرايى غەزەللىرى»نىڭ ھەققىي مۇئەللىپى سۈپىتىدە مەھمۇد ھېكىمبەگ تىلغا ئېلىنغانىكەن، بۇ ھەقتە ئاددىي يىلنامىلار ئۈستىدە بىر - ئىككى ئېغىز سۆز قىلمايمۇ بولمايدۇ.

ھامۇت مەھمۇدى ئۆز ماقالىسىدا مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ «مۇزلىدى» ناملىق شېئىرىنى تىلغا ئالغان. بۇ شېئىرنى مەنمۇ مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ بولسا كېرەك، دەپ قاراپ كېلىۋاتىمەن. «سىنىڭ ئۆزە ۋاللاھۇ ئەلەم چەرخى گەردان مۇزلىدى» دېگەن مىسرا بىلەن باشلانغان بۇ شېئىرنىڭ 1884 - يىلى شىنجاڭ ئۆلكە بولۇپ ئېلان قىلىنىشتىن ئىلگىرى يېزىلمىغانلىقى روشەن. مەھمۇد ھېكىمبەگ ھامۇت مەھمۇدىنىڭ كۆرسىتىشىچە، «تەزىيە مەكتۇبى»نى شۇنىڭدىن 26 - 27 يىل ئىلگىرى (1858 - 1859 - يىللىرى) يازغان بولۇپ چىقىدۇ. ئۇنداقتا مەھمۇد ھېكىمبەگ «ھېكىمبەگ»لىك ئۇنۋانىغا چەنلۇڭ 1762 - يىلى يولغا قويغان ھېكىمبەگلىك تۈزۈمى بويىچە ئېرىشكەنمۇ ياكى ئۆلكە قۇرۇلغاندىن كېيىن ئېرىشكەنمۇ؟

ھامۇت مەھمۇدى مەھمۇد ھېكىمبەگنى ياقۇپبەگ دەۋرىدە «شاغاۋۇل»، «ھۆدەيچى» قاتارلىق مەنسەبلەردە بولغان، دەيدۇ. ۋەھالەنكى، ياقۇپبەگ ھىجرىنىڭ 1283-

1294 - يىللىرى (1866 — 1877) ھۆكۈمرانلىق قىلغان بولۇپ، «تەزىيە مەكتۇبى» ياقۇپبەگنىڭ قەشقەرگە كىرىشىدىن 13 يىل ئىلگىرى يېزىلغان بولۇپ چىقىدۇ. بۇ ۋاقىت دەل ئاپئاق خوجىنىڭ ئوغلى ئەھمەتخان تۆرە، ئۇنىڭ ئوغلى بۇرھانىدىن خوجا، ئۇنىڭ ئوغلى سالىھخان تۆرە، ئۇنىڭ ئوغلى ۋەلىخان (بۇزرۇكخان) تۆرە زامانىغا، قوقان خانلىقىغا خۇدايارخان (1842 — 1876) ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان ۋاقىتلارغا توغرا كېلىدۇ. بۇ دەل «يەتتە خوجا توپىلىڭى» سىستېمىسىدىكى ۋەلىخان تۆرىنىڭ قەشقەر قىزىل ۋادىسىغا ئادەم كاللىسىدىن ھەربىرى 12 گەز ئېگىزلىكتە تۆت مۇنارە ياساپ، كېيىن قوقان خانلىقىغا قېچىپ كەتكەن ۋاقتىغا توغرا كېلىدۇ ①. ئەگەر مۇنداق بولغىنىدا مەھمۇد ھېكىمبەگ قوقان خېنى خۇدايارخان ۋاقتىدا ۋەلىخان تۆرىگە ئەگەشكەن ۋە ياقۇپ بەگ قەشقەرگە سەپەر قىلغاندا، ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەن بولۇپ چىقىدۇ. بۇ ھامۇت مەھمۇدىنىڭ مەھمۇد ھېكىمبەگ تەيپىن تيەنگو (1851-1864) ئىنقىلابىغا ئاۋاز قوشقان دېگەن ھۆكۈمىگە زىت بولۇپ چىقىدۇ. تەيپىن تيەنگو ئىنقىلابى گەنسۇ، شەنشىدىكى خۇيزۇ قوزغىلىڭىنى ۋاستە قىلىپ، 1864 - يىلى كۇچاردىكى راشىدىن خوجا باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولۇپ، ئۇنى ياقۇپبەگ تىنجىتىۋەتكەنىدى. مەھمۇد ھېكىمبەگ تەيپىن تيەنگو تەسىرىدە «ئىنقىلاب» قىلغانمۇ ياكى «يەتتە خوجا توپىلىڭى» تەركىبىدىكى ۋەلىخان (بۇزرۇكخان) تۆرە تەسىرىدە، خۇدايارخان تەسىرىدە «ئىسيان» قىلغانمۇ؟ بۇ مەسىلىلەر مەھمۇد ھېكىمبەگ قەلىمىگە مەنسۇپ بولغان - بولمىغان غەزەللەرنى پەرقلەندۈرۈشتە مۇھىم نۇقتا. ئېھتىياجغا قاراپ، بۇ خىل تارىخىي ھادىسىلەر توغرىسىدا ئايرىم ماقالە يېزىشىم مۇمكىن.

### 3. مەسىلىنىڭ تۈگۈنى

ھامۇت مەھمۇدى ئۆز ماقالىسىدا «تەزىيە مەكتۇپى» (1858 - 1859) نىڭ ئەينەن ئۆزىنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ «ئەينەن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى»نى ئوتتۇرىغا قويغان.

ھامۇت مەھمۇدى ئەينەن كۆچۈرگەن «تەزىيە مەكتۇبى» «بىسمىللاھىر راخمانىر رەھىم» بىلەن باشلىنىپ، ئۇنىڭ ئىچى «ۋەتەن، كۇبلېت، تۇچ قەلەم، بايرام، ئىنقىلابتا غەلىبە قىلمىغۇچە» دېگەندەك ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى لۇغەت فوندى تارىخىي قاتلىمىغا مەنسۇپ ئىبارىلەر بىلەن تولغان. «قىل ئىنايەت ۋەسلىدىن دىدار ماڭا ھاجەت خۇدا» دەپ شېئىرىمنى باشلىدىم، دېگەن جۈملە گەۋدىلەندۈرۈلگەن. «تەزىيە مەكتۇبى» بويىچە بولغاندا، «تۇچ قەلەم» بىلەن «قىرىق كېچىدە يۈز نەچچە كۇبلېت» يازغان ۋە بۇنى ھەدېگەندىلا خۇددى تەييار، نەق دىۋاندىكىدەك «ئا» قاپىيىسى

① موللا مۇسا سايرامى «تارىخىي ھەمىدى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 - يىل نەشرى، 156 - بەت؛ كوروپاتكىن «قەشقەرىيە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984 - يىل نەشرى، 230 - 233 - بەتلەرگە قارالسۇن.

ياكى رادىيى بىلەن يېزىشقا باشلىغان. ئۆز تەخەللۇسىنى «مۇزلىدى» قاتارلىق شېئىر-
لىرىدا يازمىغانلىقىدىن پەرقلىق ھالدا «ھەمرايى» دەپ ئىشلەتكەنلىكىنى ئىزاھلىغان. بۇ
«تەزىيە مەكتۇپى» خۇددى 120 يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈننى ئالدىنئالا مۆلچەر-
لىگەندەكلا «كېيىنكى كۈنلەردە لازىم بولىدۇ»، «ۋاقتى - سائىتى كەلگۈچە ساقلا» دې-
گەن تەۋسىيىلەر بىلەن ئاتۇشقا كەلتۈرۈلگەن ۋە مەكتۇپنى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان
مازىرى ئالدىدىكى «ساچى مەدرىسى»گە (بۇ مەدرىس مازار ئالدىدىمۇ؟) چاپلاش
تەلەپ قىلىنغان.

ماقالە ئاپتورى «تەزىيە مەكتۇپى»نىڭ «ھەمرايى» تەخەللۇسىدا يېزىلغانلىقى
(ۋەھالەنكى ئۇ چاغدا «ھەمرائى» دېيىلىشى كېرەك ئىدى)نى، بولۇپمۇ بۇ شېئىرنىڭ
«قىل ئىنايەت ۋەسلىدىن دىدار ماڭا ھاجەت خۇدا» دېگەن بىرىنچى مىسراسىنى بىر
ئىلمەك قىلىپ، «كونىشەھەر ئەدەبىياتى»دا ئېلان قىلىنغان «ھەمرايى غەزەللىرى»نى
مۇتلەق ۋە شەرتسىز ھالدا مەھمۇد ھېكىمبەگكە تەۋە قىلىپ قويماقچى بولغان.

ھەتتا بۇنى ئاز كۆرۈپ، بۇ شېئىرنى مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ نەۋرىسى ياكى
چەۋرىلىرىدىن بىرى دەپ تونۇشتۇرۇلغان رىشاد مۇساغا ئوقۇپ بېرىپ، ئۇنى ئەقلىي
«مۇھاپىزىتى» ئاجىزلاپ، «مېگىسىدىن كۆپى كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن» بۇ «مىراسخور»غا
مەھكەم باغلاپ قويماقچى بولغان!

شۇنى ئىزاھلاپ ئۆتۈش لازىمكى، مەن «ھەمرايى غەزەللىرى»نى 1975 - يىلى
ماينىڭ ئاخىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ فرۇنزا شەھىرىدە ياشاۋاتقان ئانام ھەمراخان-
نىڭ بەختكە قارشى تۇيۇقسىز قازا قىلغانلىق تېلېگراممىسى يېتىپ كېلىپ، ھازا ئېچىل-
غاندىن تاكى يېقىنقى يىللارغىچە يازدىم. ئۇنى قانچەكېچىدە يازغانلىقىمنى بىلمەيمەن. ھەتتا
1983 - يىلى فرۇنزىغا بېرىپ ئاتا - ئانامنىڭ نەزىر - چىرىغىنى قىلغاندا، ئۇلارنىڭ
مىراسلىرىنىڭ ئىچىدىن تېپىلغان توققۇز تىترەت قېلىنلىقىدىكى «ھەمراخان شېئىرلىرى»
دىن ئىلھاملىنىپ، فرۇنزىدىلا بىر تۈركۈم «ھەمرايى غەزەللىرى»نى يېزىپ چىقتىم.
مەن جۇدۇن - چاپقۇن ئىچىدە ئۆتكەن ھايات تەجرىبەم بويىچە ئىزچىل تۈردە ئارخىپ
ساقلاپ كېلىۋاتىمەن. قولۇمدا پەقەت ئانامنىڭ شېئىرلىرى قىستۇرۇلغان مەكتۇپلىرى ۋە
ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ قول يازمىلىرىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى يەنە ئۆزۈم يازغان
«ھەمرايى غەزەللىرى» نىڭ ئەينى يىللاردىكى توي - نەزىر باغاقلىرى كەينىگە، قەغەز
پارچىلىرىغا يېزىلغان، تۈزىتىلگەن نۇسخىلىرىمۇ ساقلانماقتا. ئەمما مەن بۇنىڭ خۇددى
«تەزىيە مەكتۇپى» دە تىلغا ئېلىنغىنىدەك «لازىم بولىدىغانلىقى»نى خىيال قىلماپتىكەن-
مەن. راستىمنى ئېيتسام، مەن 50 يىلدىن بېرى نۇرغۇن نەرسىلەرنى تەسەۋۋۇر
قىلغان بولساممۇ، بىراق ئۆزۈمنىڭ ھايات ۋاقتىمدىلا باشقا بىر كىشى، ھەتتا مۇندىن
بىر يېرىم ئەسىر ئىلگىرى ئۆتكەن پۈتۈنلەي باشقا بىر كىشى بولۇپ قېلىش ئېھتىمالىمنى
تەسەۋۋۇر قىلمىغانىكەنمەن.

«قىل ئىنايەت ۋەسلىدىن دىدار ماڭا ھاجەت خۇدا» سەدرىسى بىلەن باشلانغان
غەزەل «ھەمرايى غەزەللىرى»نىڭ بىرىنچى غەزىلى بولۇپ ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ،

ئۇنى مەن باشتا يازمىغان. مېنىڭچە، ئەلىشىر ناۋائىمۇ «ئەشرەقەت»نى ئەڭ دەسلەپ يازمىغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنداق ئىلھام بولمايدۇ! مەن «سەۋدايى» تەئەججۇبنامىسى»نىڭ ئالدىنقى تۆت قىسمىنى ماشىنىدا باستۇرۇپ بولۇپ، ئارقىدىن «ھەمرايى غەزەللىرى» ناملىق شېئىرلىرىنى «دىۋان ھەمرايى» دېگەن نامدا ماشىنىدا باستۇرماق بولدۇم. بۇ چاغدا بېشىمدا ئۇلۇغ ئۇچچى. قالپىقى بولۇپ، مەتبۇئات ئەركىنلىكىم يوق ئىدى. بۇ ئىشقا قوشنام، تەنتەربىيە تارىخىي تەتقىقاتچىسى يولداش ياسىن بىلەن ئۇنىڭ دوستى شائىر ئابلىكىم باقى سەمىمىي ياردەم قىلدى. نەتىجىدە ئەينى زاماندىكى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىدىكى قورقۇنچ ۋەھىمىسىنى يېڭىپ، «ھەمرايى غەزەللىرى»نى ئۈچ نۇسخا باستۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولدۇم ۋە ئۇستىگە سېرىق يالتىراق قەغەز مۇقاۋا قىلىپ، ئۆز قەلىمىم بىلەن «دىۋان ھەمرايى» دېگەن چوڭ خەتنى يېزىپ، بىرنى ئىلىغا، بىرنى قەشقەرگە ماڭغۇزۇۋەتتىم، بىرسى ئۆزۈمدە قالدى. ئىلىغا ئەۋەتىلگىنى ۋاستىلىق يوسۇندا ئەۋەتىلگەن بولۇپ، ھامۇت مەھمۇدىنىڭ 1983 - يىلى غۇلجىدىكى بىر داۋۇيجاڭدىن ئالدىم دېگىنى شۇ بولۇشى مۇمكىن. قەشقەرگە ئەۋەتىلگەن نۇسخىسى كونىشەھەردىكى ھامىمام ھەمراگۇل ئارقىلىق «كونىشەھەر ئەدەبىياتى»دا ئېلان قىلىندى.

مەن بۇ غەزەللەرنى ماشىنىدا بېسىش ئالدىدا ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە رەتلىگىنىمدە «ئا» قاپىيىسى ياكى رادىپى بىلەن يېزىلغانلىرى يوق بولۇپ چىقتى. ئاخىرى «ئا» قاپىيىسى بىلەن ئاياغلىشىدىغان ئىككى غەزەل يازدىم. كېيىنكى كۈنلەردە «شەيدايى» تەخەللۇسىدىكى بەزى غەزەللىرىمنى قىسقارتىپ «ھەمرايى»غا لايىقلاشتۇرۇپ، بۇ رادىپتىكى غەزەللەرنى كۆپەيتتىم.

شۇ چاغدا مەن شىنجاڭ داشۆ كۇتۇپخانىسىدا ئىشلەۋاتاتتىم. ئالدىمغا بىر قاتار تارىخىي قول يازمىلار كېلىپ قالدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە فۇزۇلىنىڭ «دىۋان فۇزۇلى»سى بار ئىدى. ناۋائىغۇ «ئەشرەقەت» بىلەن «غارايىبۇس سەغىر» دىۋانىنى باشلاپتۇ، فۇزۇلى قانداق باشلىغاندۇ، دەپ قارىسام فۇزۇلى مۇنداق باشلىغان ئىكەن:

«قەد ئانارەل ئىشقۇلىل ئۇششاقى مىنھاجەل ھۇدا،
سالىكى راھى ھەقىقەت ئىشقى ئەيلەر ئىقتىدا.»
(ھەقىقىي ئىشق ئاشىقلارغا توغرا يول كۆرسەتتى.
ھەقىقەت مەسلىكىدە يۈرگەنلەر ئىشققا ئىقتىدا قىلدۇ.)

ئىلھام ۋە تەسەۋۋۇر تۈپەيلى، مەن مۇنداق باشلىدىم:

«قىل ئىنايەت ۋەسلىدىن دىدار ماڭا ھاجەت خۇدا،
تىلغا زاھىر ھىجرىدىن نامىڭنى ئالدىم ئىپتىدا.
بىلمىدىم مەپھۇم ئۆزۈڭنى كۆرسىتىشكە بىر ھەم،
سالغىنىڭدۇر باشقا پىرقەت، تىلگە ئۇتلۇق ئىلتىجا.»

فۇزۇلى تەسەۋۋۇپ ئىشقىنى يازغان ۋە يەتتە بېيىتلىك غەزەل شەكلىنى قوللانغان

دى. مەن ئۆزۈمنىڭ مەنۋى قاتلىمىم بويىچە تەگرىنى ئابستراكت، كۆرۈنمەس،
رەھىمسىز دەپ تىلغا ئالدىم. ۋەھالەنكى، مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ بىسمىللا بىلەن
باشلانغان «تەزىيە مەكتۇپى» دە مۇنداق قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.
مەسىلە شۇ يەردىكى، بۇ باشلىنىش غەزىلى قانداق قىلىپ «تەزىيە مەكتۇپى»نىڭ
«ئەينەن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى» غا كىرىپ قالدى؟ مەن ھېلىھە ئىشلىتىۋاتامدىم ياكى
بىرەر تىلسىم كۈچ مەھمۇد ھېكىمبەگكە ماڭا ئوخشاش بېيىت يېزىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ
قويغانمۇ؟ روشەنكى، بىزنىڭ ئىزدەنگۈچىمىز ئىزدىنىش يولىدىن چەتنىگەن. بولمىسا،
بۇقانداق تاسادىپ سىر؟!

4. پاكىت ئىسپاتلانغان بولۇشى كېرەك!

پاكىت ھەقىقەتەن مۇنازىرىدىن ئۈستۈن، ئەمما پاكىت ئۆزىنىڭ رېئال تەرەپ-
لىرى ۋە تارىخىي قاتلاملىرى بويىچە ئىسپاتلىنىپ پاكىتلىق سالاھىيىتىگە ئىگە
بولۇشى كېرەك. «پاكىت» دېگەن نام ئاستىدا باشتىن كەچۈرگەن ھاماقەتلىك ۋە
ناھەقچىلىكلەر ئازمۇ؟ مەن ھامۇت مەھمۇدى ئۆز ماقالىسىدا بىرىنچى ۋە ئىككىنچى
ھۆججەت سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويغان «تەزىيە مەكتۇپى» بىلەن «ئىسيان» ۋە «ئال-
تۇن كەمەر» دىن ئىبارەت ئىككى غەزەلگە قاتتىق گۇمان قىلماي تۇرالمايمەن.
بۇنىڭ مۇنداق سەۋەبلىرى بار: بىرىنچىدىن، ماقالە ئاپتورى بۇ مەكتۇپ ۋە غەزەل-
لەرنىڭ ئەسلىدىكى بىرىنچى قول مەنبەسىنى كۆرسەتمىگەن، ھەتتا ھايات تۇرغان
مېنىڭ قەلىمىمگە مەنسۇپ غەزەللەرگە مەن بىلەن بىرەر قېتىم سۆھبەتلىشىپ، ئىزدى-
نىش سەممىيىتىنى ئىپادىلىمەيلا، تولىمۇ تەۋەككۈلچىلىك بىلەن مۇتلەق ھۆكۈم
قىلىۋەرگەن؛ ئىككىنچىدىن، «ئىسيان»، «ئالتۇن كەمەر» دىن ئىبارەت («تارىم»
ژۇرنىلى شۇ سانىنىڭ 128 -، 129 -، 130 - بەتلىرىدىكى قارالسۇن) ئىككى غەزەلنى
ھېچقانداق مەنبە كۆرسەتمەيلا، «شائىر مۇنداق يازغان» دېگەن باغلىغۇچى سۆز بىلەن
ئوتتۇرىغا قويۇپ، مەن يازغان بەش بېيىتلىك غەزەل شەكلىدە مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ
مۇ شېئىر يازغانلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولغان.

شۇنى تەكىتلەش ھاجەتكى، بىز ئۈچۈر دەۋرىدە ياشاۋاتىمىز. تارىخىي تەتقىقات
ئوبيېكتلىرىنى مۇقەددەس كىتابلار سەھىپىلىرىگە قىستۇرۇلغان يېزىقلار، مۆھۈر ياكى
بىسمىللا بىلەن باشلىنىپ، ئىچىگە ھازىرقى زامان ئىبارىسى بىلەن يېزىلغان پاكىتلارغا
قاراپ ھۆكۈم قىلىدىغان ئەقىدىچىلىكتىن ئازاد بولۇشقا توغرا كېلىدۇ. بىر زاماندا
گرونوۋېدىل ۋە لىكوك قاتارلىقلار كونا قول يازمىلارنى كۆپلەپ سېتىۋالغاندا، كۆچارلىق
بەزى كىتابپۇرۇشلارنىڭ سامان قەغەزگە يېزىلغان قىممىتى يوق ھەرخىل قول يازمىلارنى
سارغايتىپ ساتقانلىقىنى ئۆز يۇرتىغا قايتقاندا بايقاپ قالغاندى. يېقىندىلا بىرسى
كەتمىنىر تەخەللۇسلۇق يالغان تارىخىي شەخسنىڭ ئاتالمىش 815 - يىلى يېزىلغان

خەنزۇچە ئۇچ شېئىرنى ياساپ چىقىپ، ھەتتا گومورو ئەپەندىنى ئالداپ كەتمىدىمۇ؟ بۇ سىرلى كاربون 14 ئانالىزى ئېچىپ تاشلىدى! بىز قەسەمگە قاراپ ھەق - ناھەقنى ئايرىيدىغان ئوتتۇرا ئەسىردىن خېلىلا يىراقلاپ كەتتۇق!

يەنە شۇنىمۇ تەكىتلەش ھاجەتكى، ئەگەر قەدىمكى كىشىلەر نامىغا ئەسەر يازىدىغان، شېئىر - غەزەللەر تۈزىدىغان، ھەتتا سىياسىي قاراتمىلىقى بولغان شېئىرلارنى يازىدىغان ئەھۋالغا يول قويۇلىدىكەن، پۈتۈن كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ شەنىنى بۇلغاپ، ئۇنى قايتىباشتىن گۇمان ئىچىگە تىقىپ تاشلايمىز! بۇ ھەممەيلەننىڭ جىددىي كۆڭۈل بۆلۈشىگە تېگىشلىك، تەسىر دائىرىسى تولىمۇ چوڭ مەسىلە. بىزنىڭ كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىنى قانچىلىك زور چىقىملار بەدىلىگە تىكلىگەنلىكىمىز كۆپچىلىككە ئايانغۇ!

خۇلاسە شۇكى، بۇ «ھۆججەت»لەر ئىلمىي يوسۇندا ئىسپاتلىنىشى، «پاكىت»لارنىڭ ئۆزى سۆزلىشى، ئۇچۇر بېرىشى كېرەك!

## 5. «ھەمرايى غەزەللىرى» قانداق شارائىتتا مەيدانغا كەلگەن؟

بۇ ھەم قىزىقارلىق، ھەم ئېچىنارلىق كونكرېت مەسىلە.

ئانام ئەسلىدە شېئىرلار يازاتتى. مېنىڭ شېئىرىيەتكە قىزىقىشىم ئەدەبىيات مۇئەللىمى ئانامنىڭ تەسىرىدە شەكىللەنگەن. ئاتا - ئانام 1955 - يىلى تەسىرىدە ئەمەس، مۇھىمى، ئانامنىڭ تەسىرىدە شەكىللەنگەن. ئاتا - ئانام 1955 - يىلى سوۋېتكە چىقىپ كەتكەندە، مەن ئىچكىرىدە ئوقۇۋاتاتتىم. تەقدىر مېنى ئاتا - ئانا ھالاۋىتىدىن ئايرىپلا قالماستىن، بەلكى ئىنسانىي ھوقۇق، ئىجادىيەت ۋە نەشىر قىلىش ھوقۇقىدىنمۇ ئايرىۋەتتى. بۇنىمۇ ئاز دەپ ئاتامنى يورۇق دۇنيادىن ئېلىپ كەتتى. ئانامۇ ئاتامدىن كېيىن 14 يىل تەنھا ياشاپ ئالەمدىن ئۆتتى. شۇ چاغدىمۇ تۈزەلمىگەن پەلەك مېنى بىردىن فونتاندەك ئېتىلىپ چىقىشقا ئېلىپ كەلدى. ئانامنىڭ شېئىرىي خەتلىرى ئاساسىدا ئۇنىڭ نامىغا ئاتاپ، كەڭ مەنىدە ئىنسانىيەت قەلبىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ سىما - ئانىغا ئاتاپ ھەمرايى نامىدا شېئىر يېزىشقا كىرىشتىم. نىيمىشقىدۇر تېپىك تارىخىي مۇھىت، قاتلام - قاتلام ھېسسىيات تۈپەيلى بۇ شېئىرلار خېلىلا تەسىرلىك چىقتى. تارىخ مېنى بىر مەزگىل تاڭغا «شەيدائىي» قىلغان بولسا، بىر مەزگىل «ھەمرايى» قىلىپ قويغانىدى.

بۇ شېئىرلارغا ئاتا - ئانامنىڭ، ئۆزۈمنىڭ، پۈتۈن خەلقىمىزنىڭ ئەينى يىللاردىكى تارىخىي پاجىئەسى ئىلھام بەرگەندىن تاشقىرى، مۇھىمى، مەرھۇمە ئانامنىڭ شېئىرىي پارچىلار يېزىلغان خەتلىرى بىۋاسىتە مەزمۇن بولغان. بۇ خەتلەر قولۇمدا ھېلىمۇ تۇرۇپتۇ. ئانام خەتلىرىگە ھەرخىل ۋەزىندە شېئىرلار يازاتتى. ئۇنىڭ بەزىلىرى بەدىئىي جەھەتتە راسا پىشقان بولمىسىمۇ، ئۇنىڭدىكى پىكىر ۋە ھېسسىيات تولىمۇ شېئىرىي ئىدى. راسا ئۆلچەملىك بېيىتلار ياكى مىسرالارمۇ خېلى كۆپ ئىدى. قىسقىسى، ئۇ پىششىقلاپ ئىشلەنمىگەن، سالام خەتكە قول ئۇزاتقاندا دەرھال ئۆرلىگەن ئىلھام بويىچە يېزىلغان

ھېسسىياتلىق شېئىر ئۇچقۇنلىرى ئىدى. بۇ بايلىق پەقەت ئانام قازا قىلغاندىن كېيىن، ماڭا باشقىچە تەۋەررۈك كۆرۈنۈپ، جۇلا قىلىپ كەتتى. دەر ھەقىقەت ئۇ «ھەمرايى» دېگەن ياكى باشقا بىرەر تەخەللۇس قوللانمىغان. مەن بۇ تەۋەررۈك بايلىقنى ئۇنىڭ ئىسمىنى تەخەللۇس قىلىپ يېزىپ چىقتىم. دەر ھەقىقەت ئۆز ھېسسىياتىمنى شۇ تەخەللۇس ئارقىلىق ئىپادىلىگەن غەزەللىرىممۇ بولدى.

مەن بۇ غەزەللەرنى ئەنئەنىۋى يەتتە بېيىتلىق غەزەل قىلمىدىم. ئۇنىڭدا ھامۇت مەھمۇدى ماقالىسىدە مەھمۇد ھېكىمبەگ شېئىرى دېيىلگەن «تۇپمە يەرگە كىرىپ چېچەك بولدى، پىلە جاندىن كېچىپ يىپەك بولدى» دىكىدەك شېئىرلارمۇ ياكى «مۇزلىدى» شېئىرىدەك بەش بېيىتتىن ھالقىغان ۋە تەخەللۇسسىز غەزەللەرمۇ يوق. مەن «ھەمرايى غەزەللىرى»نى بىردەك بەش بېيىتلىق ۋە تەخەللۇسلۇق قىلىپ يېزىپ چىقتىم. بۇ ماڭا پىكىر ئىخچاملاشقا ياردەم قىلدى.

«ھەمرايى غەزەللىرى» «كونىشەھەر ئەدەبىياتى»دا ئېلان قىلىنغاندا، مېنىڭ شېئىرلىرىم تېخى رەسمىي ئېلان قىلىنمىغان بولسا كېرەك. مەن شۇ چاغدىكى ۋەزىيەت تۈپەيلى «ھەمرايى غەزەللىرى»نى ھېچقانداق ئىزاھات، ئېلاۋىسىزلا ئېلان قىلىش يولىنى تۇتقانىدىم. شۇنداقتىمۇ خېلى كۆپ كىشىلەر، بولۇپمۇ بىر قىسىم شائىرلار بۇنى دەرھال سېزىۋېلىشتى. چۈنكى ھەممە كىشى ئۆز دەۋرى بىلەن، ئۆز سەرگۈزەشتىسى بىلەن، ئۆزىنىڭ مەنىۋى قاتلىمى، تىل ۋە پىكىر ئۇسلۇبى بىلەن ئۆزىگە خاس ۋە كوپىيىسىز ئىندىۋىدۇئال-دە! بەزىلەر كېلىپ سوراپ، ئەھۋالنى بىلدى. بەزىلەر «ئانىسىغا ھەيكەل تىكلىمەكچى» دېدى. مەن يۇقىرىغا قارىتىپ تىكلەش بىلەن ئەمەس، تۆۋەنگە قارىتىپ ئاققۇزۇش بىلەن، نالە قىلىش بىلەن مەشغۇل ئىدىم.

مەن ھامۇت مەھمۇدىنىڭ جاسارىتىگە قايىلمەن. مەن ئۆزۈمنىڭ ئۇكچىلىقى ۋە ئاتا-ئانامنىڭ چەتكە چىقىپ كەتكەنلىكىدىن ئېھتىيات قىلىپ تۇرغىنىمدا، ئۇ كىشى «يەتتە خوجا توپىلىڭى» ۋە «ياقۇپبەگ دەۋرى» دىكى مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ چىڭ سۇلالىسىگە قارشى «ئىسيانچىلار تەشكىلاتى» قۇرۇپ، يۇرتىدا ئىسيان قىلىشىدەك مۇھىم تارىخىي مەسىلىنى يۈرەكلىك ھالدا «ئىنقىلاب» دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ چىقالىغان.

## 6. «ھەمرايى غەزەللىرى»نىڭ تېماتىكىلىق مەزمۇنى

«ھەمرايى غەزەللىرى»نىڭ مەزمۇنىغا نەزەر سالساق، ئۇنىڭ مەھمۇد ھېكىمبەگنى ياكى ئۇ ياشىغان دەۋرنى، ئۇنىڭ «ئىسيان» تېماتىكىسىنى ئەكس ئەتتۈرمەيدىغانلىقى ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇم بولىدۇ. ئۆزىنى ئۆزى ئىسپاتلىماق غەلىتە كۆرۈنىسىمۇ، بۇ ئىشنىڭ زۆرۈرىيىتى تۈپەيلى، ئۆزگىلەرنىڭ ئىسپاتلىشىدەك غەلىتە بولماس!

بىرىنچىدىن، ھامۇت مەھمۇدىنىڭ ماقالىسىگە قارىغاندا، مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ ئائىلىسىدە بىر ئاتا (مىرئەخمەد شەيخ ئاخۇنۇم)، بىر ئانا (ھەمرا بۇۋى)، چوڭ ئوغۇل (ئابدۇرېھىم ئەلەم ئاخۇنۇم) ۋە مەھمۇد ھېكىمبەگدىن ئىبارەت تۆت كىشى بولغان.

بىزدە ئاتا - ئانا ۋە بىرلا ئوغۇل ــ شۈكرىلىللا (ئائىلىدە شۇنداق دەيتتى) ئۈچ كىشى بولغان. بۇ «ھەمرايىي غەزەللىرى» دە مۇنداق مىسرالار ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن:

«بولسا گەر ئوغلانلىرى كەنئانىنىڭ ئوندىن بۆلەك،
مەن ئايال مەزلۇمىغا قىلدىڭ ئونى يەك ئەختەرا،»
«بىر ئوغۇل كۆردۈم جاھاندا بولدى ئالەم تار ماڭا،
ۋەسلىنى كۆزدىن بىرىپ يەتمەي ئۇنىڭ ئوتقاشىغا.»
«شۈكرىلىللا، بىر چىنار كۆكسۈم يىرىپ چىققان گويا،
قانلىرىم جىسمىڭگە ئاقمىش، يىلتىزىڭ تومۇرۇم يانا.»
«يىزىپىسىز خۇش كەرەشمە نەزمىلەر شەيدايىي ئوغلانىم،
يۈرەكتىن جۇشقىدى ئىلھام سۆيۈپ جىسمىم ئارا قانىم.»
«شۈكۈرۈم ياخشى قال ئەلدە، سىنى قەلبىڭگە تاپشۇردۇم،
ۋەتەنىنىڭ خاكى ھەمرايىي شىپالىق ئىبنى سىنادىن.»
«بىلىق دەريادا ئۇسسۇزدۇر، چىراغقا تەشنا پەرۋانە،
ئۆزۈم تىككەن شۇ رەيھانغا ئۆزۈمنى قىلدى دىۋانە.»

1962 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئانامغا خەت يىزىشىمغا رۇخسەت قىلىنمىدى. ئۇ قىزىل كىرىست جەمئىيىتى ئارقىلىق مىنى ئىزدىگەچكە، تەشكىلىنىڭ تەۋسىيە قىلىشى بىلەن ئانامغا خەت يازدىم. ئۇ خۇشاللىقىدا يازغان جاۋاب خىتىدە:

«شۈكرىلىللا، كەلدى دوستلار، مىھرىبانىمدىن خەۋەر»

دىگەن سەدرىدە بىرقانچە مىسرا شېئىر يازغان. مەن شۇ ئاساستا مۇشۇ سەدرىدىكى غەزەلنى يازدىم.

ئىككىنچىدىن، مەھمۇد ھېكىمبەگ «يەتتە خوجا توپىلىڭى» غا قاتناشقانلىقى ھەم ۋەلىخان تۆرىگە ئەگەشكەنلىكى قىسمىتى بىلەن يۇرتىنى تاشلاپ پەرغانىغا كەتكەن ۋە ئۆز شېئىرىدا قايتا ئىسيان قىلىشنى تېماتىكا قىلغان بولسا، «ھەمرايىي غەزەللىرى» دە ئاتا - ئانامنىڭ سوۋېتكە چىقىپ كەتكەنلىكى، دادامنىڭ مىنىڭ غېمىمدە قازا قىلغانلىقى (مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ دادىسى چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن دىيىلگەن)، پۈتۈن شېئىر تېماتىكىسى پەرزەنت غېمى ئىكەنلىكى ئىزچىل ئىپادىلەنگەن. بۇنىڭ مىساللىرى مۇنداق:

«قارا كۆل ساھىلىن باستىم، تىيانشان ئۈستىدىن ئاشتىم،
بۇ ھىجرەت دەشتىدە شاشتىم، پەلەك شەپقەتتە پەرۋاسىز.
خۇسۇمەت - رەشىك بالاسىدىن مىنىڭ ئاھىم ئىلىك ئالماس،
جاھان تارىخىدا قالمىش باھا شەۋكەتكە پەرۋاسىز.»

«تىيانشان» نامىنى ئىۋانوۋ تىيانشانىسكى ۋە روبرووسكىلار قوللانغاندا، مەھمۇد ھېكىمبەگ ئالەمدە يوق ئىدى. قارا كۆل قىرغىزىستاندا. ئىككى دۆلەتنىڭ شۇ چاغدى-كى «خۇسۇمەت - رەشىك» ئىبارىسىگە مەجازلاشتۇرۇلغان پەرۋاسىز ھالىتى مانا ھازىر

تۈزىتىلىۋاتىدىغۇ. بۇنىڭ ياقۇپبەگدىن ئىلگىرىكى ۋەزىيەت بىلەن قانداق ئوخشاشلىقى بولسۇن!

«ئاتاڭ ئۆلدى سېنى ئويلاپ بۇ ھىجراننىڭ قازاسىدا،
يۈرەك باغرى تولۇپ قانغا قەۋەت ھەسرەت دالاسىدا.
بۈگۈن يوقلاپ ئاتاڭ قەبرىسىن پىراقتا مۇڭدىشىپ ئۆتتۈم،
ئۆمۈرلۈك سۈرتىنىڭ ھاكىم تەقەززا كۆز قاراسىدا.»
«ئاتاڭ غەرق ئەتتى تاھىردەك پىغان دەرياسىغا ئاخىر،
ئاناڭ بىر مىسلى مەجنۇندۇر قىلارىن بىلمەيدىن شاشتى.»
«ئاتاڭ ھەر كۈن يازار نامە، كۆزدىن تامچىلار تاشلاپ،
ئاناڭ يىغلار كۆڭۈلدە بەختى سۇلتانىم ئامان بولغىن.»

روشەنكى، مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ دادىسى بىلەن بىللە چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن قەتىل قىلىنغان ئانىسى ھەمرا بۈۋىنىڭ يەنە كېلىپ مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ قەبرىسىنى يوقلىشى مۇمكىن ئەمەس!

مىسال كەلتۈرمىسەكمۇ «ھەمرايى غەزەللىرى» دە بالا سۆيگۈسى ئاساسىي تېما قىلىنغان بولۇپ، سىياسىي ئىسيانكار پىكىر كۆرۈنمەيدۇ.

ئۈچىنچىدىن، «ھەمرايى غەزەللىرى» دە پىكىر ۋە ئىبارىلەر ھازىرقى زامان كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ بولغان. مەسىلەن:

«قەپەزدە شىر كۆرۈپ ھايۋان بېغىدىن مۇڭدىشار بولسام،
كۆڭۈل پىرقەتلىرىدىن پەرق ئېتىپمەن ئۇشبۇ ھايۋاننى.»
«چۈشەن ھەمرايى، ئۆركەشلەر دېڭىز كۆرگەندە ئاي ھۆسنىن»
«ئۇچار مەكتۇپلىرىم كۆكتە، يېتەر ئۆتمەي تۇرۇپ ھەپتە،
يەنە ھەمرايى زەردابتا، كۆرەرمەن دەپ چىدام سالدىم.»
«تەبىئەت نەغمىسىن قىلغىل مېنىڭ ھەمدۇ سانايىمنى»
«سەپكۈ بامبۇك جىسمى داغ ھەتتاكى ئاي دىدارىدا»
«دۇرى نادىر خاز بولۇپ، پەرۋاز قىلار سەنگى ساپا،
مىڭ ساداق بولمىش راۋان سەنئەت، ئىلىم چولپانىغا.»
«ئى ھەبىبىم پۈتمىگەي سۆيگۈ بىلەن ئالەمدە قۇت،
بولمىسا نەۋئى باھار ئىككى چېچەك بولمايدۇ باغ.»

بۇنىڭدىكى «ھايۋانات بېغى»، «ئاينىڭ دېڭىزغا يېقىنلىششى، دېڭىزدىكى ئۆركەشكە سەۋەب بولۇشى» ھەققىدىكى بىلىم، «سالام خەتنىڭ ئۇچۇپ، ھەپتە ئۆتمەيلا ئۇرۇمچىدىن فرونزىغا يېتىپ بارىدىغانلىقى»، «تەبىئەت نەغمىسى»، «سەنئەت، ئىلىم چولپانلىرىغا مىڭ ساداق تېگىۋاتقانلىقى» مەھمۇد ھېكىمبەگ زامانىغا ئائىت ئەمەس. «سەپكۈ بامبۇك» ئاتالمىسىنى ئەدەبىي تەرجىمانلىرىمىز «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» تە تىلغا ئالغان. «ئىككى چېچەك (ئىككى دۆلەت) باھار ھاسىل قىلمىسا، بۇ سۆيگۈ ھىج-

رالى ئاياغلاشمايدۇ» دېگەن قاراشلار قايسى زاماننىڭ ماجازى ئىبارىسى؟! ھەتتا مەن
«دورى نادىر خار بولۇپ، پەرۋاز قىلارسەنگى ساپا» ئىبارىسىنى چۈيىۋەننىڭ «سۇم-
رۇغ قەپەزدە بەنددۇر، خوراز كۆكتە پەرۋازدا» دېگەن ئىبارىسى تەسىرىدە يازدىم.
«سۇلايمان قۇمرىسىدىن قاچتىمۇ يا دۋەئى ھىجران» ئىبارىسىنى 50 - يىللارنىڭ ئاخى-
رىدا «باغدات ئوغرىسى» كىنوسىنىڭ كۆرۈنۈشى تەسىرىدە يازغان. بۇنى قانداقمۇ
مەھمۇد ھېكىمبەگ زامانىغا سۈرگىلى بولسۇن؟

مۇندىن باشقا:

«لەھەت ئالدىدا ھەمرايى جاھانغا تاشلىدى بىر سۆز:
قاباھەت ئەكسەرى چىنلىق، گۈزەل، پاك خىسلىتىڭ يوقمۇ؟»

دېگەن ئىبارىمۇ ھازىرقى چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك كاتېگورىيىلىك ئىبارىلى-
رىدىن ئېلىنغان.

تۆتىنچىدىن، «ھەمرايى غەزەللىرى» ئانامنىڭ شېئىردي خېتى ۋە ئوغۇللىرى-
نىڭ رەسىمىنى مەيدىسىگە تاقاپ چۈشكەن رەسىمى ئاساسىدا ئۆزۈم، ئايالىم ۋە پەر-
زەنتلىرىمنىڭ ئىسمىنى كۆپ قېتىم تىلغا ئېلىش بىلەن ئائىلىۋى روشەنلىك ھاسىل
قىلغان. بۇنىڭ مىساللىرى مۇنداق:

«خېتىم ئېلىپ ئوقۇپ رەنا، ئوغلانىمغا سالام ئەيتىڭ،
ئانالىق مېھرى تەختىدە سۇلتانىمغا سالام ئەيتىڭ.»
«بىلەرسەنمۇ ئانالىق ھىجرىنىڭ دەردىنى گۈل رەنا،
ئۆتۈپ تۇرغان چېغى شەيدايى ئىشق ئىمتىھانىڭدىن.»
«شۇكرىلىللا، باغىدا گەر ئاچسا رەنا غۇنچىلار،
تاۋلىنىپ چوغلۇق كەبى رەڭگى مۇنەۋۋەر بولغۇدەك.
تۆت ئوغۇلنىڭ سۈرىتىن كۆكسۇم تاقاپ شاشتى دىلىم،
ئۇ ماگا لەيلۇ - ناھار خۇرشىدى ئەنۋەر بولغۇدەك.
تەلمۈرۈپ باققان كۆزۈمدىن زۇقلىنىپ شادلىق يېشى،
تۇرقى مەغرۇر ئەكبىرىم ئالەمدە گۆھەر بولغۇدەك.
سەۋرى قىل ھەمرايى بولسا پەررۇخنىڭ ساھىبقىران،
چىن پەزىلەت بابىدا ھەر بىرسى ئەسقەر بولغۇدەك»

ئەجەبا، ئۆزۈم، ئايالىم، تۆت ئوغلۇم ھەققىدىكى بۇ مىسرالارمۇ مېنىڭ ئەمەسمىكەن؟
بەشىنچىدىن، ھامۇت مەھمۇدى تەرىپىدىن «تەقۋادار مۇسۇلمان» دەپ تەرىپلەن-
گەن ۋە ئۆز «ئىسيانى»نى مەلۇم مەنىدە دىن بىلەن باغلىغان مەھمۇد ھېكىم-
بەگنىڭ تۆۋەندىكى مىسرالارغا قولى بارامدۇ؛ ياكى بۇ مىسرالار ھازىرقى زامان
مۇئەللىپىنىڭ ئىدېئولوگىيىلىك قۇرۇلمىسىغا مەنسۇپ نەتىجىمۇ؟

«تاۋابى ھىجرىدە بولماق رەسۇللۇق ئەرشىدىن ئەلا،
ۋىسال مىراجىنىڭ شاھى كىمنىنى ئاشيان ئەتتى.»
«سېنىڭ قەددىڭنى كۆرمەكلىك رەسۇل مىراجىدىن ئەلا،

كۆرەلمەي كۆز يۇمارمەنمۇ، بۇ ئارمان بىر كىپەن گويا.»
«ئىچىپ پىرقەت شارابىنى يۇغاندىن چىقتى ھەمرايى،
گۇمانكىم ساقى ئالەممۇ ئەمەستۇر ئۇنچە دىلشادى.»

روشەنكى، بۇ مىسرالار دىنىي ماجازى ئىبارىلەر ئارقىلىق دىن ۋە تەسەۋۋۇپقا يات هازىرقى پىكىرلەرنى ئىپادىلەشكە قارىتىلغان.

ئالتىنچىدىن، «ھەمرايى غەزەللىرى» دە مېنىڭ ئەينى يىللاردا قىزىققان تېمىلىرىم، ئالغان شېئىرىي ئىلھاملىرىم ئىپادىسىنى تاپقان. مەسىلەن:

«بۇ پەلەك ئاستىدا ئالەم شاد ھاۋالىق بولمىدى،
ياكى فارابى تەقەززا پادىشاھلىق بولمىدى.
مىڭ شىپا بابىدا قانۇنلار تۈزەپ ئۆتكەن ھەكىم،
ئول ئىبنى سىنا ئۇچۇن ئاخىر شىپالىق بولمىدى.
جامى مەي جامىدا مەي ئىچتى پەقەت داستانىدا،
خۇش ناۋا مەپتۇن ناۋائىغا ناۋالىق بولمىدى.
زوقلىنىپ تىترەر دىلىڭ ئىشتسەڭ نەفىسى سازىنى،
كۆك سۆيۈنگەچ ئۆمرى ئالەمدە راۋالىق بولمىدى.
مۇڭ باسار ئاسماندىكى يۇلتۇزغا باقسام تۈن ئارا،
ۋەسلى ئارا ھەمرايىغا مەي ساقىيالىق بولمىدى.»

بۇ غەزەلدىكى فارابىنىڭ پەيلاسوپ پادىشاھلىقى، ئىبنى سىنانىڭ «ئەلقانۇن»نى يېزىپ، ئاخىرى ئۆزى ئۇچەي ئالمىشىپ جان ئۈزگەنلىكى، ئامانىسانىڭ تۇغقۇتتا ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى قاتارلىقلار شۇ چاغدا مەن ئىزدىنىۋاتقان مەسىلىلەر ئىدى. بۇنىڭ ئەسلى بىرىنچى ئورىگىناللىرىمۇ بار.

### 7. ھەمرايىنىڭ يۇرتى مەسىلىسى

ھامۇت مەھمۇدىنىڭ ماقالىسىدا ھەمرايىنىڭ يۇرتى مەسىلىسى يەتتىنچى نۇقتا سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنغان. مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ ئاتا-ئانام بىلەن بىر يۇرتلۇق ئىكەنلىكى ئېھتىمالغا يېقىن.

ئاتام ئاتۇش مەشھەد باغرىق كەنتىدىن بولۇپ، بۇ كەنت هازىر سۇنتاغ رايونىغا قارايدۇ. ئانام ئاتامنىڭ چوڭ دادىسى مەتتىمىن ھاجىمنىڭ چوڭ ئايالى ھەمرا بۇۋى ھاجىمغا تەۋە نەۋرىسى بولۇپ، بۇ مومىمىز قازا تاپقاندا تۇغۇلۇپ، ئۇنىڭ نامىدا ئاتالغان. شۇنداق قىلىپ ئاتا-ئانام ئانا باشقا بىر نەۋرىلەر بولغان. ئانامنىڭ دادا تەرەپ يۇرتى تۇركۆل ئازنا مەسچىت بولۇپ، ئۇ دادىسى مۇھەممەت ئەلى ۋە ئانىسى تاجىخان بىلەن ئەنجاندا ياشاپ، ئوقۇشقا چىققان تۇغقىنى ئاتام مۇھەممەت ئىمىن بىلەن تونۇشۇپ نىكاھلىق بولغان.

«ھەمرايى غەزەللىرى» دىكى يۇرتقا ئائىت بىرقانچە غەزەلنى مەن ئانامنىڭ ئۆزبېك ئەمەسلىكى، ئۇ سۆزلەپ بەرگەن يۇرت ھېكايىتى بويىچە، يەنە مېنىڭ ئاتا-ئانام بىلەن بىللە قەشقەر ۋە ئاتۇشتا بىللە بولغان كۈنلىرىمىز خاتىرىسى بويىچە يېزىپ چىققان.

«ئۇچۇردۇم بال ھەرەمنى باغ ھەرەمگە، بالىم ئىستەرمەن،
شىپايى تۇتىيا ئەيلەپ ۋىسال دەرمانىم ئىستەرمەن.
تېۋىپ ئېيتقان ئۇ شۇل ئارتۇش ماكانى مەشھەدى ئوغلان،
ۋىسال ئاستانىسىگە يەتكىلى دەرمانىم ئىستەرمەن.»

دېگەندىكى مەشھەددە تۇغۇلغان ئوغۇل مېنى نەزەردە تۇتىدۇ.

«ئاتام ئارتۇشىدۇر، تۆركۆل مەھەللەم ئازنامەسچىتدۇر،
ئۆزۈمنى قەۋمى يۇرتۇمغا ئاتام قۇربانىم ئىستەرمەن.»

دېگەندە ئانامنىڭ يۇرت تېگى نەزەردە تۇتۇلغان.

«باغ ئارا باغرىققا يەتكەن باغى بوستان قايدىدۇر.»

دېگەن مىسرا بىلەن باشلانغان غەزەل بىلەن «سالامىمنى يېتۈرگىل نازۇ چەشمەم گۈل دىيارىمگە» مىسراسى بىلەن باشلانغان غەزەل مېنىڭ يۇرتىمغا نەچچە ئون يىل بەنتلىكتە بارالمىغان سېغىنچىلىق ھېسسىياتىمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ئانامنىڭ يۇرت سېغىنىش خەتلىرى روھىدا يۇغۇرۇلۇپ يېزىلغان.

مەن ھەتتا ئانامنىڭ ياشلىق دەۋرىدە ئۇرۇمچىدە سانائى نەفىسىدە ئىشلىگەن يىللىرىنى ئەسلەپ مۇنداق بىر غەزەل يازغانىدىم:

«گۈل چېغىم گۈلشەن ئىچىدە كۆرگىنىم توز بولمىدى،
يامولۇن، ھۇقۇش كۆرەرگە مەندىمۇ كۆز بولمىدى.
بولمىدى باغۋەن پاناھ ئۇشبۇ نەفس سەنئەد ئارا،
ئەھلى زاھىتلار قاۋاشتا ئىت بولۇپ، ئۆز بولمىدى.
چەشمىلەر زەۋقىدە ئاھۇ، قەستىدە سەييات ھەلەك،
ئۇسسۇغاچ چورتان بېلىق دەريادا قۇندۇز بولمىدى.
زەپىران بولدى يۈزۈم، مەگزىمگە چۈشتى ھال سىرىق،
ئۆلپىتىم سورىسام دېگەي ياشىڭدا ئوتتۇز بولمىدى.
بىلمەدىم تۇغدى ساما چولپان بىلەن تاڭدىن بۇرۇن،
كۈن چىقىپ ھەمرايىمغا كۈتكەندە كۈندۈز بولمىدى.»

ئەلۋەتتە، 30 — 40 - يىللار ئەسلەنگەن، ئازادلىق تېگىمغا بولغان تەقەززالىق ئىپادىلەنگەن بۇ غەزەل بىلەن مەھمۇد ھېكىمبەگ شېئىرلىرىنىڭ دەۋرى ۋە پىكىر تېمىسى ئارىلىقىدا ناھايىتى چوڭ مۇساپە ياتىدۇ!

* *

مەتبۇئاتچىلىق قائىدىسى بويىچە ھاموت مەھمۇدى ئۆز ماقالىسىدا تىلغا ئالغان («تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1987 - يىللىق 10 - سانىنىڭ 131 -، 133 - بەتلىرىدىكى) تۆ-

ۋەندىكى مىسرالارنىڭ مېنىڭ غەزەللىرىم ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ تېماتىك مەزمۇنىنىڭ پۈ- تۈنلەي ناتوغرا ئىزاھلانغانلىقىنى ئىزاھلاش مەجبۇرىيىتىم بار. ئۇلار مۇنداق:

«سالامىمنى يېتۈرگىل نازۇ چەشمەم گۈل دىيارىمگە.»
«ئازابى ھىجرىدىن تۇپراق ئازابى بولسا ئاساندۇر.»
«جاھاندا ھېچنېمە يەتمەس مېنىڭ پەريادۇ زارىمگە.»
«بىلقىسىم سۆيدۇم سېنى ھەتتا سۇلايماندىن ئۆتەر.»
«نە قىسمەت شىرىنىم سۆيسە كۆكۈل باغىدا خىسراۋنى.»
«نىگارىم ئىزلىمە ھەرگىز نىقاپ ياپقانىدا تۇپراقتىن»
«لەيلىنى ئىزدەپ چىقار بولسام مەگەر مەجنۇن بولۇپ»
«تۈن ئاخشام كەلمىدى دىلبەر خىيالى كەلدى قاشىمگە»
«ئەي سابا، دەردىمنى ئېيتقىن شىرىنىم قۇيسۇن شاراپ»
«يېتىپ ئاۋارە بولماڭ شام تۇتاناس شامىدانىمدا»

بۇنىڭدىن باشقا كېسەل ھالەتتە، قىرىلىق ئازابىدا ئۆزىنى بىر موھتاج سۇبيېكت بىلىپ، تېۋىپقا - ھېكىمگە — موھتاجنى يەشكۈچى ئوبيېكتكە قارىتىپ يېزىلغان:

«ئى ھېكىم، رەنجىم شىپاسى ئۇندىن ئۆزگە كار ئەمەس»
«تۆكسە قان گەر گۈل تىكەن چىققايمۇ شەپقەتلىك ھېكىم؟!»

دېگەندەك مىسرالارنى «ھېكىم» تەخەللۇسى قوشۇلغان، بۇ ھەمرايىنىڭ چوقۇم مەھمۇد ھېكىم بەگلىكىنى كۆرسىتىدۇ، دېگەن تەلقىنلەر تولىمۇ يەڭگىللىك بىلەن قويۇلغان. سو- راپ كۆرەيلى، ئۇ چاغدا بىر غەزەلدە ئىككى تەخەللۇس بولۇپ قالامدۇ؟ موھتاج سۇبيېكت بىلەن ئۇنىڭ موھتاجلىقىنى يەشكۈچى ماجازى ئوبيېكتى بىر بولۇپ قىلىپ، شېئىرىيەتنىڭ نېمىنى ئىپادىلىمەكچى بولۇشتەك لىرىك ئالاھىدىلىكى يوققا چىقامدۇ؟ بۇلار ھەممىسى سۇنئىي ۋە زومۇزو توقۇلما ئەمەسمۇ؟

## 8. بىرقانچە خۇلاسە

مېنىڭچە يېتەرلىك بولدى. مەن ماقالەمدىن مۇنداق يەكۈن چىقىرىمەن:

1. «ھەمرايى غەزەللىرى» مېنىڭ پەۋقۇلئاددە ئەھۋال ئاستىدا ھەمرايى تەخەللۇسى قوللىنىپ، ئانا - بالا ھىجرانىنى كۈيلەپ، ئانا قەلبىگە بېغىشلاپ يازغان غەزەللىرىم بولۇپ، ئۇ مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ ئەسىرى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

بۇ شېئىرلار مۇشۇ ئەسىرنىڭ 90 - يىللىرىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا يېزىلغان، ھەتتا بۇ قېتىم فرونزىغا بېرىپ ئۇنى يەنە كۆپەيتتىم، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەنە كۆپىيىشى مۇمكىن،

بۇ شېئىرلار بىردەك بەش بېيىتلىق غەزەل شەكلىدە، ھەمرايى تەخەللۇسىدا، بىر- دەك دەۋر، پىكىر، تېماتىكا، تىل، ئۇسلۇبتا يېزىلغان بولۇپ، ھەممىسى بىر گەۋدە!

بۇ شېئىرلار چوڭراق مەنىدە مېنىڭ باشقا غەزەللىرىم، لىرىك نەسرلىرىم، رۇبائىي

لىرىم بىلەنمۇ بىر گەۋدە! ئۇنىڭدا كۆپ ۋارىيانتلىق ئوخشاشلىق بار. مەسىلەن:

«قايسى بىر پەرۋان چىراغ ئوتىدا پەرۋان بولمىدى،
ئۇشبۇ ئوت ئىچرە كۆيۈشتىن ئۆزگە جەۋلان بولمىدى.»

دېگەن غەزەلنى ھەمرايى تەخەللۇسىدا يازغان بولسام:

«قايسى پەرۋان ئوت ئارا ئۆرتەنمىدى،
ياكى ئوت پەرۋانىغا گۈلشەنمىدى؟!»

دېگەن غەزەلنى شەيدايى تەخەللۇسىدا يازدىم. بۇ گەۋدىنى پارچىلاشقا بولمايدۇ! ئۇنى «مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ، ئەمما باشقىلىرىمۇ ئارىلىشىپ قاپتۇ» دېگىلى بولمايدۇ. شۇنىڭدەك بىرقىسمى مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ شېئىرلىرى، بىر قىسمى مەھمۇد ھېكىمبەگنى باھانە قىلىپ، ئۇنىڭ نامىدا چىقىرىۋالدىغان شېئىرلار، بىر قىسمى ھەمرايى غەزەللىرىدىن قاقتى - سوقتى قىلىنغان تالλانما شېئىرلاردىن ئىبارەت ئۈچ خىل شېئىرلارنى سۈنئىي ۋاستىلەر ۋە ياسالما تەلقىن بىلەن بىر پۈتۈن قىلىپ مەھمۇد ھېكىمبەگ ياكى شۇ كىشىنى نەزەردە تۇتقان ھەمرايى ئەسەرلىرى قىلىپ چىقىشقىمۇ بولمايدۇ.

2. مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ ئۆز قەلىمىگە مەنسۇپ ھالال ئەمگىكى مەيلى ئوغرىلانغان، ئالداپ - سالداپ ئېلىپ كېتىلگەن ياكى يۈسۈپ بەگ مۇخلىسوپ تەرىپىدىن كۆچۈرۈۋېلىنغان بولسۇن، نابۇت قىلىنمىغانلا بولسا، ئۇ روياپقا چىقىدۇ. ئەمما مۇنداق روياپقا چىقىش ئۇسۇلى شەيتان ۋەسۋەسىسى ياكى باشقىلارنىڭ دەيدەيگە سېلىشى بىلەن يول ياقىسىدا تۇرۇۋېلىپ كارۋاننىڭ يولىنى توسۇش چارىسى بىلەن بولماسلىقى كېرەك. تارىخ تېخىمۇ ئۆتكۈر ئەۋلاد ۋە ئىنچىكە ئۇچۇر قوراللىرى ئارقىلىق مات قىلىشى مۇمكىن. بۇنىڭغا مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ ئەرۋايىمۇ يول قويمايدۇ! مەھمۇد ھېكىمبەگ ئىجتىمائىي ۋەقەلىكنى تارىخىي جەھەتتىن ئېنىقلاش، ئۇنىڭ سىياسىي پائالىيەتلىرىنىڭ خاراكتېرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش تارىخچىلارنىڭ ئىشى. بۇ ئانچە مۇشكۈل ئەمەس.

3. ئىلمىي ئىزدىنىش، كلاسسىك ئەدەبىيات مىراسلىرىنى قېزىشتا ئەمەتنىڭ تۇمىقىنى سەمەتكە كىيگۈزۈپ قويۇش، ئۆلگەنلەرنىڭ روھىنى تىرىكلەرنىڭ تېنىگە باغلاپ قويۇش ھادىسىسىدىن، مەيلى نىيەت ياكى ئۇسۇل، مەيلى ئاتايىن ياكى ئۇقۇشماسلىق بىلەن بولىدىغان مۇنداق بولمىغۇر ھادىسىدىن ھەزەر ئەيلەش لازىم. بۇ ئەرۋالىق شەرىپىگىمۇ، تىرىكلىك ۋىجدانىغىمۇ يات!

شۇنى تەكىتلەش ھاجەتكى، تەخەللۇس ئىنسان ئەۋلادىنىڭ سانىغا قارىغاندا چەكلىك. ئۇ تەكرارلىنىشى تەبىئىي. بىرەر تەخەللۇسنى خالىتا قىلىۋېلىپ، شۇ خىل تەخەللۇس ياكى ئىبارىسى بولغان شېئىرلارنى مونوپولىيە قىلىۋالىسىمۇ بولمايدۇ. ھەمراھ، ھەمرايى تەخەللۇسى چەكسىز تارىخىمىزدا يەنە چىقىشى مۇمكىن ۋە يوللۇق. ئۆز تارىخىي قاتلىمىغا خاس شەخس تەكرارلانماس! ۋەھالەنكى، مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ ئۆز شېئىرلىرىغا «ھەمراھ»، «ھەمرايى» تەخەللۇسى ئىشلەتكەنلىكى، ئالدى بىلەن

(ئاخىرى 108 - بەتتە)

زوردۇن سابىر

# ياۋروپاغا سەپەر ①

## (زىيارەت خاتىرىسى)

### 6. ماڭا يوچۇن ۋە قىزىقارلىق تۇيۇلغان گېرمانىيە جەمئىيىتى

مەن بارلىق مەدەنىيەتلىك شەرقلىكلەرگە ئوخشاش، غەربنى كىتابلاردىنلا بىلگەنمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز غەرب توغرىسىدا «پاش قىلىش» ئاساسىي تېما قىلىنغان كىتابلارنى كۆپ ئوقۇغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بەدىنىمىزگە غەربنىڭ چىرىكلىكى توغرىسىدىكى چۈشەنچە ئۆزگەرمەس قانۇندەك سىڭىپ كەتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن «چىرىتىش» كە قارشى «ئىدىيە تەييارلىقى» بىلەن بۇ جەمئىيەت بوسۇغىسىغا قەدەم باستىم.

ئېزىش - ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش، بۇلاش، ئالداش، ھىيلىگەرلىك قىلىش، ھەتتا ئادەم ئۆلتۈرۈش قاتارلىق يامان قىلىقلار بىلەن ۋەھشىيلىكلەر بىرچە بولغاندا، غەرب ئۈچۈن ئوموملاشقان نەرسىلەر. بۇ نەرسىلەر بىزگە يوچۇن، ئۇلارغا ئۆز. لېكىن ماڭا بۇ نەرسىلەرنىڭ ئۇچرىمىغانلىقى غەلىتە، يوچۇن تۇيۇلدى. مەن چوڭ كوچىلاردا ئۇچرىتالمىغان بۇ نەرسىلەرنى «خىلۋەت كوچا» ۋە «تۆۋەن قاتلام» لاردىن تاپارمەن دېگەن نىيەت بىلەن غەربىي گېرمانىيە جەمئىيىتىنى ئىنچىكە ۋە چوڭقۇرراق تەكشۈرۈپ كۆرمەكچى بولدۇم. مەن بىر يېرىم ئاي ئىچىدە دۆلەت مېھمانخانىلىرىدا بىر كۈنمۇ ياتمىدىم. زىيالىيلارنىڭ ئۆيلىرىدە يېتىپ - قوپۇپ ھەر خىل ئادەملەر: ئاددىي دوختۇرلار، رېمونتچىلار، ئوقۇتقۇچىلار، ئىشچىلار، دېھقانلار، ئىشسىز زىيالىيلار، رىقابەتتىكى سودىگەرلەر، ئوقەتچىلەر ۋە دۆلەتنىڭ ئاددىي خادىملىرى بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىدە، زىياپەتلىرىدە، ئىش ئورۇنلىرىدا بولدۇم، ئويۇن - تاماشا، سەپەر - سەيلىلەرنى ئۇلار بىلەن بىللە ئۆتكۈزدۈم. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى، كىرىمى، شەخسىي سەرگۈزەشت - تارىخىي، پىلان - ئارزۇلىرى، ھەتتا ھەۋەس - ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن تونۇشتۇم ۋە بۇ جەھەتتىكى كۆرگەن، ئاڭلىغان، ھېس قىلغانلىرىمنى ئەينەن پېتى خاتىرەمگە يېزىپ قويدۇم. ماڭا

① بېشى ئۆتكەنساندا.

يوچۇن ۋە قىزىقارلىق تۇيۇلغان بۇ جەمئىيەت توغرىسىدىكى ئۇششاق - چۈششەك ماتېرى-
ياللار شەرقلىقلەرنىڭ غەربلىكلەرنىڭ بۈگۈنكى تۇرمۇشىنى بىلىۋېلىشىدا ئاز - تولا پايى-
دىسى بولار دەپ ئويلايمەن.

توماسنىڭ ئۆيى ئىككى قەۋەتلىك (يەر ئاستىدىكى بىر قەۋەت بىلەن جەمئىي
ئۈچ قەۋەتلىك) ئەتراپى باغ - چىمەنلىك ئۆي. ئۇ تۇرۇۋاتقان ھېلىس ھوپ يېزىسى 200
نەچچە ئاشۇنداق قورۇ - جايلاردىن قوراشتۇرۇلغان. بۇ ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىلا ئىككى-
ئۈچ قەۋەتلىك، ئۈستى چېدىرلىق، چەت - چۆرىسى باغ - ۋارانلىق، يوللىرى ئاسفالت،
يېزا ئەتراپى ياپيېشىل. قويۇق ئورمانلىقلار بۇ يەردىن 20 كىلومېتر نېرىدىكى بالتىق
دېڭىزىغا بېرىپ تۇتىشىدۇ. ئەتراپىدىكى تۆپىلىكلەردە دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋى-
چىلىق تەرەققىي قىلغان. يەر مۇنبەت، ھاۋا ئىللىق، ھۆل - يېغىن كۆپ بولغاچقا،
زىرائەت ئاينىيدىكەن، مال سەمىرىدىكەن، ئالما - نەشپۈت، ياڭاق، ئۈزۈملىرى تەملىك،
سۇلۇق بولىدىكەن. ھاۋا، يېمەك - ئىچمەك ياخشى بولغاچقا، شەھەرلەردە خىزمەت قىلى-
غۇچى نۇرغۇن ئادەملەر مۇشۇ يېزىلاردا ئۆي - ماكان تۇتىشىپ، يۇقىرى سۈرئەتلىك
يوللار بىلەن ئۆز ماشىنىلىرىدا قاتناپ يۈرۈپ خىزمەت ئىشلەيدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن
ھېلىس ھوپ 200 نەچچە ئۆيلۈك يېزا ئاتالسىمۇ، بۇ يەردە پەقەت بىرنەچچە ئۆيلۈكلا
دېھقان بار. قالغانلىرى بولسا، يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك شەھەردە ئىشلىگۈچىلەر. توماس
ئاشۇلارنىڭ بىرسى. ئۇنىڭ تۇرۇۋاتقان بۇ ئىككى قەۋەتلىك ئۆيى قوشنىسى — سودىگەر
بەرگۆلتىنىڭ ئۆيى ئىكەن. ئىجارە ھەققى مىڭ ماركقا (ھەر ئايلىقى) بارىدىكەن. توماس
ئايالى، ئىككى قىزى بىلەن بۇ ئۆيدە تۇرۇۋاتقىلى خېلى يىللار بوپتۇ. بىز كەلگەندە بۇ
ئۆيدە ئايالى باللىرى بىلەن يوق ئىدى (ئۇ دوستى بىلەن باللىرىنى ئېلىپ جەنۇبىي
گېرمانىيىگە ئاتا - ئانىسىنى كۆرگىلى كەتكەن ئىكەن).

گېرمانىيە دۇنيادىكى 4 - سانائەت دۆلىتى، دېھقانلار ئومۇمىي ئاھالىنىڭ بەش
پىرسەنتىگە يەتمەيدۇ. سانائەت تەرەققىياتى بۇ دۆلەتنىڭ خەلق تۇرمۇشىغا نۇرغۇن
ئوڭايلىقلارنى كەلتۈرگەن. مەسىلەن، يېمەك - ئىچمەك دۇكانلىرىدا ھەممە نەرسە
تەييار: كۆكتاتلار يېپيېڭى، ھەر خىل گۆشلەر ھازىر سويۇلغاندەك، ئۇن، گۈرۈچ،
ھەر خىل خېمىر تاماقلار (لەڭمەن، سۇيۇق ئاش خېمىرلىرى كېسىكلىك پېتى)، نان - بولكىلار،
سېرىق ياغ، ھەسەل، ھەر خىل ۋارىنىلار بولاقلىق، باھاسى يېزىقلىق ھالدا تىزىقلىق تۇرۇ-
دىكەن. خېرىدار مەخسۇس تەييارلانغان قول ھارۋىسىنى ئىتتىرىپ كىرىپ نېمىنى
خالىسا ئۆزى ئارىلاپ يۈرۈپ ئالىۋېرىدىكەن، چىقىش ئىشىكىدە مەخسۇس قاچىلارغا
سېلىنغان بۇ نەرسىلەر ئاپتوماتىك ھالدا ھېسابات ئورنىدىن ئۆتىدىكەن. كىچىك ئېكرانى-
دا ھەربىر مالنىڭ باھاسى يېزىلىپ تۇرۇدىكەن، ئاخىرىدا ئومۇمىي پۇل مەلۇم قىلىنىدى-
كەن. خېرىدار پۇل تۆلەپ نەرسىلىرىنى ئېلىپ كېتىدىكەن. پۈتۈن سودا جەريانىدا خېرىدار
بىلەن مال ساتقۇچى زادىلا بىۋاسىتە ئۇچراشمايدىكەن.

بىز توماس بىلەن ئەنە شۇنداق تەييار نەرسىلەرنى ئۆيگە ئېلىپ كەلدۇق.

— بىزدە ھەپتىدە ئىككى كۈن دەم ئېلىش بولىدۇ. بەش كۈن ئىشلەپ ئىككى

كۈن دەم ئالىمىز، ئىككى كۈننى دېڭىز بويلىرىدا، مېھماندارچىلىقتا ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن
بىز ھەممە نەرسىنىڭ تەييار بولۇشىنى تەلەپ قىلىمىز. خەلقنىڭ بۇ ئېھتىياجىغا ئاسا-
سەن، ھۆكۈمەت يېمەك - ئىچمەكنى مۇشۇنداق تەييارلاشتۇرغان. لېكىن بىز تەييار
نەرسىنى ياخشى كۆرمەيمىز، ئۆزى ياساپ يېگەن غىزانىڭ تەمى بولىدۇ.

توماس «لېكىن» دىن كېيىنكى بۇ گەپنى ھەممىلا نېمىنى ئۆز قولى بىلەن ياساپ
يەيدىغان ماڭا ئوخشاش شەرقلىقنىڭ كۆڭلىنى ياساش ئۈچۈن ئېيتتى دەپ چۈشەندىم.
كېيىن مەن نۇرغۇن ئۆيلەردە مېھمان بولدۇم. ساھىبخان تاماق ئۈچۈن ئاز ۋاقىت
سەرپ قىلىپ، مېھمان بىلەن سىردىشىشقا كۆپ ۋاقىت چىقىرالايدىغان، ماشىنىلىرى
بىلەن دانىيا، ئاۋسترىيە، گوللاندىيە، شۋېتسارىيە دۆلەتلىرىنىڭ ياكى ئۆز دۆلىتىنىڭ
مەنزىرىلىك جايلىرىدا تاماشا قىلغاندا، ئوڭاي غىزالىنالايدىغان شارائىتقا ئىگە بولۇشتا،
بۇ تەييار تاماقلارنىڭ پايدىسى كۆپكەن.

توماسنىڭ ئايالى ئەلىن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ئىكەن، دوستى بىلەن
ئىككىسى ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى، ئاكتىپ كىتابخانلار ئىكەن. ئۇلار مېنىڭ «كەس-
پىي يازغۇچى» ئىكەنلىكىمنى ئاڭلاپ ماڭا تولىمۇ قىزىقتى.

— مۇقىم مائاشىڭىزدىن باشقا قەلەم ھەققى ئالىدىكەنسىز، ئەجەب ئەتىۋارلىنىدى-
كەنسىلەر، سىلەردە يازغۇچىلار ھۆرمەتلىك ئىكەن، — دېدى ئېگىز بوي، قوي كۆز، چاچ-
لىرى ئاقۇش ئەلىن.

— بىزنىڭ مائاشىمىزمۇ، قەلەم ھەققىمىزمۇ تۆۋەن، — دېدىم مەن ئۆز ئەھۋالىمىزنى
تونۇشتۇرۇپ بولۇپ، — سىلەردە ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى 2 يېرىم مىڭ
ياكى 3 - 4 مىڭ مارك ئايلىق ئالىدىكەن. 3 مىڭ مارك جۇڭگو پۇلىغا 6
مىڭ يۈەن دېگەن سۆز. بىزدە بۇ پۇلنى ئىككى يىلدا ئاران ئالالايمىز.

— لېكىن سىلەردە مال باھاسى تۆۋەن.

— شۇنداقتىمۇ بىزنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىمىز خېلىلا تۆۋەن. بىزنىڭ كىشى بېشىغا
توغرا كېلىدىغان مىللىي دارامىتىمىز ئاران 200 ئامېرىكا دوللىرى چامىسىدا. سىلەردە
بولسا 8 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدىكەن. بىزنىڭكىدىن 40 باراۋەر يۇقىرى
دېگەن سۆز. لېكىن مال باھاسى ئىككى - ئۈچ باراۋەرلا يۇقىرىكەن. مەسىلەن، بىزدە
بىر يۈەنگە ئۈرۈمچىدە تۆت تۇخۇم كېلىدۇ. سىلەردە بىر ماركقا ئىككى تۇخۇم كېلىدى-
كەن. خەلقئارا بازاردا بىر مارك ئىككى يۈەنگە تەڭ.

— بىزدە قەلەم ھەققى بىلەن باي بولماق تەس، — دېدىم گەپ قەلەم ھەققى-
گە يۆتكەلگەندە، — مەسىلەن، سىلەردىكى گونتاگىراستەك ① باي يازغۇچىلار بىزدە
ناھايىتى ئاز ياكى يوق.

— لېكىن گېرمانىيەدە كىچىك يازغۇچىلارغا قەلەم ھەققى بېرىلمەيدۇ. نۇرغۇن ئىل-
مىي ماقالە، كىتابلارنىڭ ئاپتورلىرى پۇل تۆلەپ كىتابلىرىنى باستۇرىدۇ. داڭلىق ياز-
غۇچىلارغا يۇقىرى قەلەم ھەققى بېرىلىدۇ. گونتاگىراس سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيە-

① گونتاگىراس — ھازىرقى زامان گېرمانىيە يازغۇچىسى. ئۇ بەكمۇ باي.

سىنىڭ ئەزاسى، ئۇ دېموكراتىك ئىسلاھات تەرەپدارى. ئۇ سابىق زۆگلى بىرلىيارتىنىڭ دوستى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ گېرمانىيىدە ئورنى يوق. مەرھۇم ھېنرىخ بولمۇ يۇقىرى قەلەم ھەققى ئالىدىغان يازغۇچى ئىدى. لېكىن بۇ داڭلىق يازغۇچىلارمۇ ياش مەزگىللىرىدە قەلەم ھەققى ئالالمىغان. ئىشتىن سىرت يېزىپ، پۇل تۆلەپ ئەسەرلىرىنى باستۇرۇپ يۈرۈپ كېيىن داڭ چىقارغان. يازغۇچىلار پۇل تېپىشنى ئۆزىگە مەقسەت قىلمىسا كېرەك دەپ ئويلايمەن. سىلەردە قانداق؟

— يازغۇچىنىڭ مەقسىتى پۇل تېپىش ئەمەس، بىزدە مۇتلەق كۆپچىلىك يازغۇچىلار پۇل - مەنپەئەت سۈرۈشتۈرمەيدۇ.

— نېمىشقا «مۇتلەق كۆپچىلىك» دەيسىز؟ — ئەلىننىڭ دوستى سوردى.

— دېمەك، پۇل تېپىشنى مەقسەت قىلىدىغانلارمۇ بار دېگەن سۆزدە بۇ، شۇنداقمۇ ؟ — ئەلىن سوردى.

— شۇنداق، ناھايىتى ئاز ساندا ئىقتىسادىي مەنپەئەت ئۈچۈن ئەسەر يازىدىغان ئادەملەرمۇ بار.

— قەلەم ھەققىنى ئويلىماي، قىيىن شارائىتتا ئەسەر يېزىپ، دۇنياغا داڭلىق يازغۇچى بولغانلار بىزدىمۇ بولغان، — دېدى ئەلىن مەن بىلەن بەسلەشكەندەك ئۆز خەلقىنى ماختاپ، — مەسىلەن، فونتانا① 1870 - يىلىغىچە مۇخبىرلىق قىلغان. كافكا ستراخۇۋالنىيە شىركىتىنىڭ ئاددىي خادىمى ئىدى. ھولدەرلىن تېخى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. ئۇلار ئىشى ئالدىراش بولسىمۇ كېچىلىرى ئەسەر يازغان، لېكىن قەلەم ھەققى ئالغان ئەمەس. ئۇلار نامرات ئۆتكەن، لېكىن ھازىر دۇنياغا داڭلىق يازغۇچىلار ھېسابلىنىدۇ. مۇزات گېرمانىيىنىڭ پەخرى، ئۇلۇغ مۇزىكانتى. ئۇنىڭ ھاياتى توغرىسىدا يېزىلغان كىنونى كۆردىڭىزمۇ؟ ئۇ ئايالى بىلەن يالغۇز ئوغلىنىمۇ باقالمىغان، لېكىن تولا ئىشلەپ چارچاپ ئۆلگەن. بۇلارنى نېمە دېيىش مۇمكىن؟ ئىجتىمائىي بۇرچ كۆز قارىشى دېسە توغرا بولامدۇ ياكى قالىغاچىنىڭ ئۇۋا ياسىغىنىغا ئوخشاش ستېخىيىلىك ھەرىكەت دېسە بولامدۇ؟

ھەممىنى بىلىشكە قىزىقىدىغان مىللىي غۇرۇرى كۈچلۈك گېرمانىيە ئاياللىرىغا نېمە دېگۈلۈك؟ ئۇلار بىلەن مۇنازىرىلىشىش كۆڭۈللۈك، لېكىن ئاقىلانە ئەمەس.

— ئۆز ئىشىغا مۇھەببەت باغلاش، ئۆز - ئۆزىنى سۆيۈش، — دېدىم يازغۇچى بولغانلىقىم بىلەن پەخىرلىنىپ، — بارلىق ئىلىم ئىگىلىرىگە خاس پەزىلەت. قەدىمىي ھېندىيانلارنىڭ «ئۆزۈڭگە ئالدى بىلەن ئۆزۈڭ ئاشىق بول، ئاندىن باشقىلار ساڭا ئاشىق بولىدۇ» دېگەن بىر داڭلىق سۆزى بار ئىكەن، مۇتلەق كۆپچىلىك يازغۇچىلار بۇ سۆزگە ئەمەل قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار خەلق قەلبىدىن ئورۇن ئالالايدۇ.

— يەنە مۇتلەق كۆپچىلىك! — دېدى ئەلىننىڭ دوستى كۈلۈپ. ئۇلار قاقاقلىشىپ كۈلۈشتى.

پۇلدىن ئىشنى، ئادەمنى ئۈستۈن بىلىدىغان ئادەملەر ھەممىلا يەردە بار. لېكىن

① فونتانا 1819 - يىلى تۇغۇلۇپ، 1898 - يىلى ۋاپات بولغان.

پۇل بىلەن ھېسابلاشمايدىغان ئادەم يوقنىڭ ئورنىدا. غەربىي گېرمانىيە پۇقرالىرى ـ
نىڭ شەرقتىكى كىچىك، كەمبەغەل مىللەتلەرنى ھۆرمەتلىشى، ئۇلارغا قىزىقىشى، ھەتتا
ئالىي مەكتەپ ياكى پەنلەر ئاكادېمىيىلىرىدە بۇ مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى تۇرمۇشىنى
تەتقىق قىلىشقا نۇرغۇن كۈچ سەرپ قىلىشتا بىرەر سىياسىي ياكى ئىقتىسادىي مەنپە ـ
ئەتىنى چىقىش نۇقتا قىلمىغان بولۇشى ناھايىتى ئېنىق. لېكىن ئۇلار مەقسەتسىز ئىش
قىلمىسا كېرەك. ئۇلارنىڭ مەقسىتى: ھازىر ئۆزلىرى دۇچ كېلىۋاتقان يۇقىرى دەرىجىلىك
ئىقتىسات، ئىلىم ـ پەن تەرەققىياتى جەريانىدا پەيدا بولغان بەزى رېئال مەسىلىلەر ـ
نى ھەل قىلىش ئۈچۈن بولسا كېرەك. مەسىلەن، گېرمانىيە جەمئىيىتىدە ھەر خىل
ئاپتوماشىنىلارنىڭ ھەددىدىن زىيادە كۆپ بولۇشى (ھەتتا بالا باقىدىغان ئۆيي خىز ـ
مەتچىلىرىدىنىڭمۇ مەخسۇس كىچىك ماشىنىسى بار ئىكەن)، يېمەكلىكلەرنىڭ تەبىئىي بول ـ
ماسلىقى (توخۇلار، ئۇخۇملار زادى كۈن نۇرى كۆرمەيدىكەن)، سۇ ۋە ھاۋانىڭ بۇل ـ
غىنىشى بىلەن بەزى قەدىمىي دەرەخلەرنىڭ قۇرۇپ كېتىشى (مەسىلەن، 1987 ـ يىلى
قارىياغاچلار ئومۇمىيۈزلۈك قۇرىغان) قاتارلىق ئىشلار نۇرغۇن ئادەملەرنى ئويلاندۇر ـ
غان. ئۇلارنىڭ خىيال ۋە ئارزۇلىرى توغرىسىدا «لۆبەك گېزىتى» مۇخبىرى — قىزىل
ساقاللىق يىگىت مەن بىلەن سۆھبەتلەشكەندە شۇنداق دېدى:

— سىزگە بىزنىڭ ئېلېكتىرلەشكەن، ماشىنىلاشقان، ياشىماق ئاسانلاشقان جەمئى ـ
يىتىمىز قىزىق تۇيۇلۇپتۇ. لېكىن بىز نۇرغۇن ئىشلاردىن نارازى. مەسىلەن، بىزدە ھەر
يىلى 20 — 30 مىڭ ئادەم قاتناش ھادىسىسىگە ئۇچرايدۇ. غەربىي گېرمانىيىنىڭ
كىچىككىنە زېمىنىدىكى يۇقىرى سۈرئەتلىك ئاسفالىت يوللاردا ھەر كۈنى 7 ـ 8 مىليون
چوڭ ـ كىچىك ماشىنا چېپىپ يۈرىدۇ. ئۇلار نېمىلەرنى تارقىتىدۇ بىلەمسىز؟

— چاقىدىن كادىمىي، ئارقىسىدىن چىققان ئىس بىلەن قوغۇشۇن ماددىلىرىنى
تارقىتىدۇ.

— دۇرۇس، شۇنداق. بۇ زەھەرلىك ئېلېمېنتلار ھاۋا تەركىبىدە مىلياردتىن،
تىرىللىياردتىن بىر ئۈلۈش بولۇشىمۇ مۇمكىن. لېكىن 50 ياكى 100 يىلدىن كېيىنچۇ؟
بىزدە تېخى بۇ ۋەھىمىدىن مۇداپىئەلەنگۈدەك ئىشەنچلىك ئامال يوق.

گېرمانىيە جەمئىيىتى توغرىسىدىكى سۆھبەت، مۇلاھىزىلىرىم ھەممىلا جايدا ئېلىپ
بېرىلدى. بۇ مۇلاھىزىلەر بىرەر تېمىغا يىغىنچاقلانغان ئەمەس. ئۇ خۇددى «تاڭ
ئېقىمى» ئۇسلۇبىدا يېزىلغان ئەسەردەك بىر باغدىن، بىر تاغدىن ئېلىنغان مىساللار
بىلەن تولغان. لېكىن بۇ پاكىت ۋە مۇلاھىزىلەر مېنىڭ بۇ يوچۇن جەمئىيەتنى
كۆزەتكەنلىكىمنىڭ مەھسۇلى. مەن سائىتىگە 120 — 160 كىلومېتىر تېزلىك بىلەن
ماڭىدىغان كىچىك ماشىنىدا كېتىپ بارغىنىمدا ئۆز يۇرتۇم توغرىسىدا ئويلايمەن.
مېنىڭ كۆز ئالدىمغا قولتۇقىغا بىر توخۇ ياكى مانتا كاۋىنى قىسىپ، توت بالىسىنى
ئەگەشتۈرۈپ يېزا بازىرىغا كېتىپ بارغان يالىڭاياق، ئۇستىبېشى چاڭ دېھقان كېلىدۇ.
ئۇ دېھقاننىڭ پۈتۈن ئۈمىدى شۇ توخۇ ياكى كاۋىدا. بىزدە بۇنداق دېھقانلار تېخى

خېلى بار. مۇشۇنداق چاغلاردا خىيالىم غەربىي گېرمانىيىلىك دېھقان ئېرىكنىڭ ئۆيىگە يۆتكىلىدۇ.

ئېرىك 38 ياشلىق، ئېگىز، ساقاللىق يىگىت. ئالدىنقى كۈنى ئاخشىمى ئۇ بىزنى ئۆيىگە «كۆزلۈك ھوسۇلدىن كېيىن خۇداغا رەھمەت ئېيتىش چېيى»غا چاقىرغان ئىدى. مەن ئۇنى ئۆز ئۆيىنىڭ دالىنىدا مېھمانلار ئۈچۈن تاتلىق ھاراق قايىنىتىۋاتقان يېرىدە كۆرگەن. ئۇنىڭ شېرىكى 45 ياشلىق چىرايلىق قىز ئۇنىڭغا ياردەم قىلىۋاتقان ئىكەن. ئۇلار مەن بىلەن تولىمۇ قىزغىن كۆرۈشتى. شۇ ئىككى قەۋەتلىك، يېنىدىلا مال بوقايدىغان ئېغىللىرى، يەم-خەشەك ئىسكىلاتى، ئاشلىق قاچىلايدىغان (ھەر بىرىگە 30 نەچچە توننا ئاشلىق سىغىدىغان) پولات ئامبارلار ئورنىتىلغان ئاشلىق ئىسكىلاتلىرى بار كاتتا ئۆيدە ئېرىك ئاشۇ قىز بىلەن يالغۇزلا تۇرىدىكەن. ئۇلار نىكاھلانمىغان قىز-يىگىتلەر ئىكەن، لېكىن بىر ئۆيدە تۇرۇۋېرىدىكەن. ئۇلار ئىككىسى 25 گېكتار يەرنى بىللە كۆكلىتىپ، چوشقا، كالا بورداپ تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. ئېرىك بۇ قېرى قىزغا ھەر ئايدا 2000 ماركتەك ھەق تۆلەيدىكەن. بىز زىياپەت تەييارلانغان جاي — ئۈستى چېدىرچىلاپ يېپىلغان ئات-كالا بوردايدىغان ئېغىلغا كىردۇق. پەنلەردىن ئۈستەل، پىرىسلانغان پاخاللاردىن ئورۇندۇق ھازىرلىنىپتۇ. مېھمانلار ئورۇن تۇتۇپ ئولتۇرۇشى بىلەن ئۇلارغا ئىسسىق ھاراق بىلەن چوشقا گۆشى كاۋىپى تارتىلىدىكەن. سۆھبەت، مۇزىكا، تانسا بولۇپ تۇرىدىكەن. باللار پانۇسلىرىنى كۆتۈرۈپ سىرتتىن تىزىلىپ «بىز ئاي، بىز كۈن، بىز يۇلتۇز» دېگەن باللار ناخشىسىنى ئېيتىپ زالغا كىرگەندە، زالدا چىراغلار ئۆچۈرۈلدى، چاۋاكلار چېلىندى. كېيىن چوڭلار باللار بىلەن قول تۇتۇشۇپ تانسا ئويناشتى. بۇ يەردە باللار تولىمۇ ئەتىۋارلىق ئۇلار قانچىلىك بەگباشلىق قىلىشسىمۇ ئۇلارغا يول قويۇلىدىكەن.

مەن بۇ دېھقان بىلەن پاراڭلاشتىم. ئۇ ماڭا بوردىلىۋاتقان ماللىرى، پولات ئامبارلاردا ساقلىنىۋاتقان يۈز نەچچە توننا ئاشلىقى (بۇغداي، ئارپا، قىچا)، ھەر خىل ئىشلارغا سېلىنىدىغان 18 خىل ماشىنىسىنى كۆرسەتتى. بۇ ماشىنىلارنىڭ ئەڭ قىممىتى 55 مىڭ مارك، ئەڭ ئەرزىنى 1800 مارك ئىكەن. يەر تېرىش، يىغىش، سۇغىرىش، دالغا يەم بېرىش، مال ئايىغىنى تازىلاش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى ماشىنا بىلەن بولىدىكەن. پۈتۈن ماشىنىلارنى ئېرىك ئۆزى ئاشۇ قىز بىلەن ئىشلىتىدىكەن.

مەن ئۇنىڭ يىللىق كىرىمىنى سورىدىم.

— نەچچە يۈز مىڭ مارك پۇل خەجلەپ دېھقانچىلىق قىلىمەن، — دېدى ئۇ كۈلۈپ قويۇپ، — لېكىن كىرىم ئاز. گېرمانىيىدە دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى بەك ئەرزان، ھەرقانداق ئاشلىقنىڭ بىر كىلوسى بىر ماركقا يەتمەيدۇ. مەسىلەن، بۇغداينىڭ بىر كىلوسى 0.41 مارك، ئارپا 0.8، قىچا 0.35 مارك. چوشقىلارنى دەمسىز؟ بىر چوشقا كۈنىگە بىر مارك ئۆسىدۇ. 100 كىلوگرام كېلىدىغان چوشقا ئاران 220 مارك پايدا بېرىدۇ. لېكىن ئىش قاتتىق چاغلاردا ئەمگەك كۈچى ياللايمەن. ياللانما ئەمگەكچىنىڭ بىر سائەتتى 20 مارك. ھۆكۈمەت بىزگە ياردەم قىلمايدۇ. گېرمانىيىدە ھەر

يىلى ئاشلىق، گۆش، سېرىق ياغ تاغلىرى پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. ھۆكۈمەت بۇ تاغلار-نى ھەل قىلىش ئۈچۈن زىيىنىغا چەت ئەللەرگە ساتىدۇ. دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى ئەرزان بولغاچقا دېھقانلار يەرلىرىنى سېتىپ باشقا ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. گېرمانىيە-نىڭ يەر مەيدانى 248 مىڭ كۋادرات كىلومېتر، تېرىلغۇ مەيدانى 120 مىڭ كۋادرات كىلومېتر. 60 مىليون ئادىمى بار. ھەر بىر جانغا 2 مودىن يەر توغرا كېلىدۇ. لېكىن گېرمانىيە دېھقانلارنى قەدىرلىمەيدۇ. بىر كىلو چوشقا گۆشى 14.5 مارك، بىر كىلو ئۇن 0.6 مارك. دۆلەت ئالسا 0.3 — 0.4 ماركقا بېرىدۇ. نېمىشقا ئۇنداق؟ سەۋەبى گېرمانىيە نېفىت، مال بوغۇزى، گۆش قاتارلىق خام ئەشيالارنى ئەرەبىستان، برازىلىيە، يېڭى زېلاندىيىدىن ئەرزان باھادا سېتىۋالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە گېرمانىيە ھەر يىلى چەت ئەللەرگە نۇرغۇن مىقداردا پۇل قەرز بېرىدۇ. بۇ پۇلنىڭ ئۆسۈمى بىلەن برازىلىيىنىڭ ئەرزان يەم-خەشىكى، يېڭى زېلاندىيىنىڭ يېڭى سويۇلغان، ئەرزان پاقلان گۆشى (2 - 3 كۈنلۈك يېڭى گۆش)، ئەرەبىستان نېفىتىنى سېتىۋالىدۇ. بۇنداق بولغاندىكىن بىزدەك 20 — 30 گېكتار يېرى بار ئۇششاق دېھقانلارنىڭ ئىگىلىكى نېمە بولماقچىدى؟

— سىلەر قانداق يوللار بىلەن پۇل تاپىسىلەر ئەمىسە؟

— چارۋىچىلىقنى بىللە ئېلىپ بارىمىز.

— دېھقانلارنىڭ پېنسىيە، ئىشسىزلىق مائاشى بارمۇ؟

— يوق. ئورمان بىنا قىلساق، ياكى يېرىمىزنى تېرىماستىن ئاق قالدۇرساق بىر گېكتار يەرگە 1200 ماركتىن پۇل بېرىدۇ.

مەن بۇ بىر جۈپ دېھقاننىڭ شۇنچە جىق نەرسىلەرنى بىلگىنىگە ھەيران بولدۇم. مەن ئۇلارنىڭ مەلۇماتىنى سورىۋىدىم، ئېرىك سۆزلەپ بەردى:

مەن 9 - سىنىپنى تۈگىتىپلا دادامدىن قالغان بۇ دېھقانچىلىق مەيدانىغا خوجا-يىن بولدۇم. ئىككى يىل ئىشتىن سىرتقى تېخنىكومدا، بىر يىل دېھقانچىلىق كۇرسى-دا ئوقۇدۇم. ھەممە ماشىنىلارنىڭ تىلىنى بىلىمەن، ئۆزۈم ئىشلىتىمەن، ئۆزۈم رېمونت قىلىمەن. بۇ قىز ھەمراھىمنى دەمسىز؟ ئۇ ئالىي مەكتەپتە تىل فاكۇلتېتىنى تۈگى-تىپ ئوقۇتقۇچى بولغان. ئوقۇتقۇچىلىقنى تاشلاپ ماڭا ياردەمچى بولدى. پۇل ئۈچۈنمۇ دەمسىز؟ ياق، ئۇنداق بولمىسا كېرەك. قېنى، بېغىكىتتە ئۆزى سۆزلەپ باقسۇن.

— ياق، بۇ يەردە مەكتەپتىكىدىن جىق پۇل تاپالمايمەن. مەن ھەۋەس ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلدىم. مەن مۇسابىقە ماشىنىسى، موتوتسىكلىت ھەيدەيدىغان تەنتەربىيىچى. ئوقۇتقۇچىلىق ماڭا يارىمىدى. ھازىر بىزنىڭ دۆلىتىمىزدە پېداگوگىكا ئىلمى بويىچە بالا ئوقۇتمايدۇ. ئەقلىي تەربىيىنىلا كۆچەيتىدۇ، ئەخلاقىي تەربىيە، گېگىنا بىلىملىرىگە ئېتىبار بەرمەيدۇ.

— يېقىندا ھامبورگ قىرائەتخانىسىدا بىر دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ خوجايىنى رومان ئوقۇدى. دېمەك، سىلەر گېرمانىيە دېھقانلىرى تەتقىقات، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنالايدىكەنسىلەر، سىلەردىمۇ سىناق قىلىنىۋاتقان ئىلمىي ئىشلار يوق ئەمەستۇ - ھە!

ئېرىك مېنىڭ سوئالىمغا كۈلۈپ جاۋاب بەردى:

— مەن بېسىلىپ ياتقان ئاشلىقىمنى پۇل قىلىۋېلىشنىلا ئويلايمەن. خۇدادىن ئاشلىق باھاسىنىڭ ئېشىشىنى تىلەيمەن. لېكىن دېھىنىڭ پۈتۈن ھەۋىسىم ماشىنىلاردا. ماشىنىلارنى بىر - بىرىگە باغلاشتۇرۇپ، بەزىدە قوشۇپ يىغىۋېلىپ باقىمەن. راستىنى ئېيتسام، ئىشلىنىشى ئاددىي، كۆپ خىل ئىشقا يارايدىغان ماشىنا لايىھەسى ئۈستىدە تولا باش قاتۇرىمەن.

ماشىنا كېتىپ باردۇ، بىز بالىتىق دېڭىزى بويىغا يېتىپ كەلدۇق. مەن ئېرىك توغرىسىدىكى خىياللىرىمنى ئاخىرلاشتۇردۇم.

بالتىق تىنچ، كۆپكۆك. چايكىلار ئادەمنىڭ بېشىغا قونىدۇ. ساياھەت پاراخوتلىرى، قەدىمكى يەلكەنلىك كېمىلەر ئۈزۈپ يۈرىدۇ. دېڭىز قىرغىقى بوك ئورمان، بىرلىرى ئېگىز، بىرلىرى يېپىلاڭغۇ خوتىللار (سارايلار) كۆل نۇرىدا پارقىراپ تۇرىدۇ. ئۇپۇقنىڭ نېرىسىدا باشقا دۆلەت — دانىيە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

— سىلەردە قوشنا ئەللەرگە بېرىش قىيىن بولمىسا كېرەك؟

ئىختىيار، — دېدى توماس مېنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىمنى چۈشىنىپ، — پاراخوت، ماشىنا، ۋېلىسىپىت بىلەن خالىغان ۋاقىتتا، ئەتراپىمىزدىكى خالىغان دۆلەتكە توسالغۇسىز چىقىپ كىرەلەيمىز. پاسپورتقا قاراپلا قويىدۇ، خالاس. جۇڭگودىن پىيىز بىلەن يولغا چىققانلارغا تولىمۇ تەسكەن، نەچچە دۆلەتكە ئىمزا قويدۇرۇدىكەن، رەسىم تاپشۇرۇدىكەن. ئۇلارنى يوللاردا تولىمۇ قاتتىق تەكشۈرەيدىكەن. ئاڭلىسام، شىنجاڭلىق دېھقانلار قوشنا دۆلەتلەردىكى تۇغقانلىرىنى يوقلاش ئۈچۈن ئىككى قېتىم بېيجىڭغا كېلىدىكەن، بىر قېتىمدا ئانكېت تولدۇرۇدىكەن، بىر قېتىمدا چىقىشقا تەستىقلىگەن رۇخسەت قەغىزىنى ئالىدىكەن، راست شۇنداقمۇ؟

— تازا ئۇقمايدىكەنمەن، — مەن تىنچ، چەكسىز دېڭىزغا قاراپ تۇرۇپ خۇشياقماي جاۋاب بەردىم.

— ھېچ بولمىسا رۇخسەت قەغىزىنى پوچتا ياكى تېلېفون ئارقىلىق ئالالىسا، ئازراق چىقىم تارتماسمىدى، بىچارە دېھقانلار؟

— بىزدە تېلېفون ئىشلىرى سىلەردىكىدەك تەرەققىي قىلمىغان. سىلەردە ئۆيلا بولىدىكەن ئۇنىڭ تېلېفونى، ئىسسىق سۇلۇق مونچىسى بولىدىكەن. بىزدە رەھبەرلەرنىڭ ئۆيلىرىدىلا تېلېفون بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىلەرنىڭكىدەك ئاپتوماتلاشقان ئەمەس. سىلەر ئۆيدە تۇرۇپ باش ئاپپاراتنىڭ ياردىمىسىزلا خالىغان شەھەر، خالىغان مەملىكەتتىكى ئادەملەر بىلەن راۋان سۆزلىشەلەيدىكەنسىلەر.

— خالىسىڭىز مەن سىزنى يەلكەنلىك كېمە بىلەن دانىيە ياكى فىنلاندىيىگە ئاپىرىپ كېلەلەيمەن. ئازراق رەسمىيەت ئۆتىسەكلا بولىدى. بىزدە بۇ ئىش ئۈچۈن بەش - ئالتە مىنۇتلا ۋاقىت كېتىدۇ.

مەن ئۇنىڭ «بەش - ئالتە» مىنۇتنى تەكىتلىشىدىن بىر ئاچچىق تەنىنى چۈشەندىم. مەن بۇ يەرگە كېلىش رەسمىيەتلىرى ئۈچۈن 3 - 4 ئاي يول ماڭغىنىمنى، ھۆكۈمەت رەئىسلىرىگە قول قويغۇزغاندىن كېيىنمۇ يەنە نۇرغۇن ئىشىكلەرگە كىرگەن-

لىكىمنى ئەسلىدىم.

بىزنىڭ مەملىكىتىمىز راستىنلا ئارقىدا، خەلقىمىز كەمبەغەل. مەن دۆلىتىمىزنى بۇ سانائەت دۆلىتىگە سېلىشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئەيىبلىرىنى تېپىپ خۇشال بولماقچى ئەمەسمەن. بۇنداق قىلىش ۋەتەن ئوغلىنىڭ ئىشى ئەمەس. چۈنكى بىزنىڭ سانائەت، ئىقتىسادتا ياۋروپادىن ئارقىدا ئىكەنلىكىمىز دۇنياغا ئايان بىر پاكىت. لېكىن بىز خەلققە ئۇقايلىق يارىتىشتا بۇگۈن قىلالايدىغان ئىشنىمۇ ئەتىگە، ئۆگۈنلۈككە ھەتتا كەلگۈسىگە ئىتتىرىشكە ئادەتلىنىپ قاپتىمىز. ئۆز ئۈستىمىزگە چۈشكەن ۋەزىپىنى ئەۋلادلارغا ئىتتىرىشكە ئادەتلەنگەنلىكىمىز ئۈچۈن، مەن نەق مۇشۇ ئادەت بىلەن ياشاۋاتقانلارنىڭ بىرسى بولۇپ قالغانلىقىم ئۈچۈن، شۇ تاپتا بالىتىق قىرغىقىدا چەت ئەللىكلەر ئالدىدا خىجىل بولماقتىمەن.

دېڭىز ياقىسىدىكى ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىلا «خوتېل» ئىكەن. پىۋا - قەھۋەخانىلارمۇ تولىكەن. ساياھەتچىلەرنىڭ تولىسى بوۋاي - مومايلار. ئۇلار دېڭىزنىڭ خېلى ئىچكىرىسىگە ياسالغان ساياھەت سۇپىلىرىدا رىشاتكىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ ھەمراھى بىلەن مۇڭداشقاچ چايكىلارغا بولكا، مېۋە چېچىپ، چايكىلارنىڭ ئوزۇق ئۈچۈن قىلغان «كۆرەش» لىرىنى تاماشا قىلىشىدىكەن.

— بۇلارنىڭ ھەممىسىلا گېرمانىيىلىك ئەمەس، — دېدى توماس ئۇلارنى ماڭا تونۇشتۇرۇپ، — بىزنىڭ مەملىكىتىمىزگە دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدىن ئوقەتچىلەر، ساياھەتچىلەر كېلەلەيدۇ. ئەرەب سودىگەرلىرى، تۈرك ئىشچىلىرى، ھەتتا تايلاند يېزىلىرىدىن كەلگەن پاھىشە ئاياللار بۇ يەرگە كېلىپ باي بولۇپ كېتىدۇ. بىزنىڭ دۆلىتىمىز پاناھسىز ياشلارغا، ئۇ قايسى دۆلەتنىڭ ئادىمى بولۇشىنى سۈرۈشتۈرمەيلا، ئوقۇش پۇرسىتى: تاماق پۇلى، ياتاق پۇلى ۋە قوشۇمچە ئەمگەك قىلىپ (ئاشخانا، مېھمانخانىلاردا) پۇل تېپىش ئىمكانىيىتى بېرىدۇ.

مېنىڭ ھەمراھلىرىم پىۋا ئىچىپ ئولتۇرۇپ ماختانغىلى تۇردى. مەن چىدىمىدىم.

— ھەر كۈنى گېزىتتە نەچچە يۈز ھۆرەئى (پاھىشە ئاياللىرى) ئېلان چىقىرىدىكەن. بۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى چەت ئەللىكلەر ئىكەن. بۇمۇ چەت ئەللىك مۇساپىرلارغا قىلىنغان غەمخورلۇقمۇ؟ — دېدىم ئاخىرى.

— شۇنداق. ئۇلارمۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇلارنىڭ كەسىپى كېنىشكىلىرى، كوچا - رايونلىرى بار. قانۇن ئۇلارنىمۇ قوغدايدۇ. بىز بۇ خىل «كەسىپ» نى نومۇسلۇق دەپ بىلىشكە ئادەتلەنگەن.

مەن دوستۇمنىڭ چىرايىنى ئۆزگەرتمەستىن بۇ گەپنى قىلغىنىدىن ئوڭايسىزلاندىم.

— غىپپا پاك كوچىلىرى ئۇلارغا تېگىل. ئۇ يەر ھامبورگنىڭ بىر ئاۋات جايى.

بۇ نەچچە يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە كەسىپنى ئېتىراپ قىلماي نېمە ئامال؟

ئۇ مېنىڭ ئوڭايسىزلانغىنىمنى سېزىپ قوشۇمچە قىلدى. مەن ئەتراپىمغا قارىدىم، مۇڭدىشىۋاتقان بوۋاي - مومايلار، قۇچىقىدىكى يۇڭلۇق ئىتلىرىنى ئوينىتىپ ئولتۇرغان ئاياللار، بىلىيارت بەزەكلىك ئاياللار، سۆيۈشۈۋاتقان يىگىت - قىزلار...

ماڭا يوچۇن، چۈشىنىكسىز بىلىنىشكە باشلىدى. مەن لىكىر ئايال بىلەن بېشىنى بىر-
بىرىگە يېقىن قىلىپ ئولتۇرۇپ مۆگدىشىۋاتقان سېمىز گېرمانىيىلىكنى شەرەت قىلدىم:

— ئاۋۇ نېگىر ئايالمۇ ھۆرەئى بولسا كېرەك؟

— ياق، ئۇنداقلار چەكلەنگەن كوچىلاردىن چىقمايدۇ. ئۇ يەردىن چىقسا، ساقچى-
لار ئۇلارنى قامايدۇ. مۇنۇلار ئەر-خوتۇن. بىز گېرمانىيىلىك ئەرلەر ئاسىيالىقلاردىن
ئۆيلىنىشنى ياخشى كۆرىمىز. ھەبەشلەر، ئاۋغانلار، خەنزۇلار، ۋېيتناملىقلار، ياپونلار،
ئەرەب، تۈركلەردىن ئۆيلەنگەنلەر نۇرغۇن. ھېلىقى گىتلېر ئەتىۋارلايدىغان «ساپ
ئارىيان» ئىرقى قالمىدى ياكى ناھايىتى ئاز. ئارىيانلار فرانسۇزلار، سلاۋيانلار،
يەھۇدىلەر، گوللاندىيىلىكلەر، ئىسكاندىناۋىيىلىكلەر، ئىتالىيانلار، ئاۋستىرىيىلىكلەر،
شۋېتسارىيىلىكلەر، ۋە باشقىلار بىلەن ئارىلىشىپ ھازىرقى گېرمانىيىلىكلەرنى پەيدا
قىلغان. سىز بىلىدىغان تۈركولوگ ئالىم گاباتىنمۇ تېگى فرانسۇز، ھازىر گېرمانى-
يىلىك. مېنىڭمۇ تېگىم يەھۇدى.

مەن كەچقۇرۇن بىر ساغلام گېرمانىيىلىكنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولدۇم. ئۇ توماس-
نىڭ قوشنىسى (ئۆي خوجايىنى) بەرگولت. بەرگولت پاكىزە، يۈزىنىڭ ئېقى ئاق،
قىزىلى قىزىل، ئېگىز، ساغلام ئادەم. ئۇ دائىم قىسقا، قويۇق چاچلىق بېشىنى مەغرۇر-
لۇق بىلەن تىك تۇتۇپ، سوغۇق ئۆكتەبىر كۈنلىرىدە سىرتتا كۆڭلەكچان يۈرەتتى.
مەن ھەر دائىم ئۇنى ئالدىراش ماشىنىغا چىقىۋاتقان ياكى ماشىنىدىن چۈشۈۋاتقان
ھالدا كۆرەتتىم. ئۇ ھەرقانچە ئالدىراش بولسىمۇ، كۈلۈمسىرەپ، بېشىنى سەل
ئېگىپ «گوتىن تاك①» دېيىشنى ئۇنتۇمايتتى.

بۈگۈن ئۇ ئۆيىدە ئايالى ۋە بىردىنبىر ئۈچىنچى ئائىلە ئەزاسى بولغان 16
ياشلىق يۈگلۈق پىستە بىلەن بىزنى تولىمۇ خۇشال ھالدا كۈتۈۋالدى. مەن بۇ گېرمانىيە
سودىگىرىنىڭ ئۆيىدە ئۇنىڭدىن يەككە تىجارەتچىلەر توغرىسىدا بىر ياخشى ماتېرىيالغا
ئىگە بولماقچىمەن. مەن سىنچى كۆزلىرىم بىلەن سودىگەر ئۆيىدىكى خاسلىقنى
ئىزلىدىم. بەرگولت ئالتۇن ئۈزۈك، ئالتۇن سائەت تاقالغان سول قولىنى ئېگىزگە
تىرەك قىلىپ، گۈزەل چىرايىنى تاماشا قىلدۇرماقچى بولغاندەك، كۆل رەڭ مۇۋۇت قاپ-
لىق دىۋاندا كۆك رەڭلىك، تولىمۇ چىرايلىق ئىران گىلىمى ئۈستىدىكى پۇتلىرىنى
رېتىملىك مىدىرلىتىپ ماڭا قاراپ ئولتۇراتتى.

— سىزنىڭ تېلېفونىڭىزمۇ ئالاھىدىكەن، — دېدىم پاپا ئۈچۈن دۇخاۋا تاش،
مامۇقلار بىلەن ماشىنا چاقىدەك قىلىپ ياسالغان «كارىۋات» يېنىدىكى ئالتۇندىن ھەل
بېرىلگەن ئاجايىپ شەكىللىك تېلېفوننى شەرەت قىلىپ، — قىممەتمۇ؟

توماس ماڭا خەنزۇ تىلىدا:

— بىزنىڭ ئادىتىمىزدە نەرسىلەرنىڭ باھاسىنى سوراشنى مەدەنىيەتسىزلىك
ھېسابلايدۇ.

— بۇ تېلېفون مەرمەر، ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن ئىسىل مېتاللاردىن ياسالغان،

① ياخشىمۇسىز؟

باھاسى بىرنەچچە تۈمەن مارك!

مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە سىنچىلاپ سەپسالدىم. بۇ ئۆيمۇ باشقا گېرمانىيىلىكلەرنىڭ ئۆيىدەك رۇسچە «Г» («گ») شەكلىدە ياسالغان. پۈتۈن بىنانىڭ بىرىنچى قەۋىتى بىرلا چوڭ ئۆي. بۇ ئۆيىنىڭ باغقا قارىغان تېمى ئەينەك. يەرگە تاپىنىدىن باشلاپ گۈلسىز يېشىل گىلەم، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ يەر-بۇ يەرگە ئىران، ئەرەب، تونىس، ئىتالىيە، فرانسىيە، گىرىتسىيىنىڭ دۇنياغا داڭلىق ھەرخىل ئېسىل گىلەملىرى سېلىنغان. «Г» نىڭ بۇ بېشىدىكى دۇگىلەك شەكىلدە جايلاشتۇرۇلغان موۋۇت، سۆكنۇ تاشلىق دىۋانلاردا بىز ئولتۇردۇق. «Г» نىڭ يەنە بىر بېشىمۇ، ئوتتۇرىسىمۇ ھەرخىل دىۋانلار، ئاجايىپ نەپىس، ياغاچ ۋە ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن مېتال جاھازلار بىلەن بېزەلگەن. لېكىن بۇ ئۆيدە مەن كۆرگەن گېرمانىيىلىك زىيالىيلارنىڭ ئۆيلىرىدەك پۈتۈن-پۈتۈن تاملارنى ئىگىلىگەن كىتابلار بىلەن تولغان كىتاب جاۋەنلىرى يوق. گۈللەر، نەپىس بۇيۇملار ھەممىلا ئورۇننى ئىگىلىگەن.

— ئۆي قانداقكەن؟ — توماس مەندىن خەنزۇ تىلىدا سورىدى.

— بىز شەرقلىكلەر ئۆيلىرىمىزنى تۆت بۇرجەك ياساشقا ئادەتلەنگەن. لېكىن ئۆيىنى ئالتە بۇرجەك، سەككىز بۇرجەك، ھەتتا توققۇز-ئون بۇرجەك قىلىپ ياسىسىمۇ كۆركەم بولىدىكەن. مەن ئۈچ بۇرجەك، بەش بۇرجەك، يەتتە بۇرجەك ئۆيلەرنىمۇ كۆردۈم، بۇ ئۆيلەرمۇ ئالاھىدە بىلىنىدىكەن.

مەن ئۆزۈمنى ھەشەمەتكە قىزىقماي، غەلىتىلىككە قىزىققان قىلىپ كۆرسەتتىم.

— مەن سىزگە قانداق خىزمەت بىلەن ياردەم بېرەلىشىم مۇمكىن؟ — بەرگولت زەنجىرلىك، ئالاھىدە پۇرۇپكىلىق پىۋا بوتۇلكىسىنى بىر ئاجايىپ ئەسۋاب بىلەن ئېچىۋېتىپ مەندىن سورىدى. ئۇنىڭ پاكار، خوش خۇي ئايالى مېۋە-چېۋە ئېلىپ كەلدى. يەنە بىر پەتنۇستىكى «گوللاندىيە ھارىقى»نى ئاپئاق قىرو قاپلىغانىدى.

— ماڭا گېرمانىيە سودىگەرلىرى بىلەن چوڭ سانائەتچىلىرىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرەلەمسىزكىن؟

— چوڭ سانائەت شىركەتلىرىنىڭ خوجايىنلىرىدىن بىرنەچچە دوستۇم بار. مەن سىزگە تونۇشتۇرۇپ قوياي. ئۇلار بىلەن بىۋاستە سۆزلىشىڭ، بىۋاستە كۆرۈشۈڭ. ئۆز ئەھۋالىم توغرىسىدا مەن سىزگە سۆزلەپ بېرەلەيمەن. مەن ئوتتۇراھال سودىگەر. ئومۇمەن سەرمايەمنى سوراپ قالدىڭىز، بىزدە بۇ خىل سوئاللارغا ئادەتتە جاۋاب بېرىلمەيدۇ. سىز بۇ مىللىي ئادەتنى توغرا چۈشىنەلەيسىز. ئەمدى مېنىڭ تىجارىتىمگە كەلسەك...

ئۇ ماڭا ئۆز ئەھۋالىنى تەپسىلىي تونۇشتۇردى.

بەرگولت لۆبەك شەھىرىدە بەش كىشى ئىشلەيدىغان بىر ماشىنا زاپچاسلىرىنى ھەم توپ، ھەم پارچە ساتىدىغان چوڭ دۇكاننىڭ خوجايىنى ئىكەن. ئۇ چوڭ ماشىنا زاپچاس زاۋۇتلىرىنىڭ خوجايىنلىرى بىلەن توختام ئارقىلىق مال ئالىدىكەن. ئالغان

زاپچاسلىرىنى كىچىك دۇكانلار (بۇ خىل دۇكانلارنىڭ كۆپلىرى ماشىنىلارنى ماي بىلەن تەمىنلەيدىغان پونكىتلارنىڭ يېنىدا بولىدۇ) غا توپ باهادا، شەخسىلەرگە پارچە باهادا ساتىدىكەن. بۇ ئىشتا رىقابەت ناهايىتى كۈچلۈك بولىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئۇچۇر ۋە خەۋەرلىشىشكە تولىمۇ ئەهمىيەت بېرىدىكەن. بازار باهاسى هەر كۈنى ئۆزگىرىپ تۇرۇدىكەن. ئوتتاق بازاردىكى دەرىجىدىن تاشقىرى دۇكانلار خېرىدارلارنى ئۆزىگە تارتىش ئۈچۈن ئالدامچىلىقمۇ قىلىدىكەن. مەسىلەن «پالانى مالنىڭ باهاسى مۇنچە پىرسەنت چۈشتى، چاپسان سېتىۋېلىڭلار» دەپ ئېلان چىقىرىدىكەن. بۇنى ئاڭلاپ خېرىدارلار ئۇلارنىڭ دۇكانلىرىغا ئولىشىدىكەن، شۇ باهانىدە دۇكاندىكى باشقاماللارمۇ سېتىلىدىكەن.

— كۆپ ئوبوروت بولغاندا كۈنىگە قانچىلىك پايدا تاپالايسىز؟

— ئوخشاش ئەمەس، شارائىتقا باغلىق. مەسىلەن، تۇيۇقسىز قار ياغقان بىر كۈنى مەن ماشىنا چاقىغا باغلايدىغان زەنجىردىنلا ئۈچ كۈندە 30 نەچچە مىڭ ماركىلىق ساتتىم.

— سانائەتچىلەر ۋەيران بولسا، هۆكۈمەت ياردەم قىلامدۇ؟

— يۆلەيدۇ. مەسىلەن، قەرز بېرىدۇ، تەتقىقات تېمىلىرى ئۈچۈن دۆلەت پۇل بېرىدۇ. بىر سانائەتچى بىر شەهەردە يېڭى زاۋۇت قۇرماقچى بولسا، شۇ شەهەر ئۇنى ئەرزان يەر، ئەمگەك كۈچى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

— بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟

— سەۋەبى ئىككى. بىرىنچىدىن، ئۇ زاۋۇتلاردىكى ئىشچىلارنى ئىشسىز قويماسلىق. ئىشسىز قالغان ئىشچىلارغا دۆلەت ئىشسىزلىق مۇئاشى بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە زاۋۇتلارغا پۇل ياردەم قىلغان دۆلەت ئۈچۈن پايدىلىق. ئىككىنچىدىن، بۇ سانائەتچىلەر خەلقئارا رىقابەتكە يارايدۇ. بىزنىڭ خەلقئارا بازاردىكى رەقىبىمىز ياپونىيە. گېرمانىيە سانائەتچىلىرى ئىتتىپاقلىشىپ بۇ رەقىبىگە تاقابىل تۇرىدۇ، هۆكۈمەتمۇ سانائەتچىلەرنى قوللايدۇ.

— لېكىن ياپونىيە بوش كەلمەيدۇ. مەسىلەن، ئۇلارنىڭ «فىڭتىيەن» ماشىنا شىركىتىنىڭ ئىسكىلاتى يوقكەن. ماشىنىلار زاۋۇتتىن بىراقلا بازارغا چىقىدىكەن.

— بىزنىڭ «بىنسى»① چۇ؟ ئىككى ئاي بۇرۇن زاكاز قىلىنىدۇ. دېمەك، ياسالماي تۇرۇپ بازارغا چىقىدۇ. «فىڭتىيەن»نىڭ بىردە سېتىلىشى سان چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. لېكىن «بىنسى» نىڭ ياپونىيىدە سېتىلىشى سان چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. چەكلىمىدىن ئېشىپ كەتسە، سېتىشقا رۇخسەت قىلمايدۇ. خەلقئارادا بىزنى تۆتىنچى سانائەت دۆلىتى دەپ ئاتايدۇ. بىز ياۋروپادا بىرىنچى (سوۋېت ئىتتىپاقىدىن باشقا)، ئەمەلىيەتتە غەربىي گېرمانىيە ياپونىيىدىن تۆۋەن ئەمەس.

— ياپونىيە پولات ئىشلەپچىقىرىشتا يۇقىرى، — دېدىم كۈلۈپ قويۇپ، — ئاسىيالىقلارمۇ بوش ئەمەس.

— راست، راست، بۇمۇ بىر ھەقىقەت. لېكىن ئۇ كەلگۈسىگە باغلىق.

---

① «بىنسى» — گېرمانىيىنىڭ داڭلىق كىچىك ماشىنىسى.

— سىز ئەمگەك قىلامسىز ياكى خوجايىنلىق قىلىپلا ئولتۇرامسىز؟

— مەن ئەسلى بىر كىچىك خىزمەتچى ئىدىم. ھازىرمۇ خىزمەتچى. دۇكىنىمدا ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت سەككىزدىن كەچ سائەت 18 گىچە خىزمەتچىلىرىمگە ئوخشاشلا خىزمەت قىلىمەن. چۈشلۈك تاماقنى دۇكاندا يەيمىز. ئائىلەم بىلەن ئەتىگەنلىكى چىقىپ كەتسەك، كەچتە بۇ ئۆيگە ئۇخلاش ئۈچۈنلا كېلىمىز. بىر يىلدا ئارانلا بىر ھەپتە دەم ئالىمەن.

— شۇنچە پۇلدار تۇرۇپ نېمىشقا پۇلنىڭ راھىتىنى كۆرمەيسىلەر؟

بەرگولت مېنىڭ سوئالىمنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— راھەت ئىشتا. مەن پۇل تېپىش ئۈچۈنلا ئەمەس، ئۆز قابىلىيىتىمنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن سودا ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىمەن. مەن تېخى چەت ئەللەرنىڭ داڭلىق سودىگەرلىرى بىلەن بەسلىشىمەن. بىلەمسىز، بىزنىڭ غەربىي گېرمانىيە رىقابەتلەشمىگەن بولسا تەرەققىي قىلالمىغان بولاتتى. ئەنگلىيە، فرانسىيە خەلقئارا رىقابەتتىن بىر مەھەل ئۆزىنى ئازراق تارتىۋىدى، چېكىنىدى، ھازىر بىزدىن نۇرغۇن ئارقىدا، ھالى خېلىلا خاراب.

— سىلەر سودىگەرلەر دۆلەتلەرنىڭ خەلقئارا ئورنىنى ئويلايدىكەنسىلەر ـ دە؟

— دۆلەت، مىللەت ھەممىدىن ئەلا. بىز ھەرقانداق جايدا بۇ ئىككى مۇقەددەس ئاتالمىنى ئۇنتۇپ قالمايمىز.

مەن بۇ تەكەببۇر، ياسانچۇق غەرب سودىگىرىنىڭ ئاغزىدىن بۇ خىل گەپلەرنى چىقىدۇ دەپ ئويلىمىغانىدىم. غەرب سودىگىرىنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى ماڭا بىزدىكى ئايرىم سودىگەرلەرنى ئەسلەتتى، ئۇلارمۇ ئۆزى قىلىۋاتقان سودىنى ۋەتەن، مىللەت مەنپەئىتىدىن ئۈستۈن بىلمەيدۇ. لېكىن ئايرىملىرىمۇ بار، ئۇلار ئۆمرىدە بىر قېتىم يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مۇقەددەس ناملارنى ئويلاپ قويمىغان ھەم ئويلىمايدۇ.

ئالدىراش سودىگەرنىڭ ئۆيىدىن پىۋا بىلەن مېھمان بولۇپ قايتىپ چىقتۇق. بىزدە بۇ خىل مېھماندارچىلىق پۇچەكلىك ھېسابلىنىدۇ. لېكىن رىقابەت، پايدا ـ زىيان، مىنۇت ـ سېكۇنت بىلەن ھېسابلىشىش، پىكىر قىلىش ئادىتىگە ئايلانغان غەربلىكلەر يېرىم كۈنلەپ ياكى نەچچە سائەتلەپ مېھمان قىلىش، مېھمان بولۇشلارنى ئەيىب ھېسابلىسا كېرەك. ئۇلار سىزنى پىۋا ياكى چاي بىلەن مېھمان قىلىپ، تەكەللۇپ بىلەن بولسىمۇ «تاماق يەپ كېتىڭ» دېگەن سۆزنى ئېيتمايدۇ. ئۇلارنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئىقتىسادىي تۇرمۇش شارائىتى شەكىللەندۈرگەن تۇرمۇش ئادەتلىرى شۇنىڭ ئۈچۈن بىزگە يوچۇن ۋە غەلىتە تۇيۇلىدۇ.

مەن ئەتىسى توماس ئەپەندىنىڭ ئائىلىسىدە خىزمەت قىلىدىغان خانىم ھەيدى بىلەن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى توغرىسىدا سۆھبەتلەشتىم. مېنىڭ قارىشىمچە، ھەيدى گېرمانىيە جەمئىيىتىنىڭ تۆۋەن قاتلىمىغا ۋەكىللىك قىلالايدۇ. چۈنكى ئۇ توماسنىڭ ئۆيىدە ئۆي ئىشى قىلىدۇ، سىرتتا ساتىراشچىلىق قىلىدىكەن. لېكىن ئۇنىڭ چىرايلىق كىچىك ماشىنىسى بار. ئۇ 9 ـ سىنىپقىچىلا ئوقۇغانىكەن. ئۇنىڭ ئېرى مانتيور

ئىكەن. ئۇلارنىڭ بالىسى يوق ئىكەن. ھەيدى توماسقا يىغلاپ تۇرۇپ بىر نېمىلەرنى دېدى. توماس ماڭا مۇنداق بىر ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردى: ھەيدىنىڭ ئېرى بىر زاۋۇتقا توختام بىلەن ئىشقا كىرگەنىكەن. توختامغا، قاچانكى بۇ مانتيور ئىشتىن ھەيدىلىدىكەن، زاۋۇت خوجايىنى ئۇنىڭغا بىر تۈمەن مارك تۆلەيدۇ، دەپ يېزىلغانىكەن. ھەيدىنىڭ ئېرى ھاراق ئىچىپ ئىشقا بارغانلىقى ئۈچۈن خوجايىن ئۇنى ئىشتىن ھەيدەپتۇ. مانتيور ھەقلىق ھالدا بىر تۈمەن مارك تەلەپ قىپتۇ. خوجايىن «بىر تۈمەن مارك بېرىمەن، لېكىن ئارخىپىڭغا ‹ھاراقكەش› دېگەن سۆزنى يازىمەن» دەپتۇ. ھەيدى مۇشۇ ئىشقا يىغلىغانىكەن. مەن: «10 مىڭ ماركنى ئالسا بولمىدىمۇ، يازسا يازمامدۇ» دېدىم. توماس قايغۇرۇپ: «ياق، ئۇنداق قىلسا، مانتيورنى ھېچكىم ئىشقا ئالمايدۇ. ئەڭ ياخشىسى، ئازراق پۇل خەجلەپ ئادۇوكات تەكلىپ قىلىش كېرەك» دېدى.

— بۇ ئىش ئۈچۈن ئادۇوكاتقا قانچىلىك پۇل تۆلەشكە توغرا كېلەر؟

— ئەڭ ئاز بولغاندا 300 مارك.

گېرمانىيە جەمئىيىتىدە ئادۇوكاتلار ئەتىۋارلىق ئىكەن. خىلمۇ خىل دەۋالار ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇرىدىكەن. مەن تۇرۇۋاتقان بۇ يېزىدا ئادۇوكاتلار ئارىلاشقان ئىشلاردىن يېقىندىلا بىرسى بوپتۇ. بۇ بىر كىچىككىنە ئىش بولسىمۇ، بۇ ئىش مېنى قىزىقتۇرغانلىقى ئۈچۈن، گېرمانىيە جەمئىيىتى توغرىسىدا يېزىلغان بۇ خاتىرەمدىن ئورۇن ئالالىدى: بىر دېھقان ئۆز يېرىنى بىر كارخانىچىغا ئىختىيارى بىلەن سېتىپتۇ. كارخانىچى بۇ يەرگە زاۋۇت قۇرماقچى بوپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان قولۇم-قوشنىلار زاۋۇت قۇرۇشقا رۇخسەت قىلىش-قىلماسلىق توغرىسىدا مۇزاكىرە قىپتۇ. ئاخىر ئۇلار ئالتە كىشىلىك ھەيئەت قۇرۇپ كارخانىچى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپتۇ.

— ياق، قۇرغۇزمايمىز، — دەپتۇ بىر قىسىملىرى، — زاۋۇت ھاۋانى بۇلغايدۇ، تەبىئەتنى سەتلەشتۈرىدۇ.

بۇلارنىڭ باشلىقى پېنسىيىگە چىققان بىر دورىگەر ئىكەن.

— كىشىلەرنىڭ ئۆز يېرىدىن پايدىلىنىش ھوقۇقى بار، بۇنىڭغا ئارىلىشىش يولسىزلىق، — دەپتۇ يەنە بىر قىسىملار. بۇلارنىڭ باشلىقى بىر ياش باشلانغۇچ مەكتەپ مۇئەللىمەسى ئىكەن.

بىر كۈنى مۇئەللىمە تۇيۇقسىزدىن: «كۆز قارىشىڭنى ئۆزگەرت، بولمىسا ئۆلتۈرۈۋېتىمەن» دېگەن قان بەلگىسى بار خەتنى تاپشۇرۇۋالىدىكەن. مۇئەللىمە بۇ خەتنى خىمىيىلىك ئانالىز قىلىش يولى بىلەن قانۇن ئارقىلىق ھېلىقى دورىگەرنىڭ خېتى دەپ ئىسپاتلايدىكەن. دورىگەرمۇ خۇددى شۇ يول بىلەن بۇ خەت ئۆزىنىڭ ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلايدىكەن. بۇ چىگىش ماجىرا ئۈچۈن ھەر ئىككى تەرەپ ئادۇوكات تەكلىپ قىلىشىدىكەن.

گېرمانىيىلىكلەر تەبىئەت، مۇھىت بۇلغىنىشىغا قارشى دائىم كۆرەش ئېلىپ بارىدىكەن. بۇ كۆرەشلەردىمۇ ئادۇوكاتلارنى ياردەمگە تەكلىپ قىلىدىكەن. بەزىدە ئۇلار دۆلەت ياكى شتات رەھبەرلىرىنى بىۋاستە پوزىتسىيە بىلدۈرۈشكە قىستايدىكەن. مەسىلەن،

قاتناش ئىدارىسى بىر قېتىم يول ئۈستىدىكى بىر تۈپ دوپ دەرىخىنى كەسمەكچى بوپتۇ. مەھەللە ياشلىرى بۇنىڭغا قارشىلىق بىلدۈرۈپ ھەيئەت قۇرۇپتۇ. مەھەللە خەلقى قاچا گۈللىرىنى دېرىزىلەرگە مەلۇم بەلگىلەر بويىچە تىزىپ① ياشلارنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. ياغاچ كەسكىلى كەلگەنلەر خەلقنىڭ قارشىلىقىنى كۆرۈپ، كېسەلمەپتۇ. ئىككى تەرەپ شەھەر باشلىقىغا خەت يېزىپ پوزىتسىيە بىلدۈرۈشنى تەلەپ قىپتۇ. شەھەر باشلىقى كېلىپ دەرەخنى كۆرۈپ:

— ياشلارنىڭ پىكرى ئورۇنلۇق. بۇ 200 نەچچە يىللىق دەرەخ كېسىلسە، ئەتراپ سەتلىشىپ كېتىدۇ. يول بۇ دەرەخنى ئەگىپ ئۆتسە بولىدۇ، — دەپ ئېنىق پوزىتسىيە بىلدۈرۈپتۇ.

ئاتوم، راكېتا قوراللىرى بازىلىرىنى قۇرۇشقا قارشى تۇرۇش كۈرىشىمۇ بەزىدە ئەنە شۇ خىل مەھەللە ئاكتىپلىرىنىڭ ئۆز ئارا ياكى خەلققە يېزىشقان خەتلىرى ئارقىلىق شەكىللىنىدىكەن. مەن غەربىي گېرمانىيەدە زىيارەت قىلىپ يۈرگەن كۈنلەردە غەربىي گېرمانىيە بىرلەشمە جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىر شتاتى② شىلىسۋىك ھولشتاينىڭ زۇڭلىسى بارشەل شىۋېتسارىيىگە دەم ئالغىلى بېرىپ، مېھمانخانا مونچىسىدا ئۆلگەنىدى. بۇ ئۆلۈمنىڭ سەۋەبىنى تەھلىل قىلىش ئىشىغا پۈتۈن مەملىكەتتىكى رادىئو-تېلېۋىزىيە، گېزىتلەردە ھەممە خەلق دېگۈدەك قاتناشتى. زۇڭلى ئۆلۈشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ بىر كاتىپى كېلەر يىلى ئۆتكۈزۈلىدىغان ئومۇمىي سايلام ھارپىسىدا سۆز سۆزلەپ، زۇڭلىنىڭ بەزى ئەيىبلىرىنى پاش قىلغان. زۇڭلى ئۆزىنى ئاقلاپ تېلېۋىزىيە نۇتقى سۆزلىگەن. ئارقىدىنلا ئۇنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى تارقالغان. بۇ توغرىسىدىكى مۇلاھىزە ھەممە ئائىلىلەردە دېگۈدەك بولۇپ تۇردى. بىر ئايغا قالماي خۇلاسە چىقىرىلدى: ئۇ ئەسلى سابىق گېرمانىيە زۇڭلىسى، تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بىسماركنىڭ (1815-يىلى تۇغۇلغان، 1862-يىلى زۇڭلى، تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بولغان، 1890-يىلى تەختتىن چۈشكەن، 1898-يىلى ۋاپات بولغان) نەۋرىسىگە ئۆيلەنگەنىكەن. ئۇ تويى مۇراسىمىدا بىسماركقا سادىق بولۇشقا قەسەمياد قىلغانىكەن. ئۇ گەرچە كاتىپ پاش قىلغان ئەيىبلىرىدىن ئۆزىنى ئاقلاپ سۆزلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەيىبلەر زۇڭلى بارشەلنىڭ بىسمارك شەنىگە داغ چۈشۈرگەنلىكىنى ئاقلىيالماپتۇ. ئۇنى ئايالى ۋە ئايال تەرەپ تۇغقانلىرى ئۆلۈۋېلىشقا مەجبۇرلاپتۇ. دېمەك، زۇڭلى ئۆلۈۋېلىشقا مەجبۇر بوپتۇ. بۇ مەسىلىنى ئائىلە ئاياللىرىنىڭمۇ تەھلىل قىلىپ يۈرگىنىنى ئاڭلىدىم. غەربىي گېرمانىيىلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ مىللىي غۇرۇرىنى ئۈستۈرۈشكە ئالاھىدە دىققەت قىلىدىكەن. قەھرىمانلارنى، ئۆز ۋەتىنىنى، خەلقىنى قوغداش جېڭىدە قۇربان بولغانلارنى دائىم خاتىرىلەيدىكەن. مەن ليونه بورگ شەھىرىدە بۇ مىللىي روھنى ئويغىتىشقا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى كۆپ كۆردۈم. ئۇنىڭ ئىچىدە، ھېنرىخ ھېينى. 1823-يىلى

① جۇ گېرمانىيە ئادىتى.

② جەمئىي 11 شتات بار.

بىر يىل تۇرغان ئۈچ قەۋەتلىك ئۆي (يالغان دېرىزىلىرى بىلەن ئالتە قەۋەت) نىڭ ئۆز پېتى ساقلانغانلىقى، بۇ شەھەرنىڭ (بۇ قەدىمىي تۇز كانى 980 - يىلىدىن باشلاپ شەھەر بولۇپ قۇرۇلغان) تۈرك ئىشچىلىرى ئولتۇرىدىغان تار، ئارقا كوچىلىرىدىكى ئۆيلەرنىڭ تاملىرىغا 1813 - يىلى ناپالېئون ئىستىلاسىغا قارشى جەڭدە قۇربان بولغانلارنىڭ مۇشتۇم سۈرەتلىرى مەرمەر بىلەن ياسالغانلىقى ۋە تېگىگە خاتىرە سۆزى يېزىلغانلىقى ئادەمگە تەسىر قىلىدۇ. ئېلبا دەرياسى بويىدىكى بىسمارك يېزىسىمۇ ئەينەن ساقلانغان. ئۇنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئۇۋۇچىلىق قىلغان ئورمانلىقنى دۆلەت قوغدايدىكەن (ئەينەن ساقلانغان)، ئۇنىڭ مۇزېيى (قەبرىسىمۇ شۇ يەردە) يېنىدىكى ئاشخانىغا بۇغىلارنىڭ مۈڭگۈزلىرى، ئارقار باشلىرى، ئېيىق، كىيىك تېرىلىرى، ئوۋ مىلتىقى، ئوقيالار ئالاھىدە ئورۇنغا ئېسىلغان.

بىر دۆلەت، بىر مىللەت ئۈچۈن مىللىي غۇرۇرىدىن ئۈستۈن نەرسە بولمىسا كېرەك. بىر ئادەمنىڭ قىممىتىمۇ ئۇنىڭ ۋەتەن، خەلقى (مىللىتى) ئۈچۈن ياراتقان تۆھپىسى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. ئادەملەر بۇ تۆھپىسىنى ھەر خىل ئىش، ھەر خىل يوللار بىلەن يارىتىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرلىرى ئۇلۇغ، بىرلىرى ئاددىي بولىدۇ. لېكىن ئۇلار ۋەتەن، خەلقىنىڭ شان - شەرىپى ئۈچۈن ھەسسە قوشالىسىلا قەدىرلىك، خاتىرىلىق - ساتقىنلىق قىلسىلا، قارا يۈز بولۇپ قالىدىكەن. غەربىي گېرمانىيىدە دۇنيانى چاڭگىلىغا ئېلىش ئۈچۈن غالجىرلىق بىلەن ھەرىكەت قىلىپ، گېرمانىيىنىڭ يۈزىنى تۆككەن گىتلېر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ ھېچقانداق يەردە نام - نىشانى قالماستىن، ئۆز ۋاقتىدا مەشھۇر بولمىغان، خارلانغان، ھەتتا ھېچكىم كۆزىگە ئىلمىغان جەڭچىلەرنىڭ نامى بىلەن مۇشتۇمىنىڭ ساقلانغانلىقى، مۇزاتتەك، «يارامسىز ئەر» ناملىق رومانىنىڭ ئاپتورى مۇزىللادەك ئاۋسترىيە سەنئەتكارلىرىنىڭ ھەيكەل مۇزېيلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى بۇنىڭ مىسالى...

مەن «لۆبەك گېزىتى» مۇخبىرى بىلەن گېرمانىيە جەمئىيىتى توغرىسىدا ئۇزاق سۆزلەشتىم. مەن: «گېرمانىيىدە كۆرگەن ۋە ئويلىغانلىرىمنىڭ ھەممىسىلا بىز ئۈچۈن ئۈلگە بولۇۋەرمەيدۇ. مەن تۈزۈمى ئوخشاش بولمىغان ئىككى دۆلەت توغرىسىدا ئەمەس، پىسخىك ئادىتى، تۇرمۇش شارائىتى ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەر، خەلقلەر توغرىسىدا ئۆز خەلقىمگە سۆزلەپ بېرىشنى خالايمەن» دېدىم. ئۇ:

— گېرمانىيىدە سىز قوبۇل قىلالمايدىغان ئىشلار كۆپ. مەسىلەن، گېزىتلىرىمىزدە يالىڭاچ ئادەم رەسىملىرى، پاھىشە ئاياللىرىنىڭ ئېلانلىرى، بىمەنە مۇسابىقىلەردىن: چىراي مۇسابىقىسى، مۇسكۇل كۆكرەك مۇسابىقىسىنىڭ نەتىجىلىرى بېسىلىپ تۇرىدۇ. كۆرۈپ تۇرۇپسىز، بىزدە بۇلاڭچىلىق، قاتىللىق مەۋجۇت. بانكىلارنىڭ ناچار ئەپتى - بەشىرىسى بىلەن يارىماس ئىشلىرى، پاھىشە خانىلار، كوچىلاردا پۇل تىلەپ ئېلان قەغەزلىرىنى تۇتۇپ ئولتۇرغان دىۋانىلاردىن باشقا، يەنە بىزلەرگە يات تۇيۇلىدىغان بىرمۇنچە ئىشلار مەۋجۇت. لېكىن بىزنىڭ خەلقىمىز ياخشى. ئۇلار ئەمگەكنى، مەدەنىيەت، ئىلىم - پەننى، گۈزەل ئەخلاقنى ياخشى كۆرىدۇ. بىز ناچار نەرسىلەرنى تۈگىتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتىمىز.

— سىلەردە ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت تەرەققىي قىلغان، تۇرمۇش زامانىۋىلاشقان. مەسىلەن، ھەممە ئۆيدە دائىم ئىسسىق سۇلۇق مونچا بار ئىكەن، پۈتۈن گېرمانىيە بويىچە ئىس چىقىدىغان يېقىلغۇلار ئىشلىتىلمەيدىكەن، تۇرخۇن - ئىس يوق شەھەرلەرنى مەن مۇشۇ دۆلەتتىلا كۆردۈم. تېلېفون، كىچىك ماشىنا ھەممىلا ئادەمدە بار ئىكەن، قاتناش، پوچتا، بانكا ئىشلىرى يۈرۈشلەشكەن، ئۆچىرەت جىددىيلىكى يوقكەن. ئاپتوبۇس، پويىز، ئاشخانىلاردا بىر - بىرى بىلەن تونۇشمايدىغان ئادەملەر سالاملىشىدىكەن، قېرى - لار بىلەن باللار ھۆرمەتلىنىدىكەن. ئاممىۋى مۇلازىمەت بىزنىڭكىدىن كۆپ ياخشىكەن. ماگىزىن، كىنو - تىياتىرخانا، قىرائەتخانا، كىتابخانا، كۆرگەزمىخانا قاتارلىق ئورۇنلار - نىڭ خادىملىرى خېرىدارلارنى تولىمۇ ياخشى كۈتىدىكەن. ئېلېكترىك مېڭە، ئېلېكترىك ھېسابلاش ماشىنىسىدىن كەڭ پايدىلىنىدىكەنسىلەر. بولۇپمۇ ئالىي مەكتەپ مائارىپى بەك تەرەققىي قىپتۇ. مەسىلەن، فرايبۇرگ شەھىرىنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 100 مىڭ ئەتراپىدا ئىكەن. لېكىن ئۇ يەردە 35 مىڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بار ئىكەن (چەت ئەللىك، باشقا شەھەرلىكلەر كۆپ). ئىشلەپچىقىرىش زامانىۋىلاشقان، تەرەققىي قىلغان، پەن - مائارىپ، مەدەنىيەت گۈللەنگەن، خەلق تۇرمۇشى ياخشىلانغان - ئوڭايلاشقان. مۇشۇنداق بىر دۆلەتتىمۇ كىشىلەر خالىمايدىغان بەزى ناچار نەرسىلەر بولۇپ تۇرىدۇ. ھەرقانداق جەمئىيەت مەكەممەل، توققۇزى تەل بولالمايدۇ. بىزنىڭ سوتسىيالىزمىنىڭ تۆۋەن باسقۇچى بولغان دۆلىتىمىزدىمۇ بىز خالىمايدىغان ئىشلار بار (بەزى ھاللاردا كۆپ). لېكىن بىر جەمئىيەتكە پەقەت نىسپىي باھا بېرىشكىلا بولىدۇ. مەن غەربىي گېرمانىيە جەمئىيىتىنى تېخى تولۇق بىلىپ كېتەلمىدىم. ماڭا بۇ جەمئىيەتنىڭ بەرگەن بىرىنچى تەسىرى بايلىق ۋە پاراۋانلىق!

مېنىڭ سۆزلىرىم گېزىتكە بېسىلدى. توماسنىڭ ئايالى ئۆز ئۆيىدىكى مېھمانىنىڭ سۈرىتى بىلەن سۆزلىرى گېزىتكە بېسىلغانلىقتىن بەك خۇشال بولدى. ئۇ:

— لېكىن، سىز ئۆز دۆلىتىڭىزنىڭ بىزنىڭكىدەك بولۇشىنى ئارزۇ قىلماڭ. بىز بۇ خىل زامانىۋىلىشىشتىن نارازى، — دېدى.

— ئەلۋەتتە، ھەممىنى سىلەرنىڭكىدەك قىلىشنى بىزمۇ خالىمايمىز. بىزنىڭ زامانىۋىلىشىشىمىزنىڭ ئۆز قانۇنىيىتى، ئۆز شەكلى بولىدۇ. لېكىن، نېمىلا بولمىسۇن بىزمۇ ئۆزىمىزنىڭ ھازىرقى ئورنىدىن رازى ئەمەس. بىز تېخى كەمبەغەل، نۇرغۇن جەھەتتە ئارقىدا ئىكەنمىز. بىز ئورنىمىزنى ئۆزگەرتىشنى ئارزۇ قىلىمىز. بىز شۇنىڭ ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىمىز.

### 7. بىزگە قىزىقىدىغان، لېكىن بىزنى بىلمەيدىغان ئىلىم ئەھلى ئارىسىدا

غەربىي گېرمانىيە ئىلىم ئەھلى ئىچىدە ئۇيغۇرنى چۈشىنىشكە قىزىقىدىغان ئۈچ خىل ئادەملەر بار ئىكەن. ئۇلار: جۇڭگوشۇناسلار، شەرقشۇناسلار، تۈركولوگلار. بۇلار ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدە خىلمۇ خىل تەتقىقات ئىشلىرى بويىچە ئىلمىي

ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئالىملار، ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلار ياكى ھەۋەسكارلار.

توماس ئەپەندى ئۆز ئۆيىدە تۇرۇپ تېلېفون ئارقىلىق، ھەرقايسى شەھەرلەردى-
كى ئۇنىۋېرسىتېت، ئىنستىتۇتلارغا مېنى تونۇشتۇرغانىدى. ئارىدىن بىر نەچچە
كۈن ئۆتمەيلا مېنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، تىلى ۋە باشقا تېمىلاردا دوكلات بېرىشكە
تەكلىپ قىلىپ تېلېفون، باغاق ۋە خەتلەر كېلىشكە باشلىدى. مەن ئۇيغۇر هازىرقى
زامان ئەدەبىياتى توغرىسىدا، بولۇپمۇ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن-
كى گۈللىنىۋاتقان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى توغرىسىدا غەربىي گېرمانىيە زىيالىيلى-
رىغا سۆزلەپ بېرىشكە رازى بولدۇم. مەن بۇ بىر سائەتتىن ئاشماسلىق شەرتى
بىلەن (دوكلات يېرىم سائەت، سوئال - جاۋاب يېرىم سائەت) سۆزلىنىدىغان سۆزۈمنى
خەنزۇچە تەييارلىدىم. توماس ئەپەندى ئىككىمىز نېمىس تىلىغا تەرجىمە قىلدۇق.
توماس ئەپەندى بۇ دوكلاتنى ماشىنكا بىلەن بىر نەچچە نۇسخا قىلىپ تەييارلىدى.

مەن هازىرقى زامان ئۇيغۇن ئەدەبىياتىنى سۆزلەش ئۈچۈن ئومۇمىي ئۇيغۇر يازما
ئەدەبىياتى ھەققىدە قىسقىچە گەپ قىلىشىم كېرەك. بۇ ئىشتا مەن فرايبورگ ئۇنىۋېرسى-
تېتىدا، توماس ئەپەندىنىڭ ئائىلە قىرائەتخانىسىدا بار بولغان ماتېرىياللاردىن پايدىلى-
نىپ، ئورخۇن - رونىك يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى هازىر بار بولغان
يازما ئەدەبىيات، قاراخانىلار دەۋرى، XII ئەسىردىن XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى-
غىچە (موللا بىلال، موللا شاكىر لارغىچە) بولغان ئاتالمىش «چىغاتاي ئەدەبى-
ياتى» (بىز بۇ ئاتالمىنى توغرا قوللانمىغان ئوخشايمىز)، ئازادلىققىچە
بولغان يېڭى ئەدەبىيات، سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات قاتارلىق دەۋرلەر بويىچە ۋەكىل-
لىك ئورنى، سالاھىيىتى بار دەپ تونىغان ئەدىبلەر بىلەن ئەسەرلىرىمىزنى ساناپ
ئۆتۈپ، ئۇلارغا قىسقىچە ئىزاھاتمۇ بەردىم. مۇشۇ يول بىلەن «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»
دېگەن ئۇقۇمنى ئايدىڭلاشتۇرماقچى بولدۇم. 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بېرىقى گۈللىنىش-
نىڭ بىر مۇھىم سەۋەبى ئەلۋەتتە بىزنىڭ مول ئەدەبىي مىراسلىرىمىزنىڭ بولغانلىقى.
ئەدەبىي مىراسلىرىمىزنىڭ خەلقىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ بۈگۈنكى ئەدەبىياتىمىزنىڭ
گۈللىنىشىدە رول ئوينىيالىشىمۇ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بېرىقى توغرا سىياسەتنىڭ
مەھسۇلى. مانا بۇ نۇقتا مېنىڭ ئېيتماقچى بولغان ئاساسىي گېپىم. بۇ گېپىمنى ھا-
زىرقى كۈندە خەلقىمىز ئالقىشلاۋاتقان ئاپتورلىرىمىز ۋە ئەسەرلىرىمىزنى تونۇشتۇرۇش
ئارقىلىق ئىسپاتلىدىم.

مېنىڭ بىرىنچى دوكلاتىم بېرلىن «ئەركىن ئۇنىۋېرسىتېتى»دا بولدى. مانجۇ-
شۇناس پروفېسسور ماندې مېنى دوكلات تىڭشىغۇچىلارغا تونۇشتۇردى. ئۇ مېنىڭ
تەرجىمىھالىم، ئەسەرلىرىمنى تونۇشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، بىز دوكلاتىمىزنى ئوقۇ-
دۇق. (نېمىسچىسىنى توماس ئەپەندى ئوقىدى، مەن سوئاللارغا جاۋاب بەردىم). دوك-
لاتقا غەربىي گېرمانىيىلىك زىيالىيلاردىن باشقا ۋەتىنىمىزدىن بېرلىنغا بېرىپ ئوقۇۋاتقان
ئوقۇغۇچىلار، ئاسپىرانتلارمۇ قاتناشتى. تونۇشتۇرۇش ۋە دوكلات تۈگىگەندىن كېيىن،
كۆپچىلىك بارماقلىرى بىلەن ئۈستەللىرىنى چېكىپ (بۇ ئۇلارنىڭ ئادىتىكەن) قىزغىن

قوللىغانلىقىنى بىلدۈردى. دوكلات ئۇلاردا قىزىقىش قوزغىغانلىقىنى ئۇلارنىڭ سوئاللىرى ئىسپاتلىدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، تىلى، ئېتنوگرافىيىسى، تارىخىي توغرىسىدىكى سوئاللار مېنى ئوبدانلا تەرلەتتى. بولۇپمۇ سېمىز، تاقىر باش، 50 نىڭ قارىسىنى ئالغان (ئۇلارنىڭ يېشىنى سوراش ھۆرمەتسىزلىك بولىدىكەن) ئادەم ئۆزىنىڭ مۇھىم، ئادەمنى قىينايدىغان سوئاللىرى بىلەن مېنى ھودۇقتۇردى. ماڭا ئۇ، مېنىڭ بىلىمىمنى سىناش ئۈچۈن ئەتەي قىيىن سوئاللارنى سوراۋاتقاندەك، مېنى مەسخىرە - كۈلكىگە قويماقچى بولۇۋاتقاندەك بىلىندى. دېمىسىمۇ ئۇ ئايالى بىلەن چىرايلىق ئايال شاگىرتىنى باشلاپ، سۈرلۈك كىرىپ كەلگەنىدى. لېكىن مەن مەسخىرە - كۈلكىگە قالمىدىم، ئەكسىچە ھۆرمەت - ئالقىشقا ئىگە بولدۇم.

دوكلاتتىن كېيىن ھېلىقى تاقىر باش ئادەم مەن بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئۆزىنى تونۇشتۇردى. ئۇ بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، تۈركولوگ ۋە ئىرانشۇناس فېرانگىر ئىكەن.

ئۇ، تۈرك تىلىدا تولىمۇ راۋان سۆزلىيەلەيتتى. پارس كلاسسىك ئەدەبىياتىنى پۇختا بىلىدىكەن. ئۆزبېك تىلى بىلەن ئەدەبىياتىنىمۇ خېلى ياخشى بىلىدىكەن. پروفېسسور فېرانگىر شۇ ئاخشىمى بىزنى ئۆيىگە مېھمانغا چاقىردى. ئۇنىڭ بىلەن دوست بولۇپ قالدىم. شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ئايالى، شاگىرتى بىلەن ئالاھىدە كېلىپ مېنىڭ دوكلاتىمنى ئاڭلىغانلىقى ۋە قىيىن سوئاللار بىلەن مېنى مەڭدەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى بىلدىم: ئۇ بىز ئۇيغۇرلارغا قىزىقىدىكەن، لېكىن بىزنى بىلمەيدىكەن.

كېيىن پروفېسسور ماندېنىڭ، دېرىكنىڭ ئۆيىدە پروفېسسور فېرانگىر بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇ ماندېنىڭ ئايالى رەنا خانىم (ئۆزبېك) بىلەن ئۇيغۇرلار توغرىسىدا قىزغىن سۆزلەشكىنىنى ئاڭلىدىم (ئۇلار تۈرك تىلىدا سۆزلەشتى).

— ئۇيغۇرلار بىلەن سىلەر ئۆزبېكلەر تېخى يېقىنقىچىلا بىر مىللەت ئىدىڭلار، — دېدى فېرانگىر رەناغا قاراپ، — مۇقىمى، پۇرقەتلەرنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقىغانمەن. ئۇلار پەرغانە، بۇخارا، قوقەن، تاشكەنت، قەشقەر، يەكەنلەرنى ئۆز يۇرتۇم دەپ ئاتىغان. ناۋائىينىمۇ بۇ كىشى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ۋەكىل قىلىپ سۆزلىدى، مېنىڭچە بۇنداق دېيىش ئورۇنلۇق.

— لېكىن، مەن بىرىنچى قېتىم ئاڭلاپ تۇرۇپتىمەن. — دېدى رەناخان ماڭا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ، — چىرايىمىزدىمۇ ئوخشاشلىق بار ئىكەن. مەن بۇ كىشىنى (مېنى دېمەكچى) كۆرۈپلا ئۆزبېك ئىكەن، دەپ ئويلىغانىدىم.

— بۇ، تاماقنى نېمە دەيسىلەر؟ — مەندىن سورىدى فېرانگىر رەناخانىنىڭ بىر خىل تامىقىنى كۆرسىتىپ.

— چۆچۈرە.

— چۆچۈرە. مانا بۇ گەپ پارسچە. پارسچە گۆشۆرە، گۆشبارەدىن ئۆزگەرگەن. بۇ تاماقنى پارسلار بادىغان دەيدۇ. سىلەر نېمە دەيسىلەر؟

— بىز بۇ تاماقنى خەنزۇچە ئاتايمىز، يەنى، گاڭپەن دەيمىز.

ئۇلار مەندىن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، ئادىتى، تىلىدىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى تولىمۇ قىزىقىپ ھەۋەسلىنىپ سورىدى، خاتىرىلىرىگە بىر نىمىلەرنى يېزىۋالدى. ھامبورگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تۈركولوگىيە پروفېسسورى كاپپارت خانىم، فرانكفورت ئۇنىۋېرسىتېتى تۈركولوگىيە - تارىخ ئىنىستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى، ئامېرىكا، مىسىر قاتارلىق جايلاردا ئىلىم ئۆگىنىپ ئۆزىنىڭ پۈتۈن ياشلىقىنى شەرقنى تەتقىق قىلىشقا بېغىشلىغان ئالىم كەللىنە خانىم، فرايبورگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، جەمئىيەتشۇناس گودولىن خانىملار مەخسۇس مېنى تونۇشتۇرۇش ئۈچۈنلا سۆھبەتلەر ئۇيۇشتۇردى. ھەر قېتىمقى سۆھبەتتە خىلمۇخىل تېمىلار بويىچە شەرقنى تەتقىق قىلىۋاتقان ئىجتىمائىي پەن خادىملىرى، ئوقۇغۇچىلار، جۇڭگو - شىنجاڭغا بارغان ساياھەتچى قېرىلار قاتناشتى. ئۇلار ئۇيغۇرلار، شىنجاڭ ۋە شىنجاڭدىكى باشقا قېرىنداش مىللەتلەر توغرىسىدا تولىمۇ قىزغىن سوئاللارنى سوراشتى. ئۇلار بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز، ئادىتىمىز، مەدەنىيىتىمىز، مائارىپ ئىشلىرىمىز توغرىسىدا ئاڭلىغان بىلگەنلىرىنىڭ راست - يالغان ئىكەنلىكى، بىزنىڭ خەلقىمىزنىڭ گېرمانىيە خەلقى توغرىسىدا چۈشەنچىسى قاتارلىق مەسىلىلەرگە تولىمۇ قىزىقىدىكەن. ئۇلارنىڭ بىرلىرى نېمىس تىلىدا، بىرلىرى تۈرك، پارس تىللىرىدا، بىرلىرى خەنزۇ تىلىدا سۆزلەيدۇ، لېكىن ئۇيغۇر تىلىدا دۇدۇقلاپ بولسىمۇ سۆزلىيەلەيدىغان بىرەر كىشىمۇ ماڭا يولۇقمىدى. «ياخشىمۇ سىز؟»نى بىلىدىغان بىر نەچچە ساياھەتچىنى كۆردۈم.

فرايبورگ ئۇنىۋېرسىتېتىدا مەن بەمبەرگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلمىي خادىمى ئىنگە (بورگ) ئىسىملىك ئايال بىلەن ئۈچ سائەت سۆھبەتلەشتىم. ئۇ كىشى ئۆزبېك تىلىدا تولىمۇ راۋان سۆزلىيەلەيدىكەن، ئافغانىستاندا ئىككى يىل تۇرغانىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىشقا قىزىقىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، بۇ ئىشتا مەندىن ياردەم سورىدى. مەن بارلىق كۈچۈم بىلەن ياردەم بېرىشكە ۋەدە بەردىم ۋە ئۇيغۇرچە كىتابلارنى ھەدىيە قىلدىم. فرايبورگ 100 مىڭ نوپۇسلۇق كىچىك شەھەر بولغىنى بىلەن ئۇ يەردە 36 مىڭ ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بار ئىكەن. ئىجتىمائىي پەن بىناسىنىڭ ئالدىغا گومىر بىلەن ئارىستوتىلنىڭ ئافىنا ئىسسىقىغا چىداپ ئىلىم بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان يېرىم يالىڭاچ، قەلەم-قەغەز تۇتقان ھالەتتىكى ھەيكىلى قاتۇرۇلغان. بۇ ھەيكەلدە ئىپادىلەنگەن ئىلىمگە بېرىلىش روھىنى مەن شۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ قىرائەتخانىسىدا ئەينەن كۆردۈم. مەن تۈرك تىلى ئوقۇتقۇچىسى شارلىق ئەپەندىنىڭ تەكلىپى بىلەن بۇ يەردە بىر ھەپتە تۇردۇم. شارلىق ئەپەندى «ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسى» ناملىق كىتابى بىلەن غەربىي گېرمانىيىدە نام قازانغان ئادەم. تۈركچە ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ تۈزۈپ چىققان بۇ كىتابىدا ئۇ گېرمانىيىلىكلەرنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىشنىڭ تۇنجى ئىمكانىيىتى بىلەن تەمىنلىگەن. ئۇ مېنى ئۆز ئۆيىدە تۇرغۇزدى ۋە كېچە - كۈندۈز بىللە بولۇپ، ئۇيغۇر تىلى ئۆگەندى. ئۇ شىنجاڭغا كېلىپ ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىشنى ئارزۇ قىلىدىكەن. ئۇ تۈركچە رومانلاردىن ئىككىسىنى (تۈرك يازغۇچىلى-

رىنىڭ ئەسەرلىرىدىن) نېمىس تىلىغا تەرجىمە قىپتۇ. مەن شارلىق بىلەن بولغان كۈن-
لەرنى تۈرك تىلى ئۆگىنىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى بىلدىم. ئۇ دەرسكە چىقىپ كەتكەندە،
مەن فرايبۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ھەرقايسى دۆلەتلەر، مىللەتلەرنىڭ تۈرلۈك تىللاردىكى
مول كىتابلىرى بىلەن تولغان، ئۈنلۈك پاراڭلىشىش قاتتىق مەنئى قىلىنغان قىرائەتخا-
نىسىغا كىرىمەن-دە، نەچچە سائەتلەپ كىتاب ئوقۇيمەن. «بابۇرنامە»، «زەپەرنامە»
(ئەلى يەزدىنىڭ تۆمۈرگە بېغىشلانغان كىتابى) نى مەن شۇ كۈنلەردە ئوقۇدۇم. بۇ كى-
تابلارغا بېرىلگەن ئۆزبېكچە، تۈركچە ئىزاھاتلارنىمۇ شۇ يەردە كۆچۈرۈۋالدىم.
«چىڭغىز ئايتماتوۋ ئەسەرلىرى»نىڭ 1-، 2-توملىرىنىڭ تۈركچە نەشرىنى ئوقۇپ
«تۈرك تىلى سەۋىيەم»نى ئۆستۈردۈم. مەن شارلىق ۋە ئۇنىڭ ئۆيىنى، فرايبۇرگ ئۇنى-
ۋېرسىتېتى ئىجتىمائىي پەنلەر بىناسىنى، ئۇنىڭ ئالدىدىكى گومېر، ئارىستوتىللار-
نىڭ كىشىگە ئىلھام ۋە غەيرەت ھەدىيە قىلىدىغان ھەيكەللىرىنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇ-
مايمەن. بولۇپمۇ تۈرك-پارس تىل-ئەدەبىيات قىرائەتخانىسىدا دائىملا قارىسام كىتابقا
قادىلىپ ئولتۇرىدىغان ھەرخىل مىللەتتىن بولغان قىز-يىگىتلەر مېنى ئۈمىد ۋە
ھەۋەس بىلەن رىغبەتلەندۈرۈپ تۇردۇ. ئەپسۇسكى، بۇ ياشلار ئىچىدە بىرەر ئۇيغۇر
بالىسى ياكى ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ياش ستۇدېنتلار يوق.

ئۇيغۇرلارغا قىزىققۇچىلارنىڭ كەسىپلىرى ھەرخىل بولۇش بىلەن مىللەتلىرىمۇ
ھەرخىل. پروفېسسور گودولىك ئۆز ئۆيىدە ئۇيۇشتۇرغان سۆھبەتكە 70 نەچچە
ياشلىق موماي مەخمە، رۇسچە سۆزلەيدىغان جەمئىيەتشۇناس پروفېسسور، تەيبەدە خەن-
زۇچە ئۆگەنگەن ياش قىز (بۇلارنىڭ مىللىتى نېمىس)، كانادالىق (يېرىم قارا تەن)
ئايال، ياپونىيىلىك ستۇدېنت، جۇڭگولۇق ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى ۋاڭ جيەن قاتار-
لىقلار قاتناشتى. بۇ يىگىرمىدەك ئادەمنىڭ بىرلىرى نېمىس تىلىدا، بىرلىرى رۇس
تىلىدا، بىرلىرى خەنزۇ تىلى، تۈرك تىلى، پارس-ئەرەب ئارىلاشما تىللاردا سوئال
سورىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىگە تەرجىمان تېپىلىپ تۇردى. بۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئۇي-
غۇرلارغا بولغان قىزىقىشلىرىنى شۇ تىللاردا ئىپادىلىدى.

فرانكفورتتىكى سۆھبەتكە قاتناشقۇچىلار ئىچىدە تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى
مىللەتلەرنى تەتقىق قىلغۇچىلار كۆپ بولدى. قازاقچە ئوبدان سۆزلىيەلەيدىغان ئې-
گىز يىگىت، قىرغىزچە بېيىتلارنى يادلىۋالغان سېمىز ئايال، تۈركچە تولىمۇ چىرايلىق
سۆزلەيدىغان دوكتور ئايال بىئارت رىكىس (ۋېنگرىيىلىك)، ئۇنىڭ يولدىشى مەسئۇت
(تۈرك)لار ماڭا ئۇيغۇر تىلىدىكى كىتابلارنى ئوقۇتقۇزۇپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاھاڭ
تەلەپپۇزىنى ئاڭلاپ زوقلاندى. مەن ئۇلارغا «نەسىرىدىن ئەپەندى لەتىپىلىرى»،
«دىۋان لۇغەت تۈرك»، «ماناس»، «ئالدار كۆسە» قاتارلىق كىتابلارنى ئۇيغۇر، قىر-
غىز، قازاق تىللىرىدا ئوقۇپ بەردىم. ئۇلار مېنىڭ ئاۋازىمنى لېنتىغا ئېلىۋالدى.

— ئاۋازىڭىز بىز بىلەن قالدۇ، سىز كەتسىڭىزمۇ بىز سىز بىلەن سۆزلىشىۋې-
رىمىز، — دەپ چاقچاق قىلدى پروفېسسور كەللىنە.

مېيونخىندىكى سۆھبەتتە مەن ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز، تاتار، تۈرك-

مەن، ئەزەربەيجان، تۈرك، ئۇيغۇرلار ۋە بۇ مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا بىرىكىشىدىن (ئىكاھلىنىشىدىن) پەيدا بولغان ھەرخىل قانلارغا ۋەكىللىك قىلغۇچى زىيالىيلار بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇلارنىڭ تارىخى، سەرگۈزەشتىلىرى ھەرخىل، قىزىقارلىق ئىدى.

— 1941 - يىلى قوقاندىن سوۋېت ئەسكىرى سۈپىتىدە جەڭ مەيدانىغا كەلدىم، — دەپ ئۆز سەرگۈزەشتىسىنى باشلىدى 67 ياشلىق ئىلمىي خادىم قادىرقۇل ھاياجانلىنىپ، — شۇ يىلى پولشادا نېمىسلارغا ئەسىر چۈشتۈم. مەن بارمىغان ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە قالمىدى. بايمۇ بولدۇم، راھەتمۇ كۆردۈم، لېكىن قوقاندىكى كىچىككىنە يېزام بىر كۈنمۇ كۆز ئالدىمدىن نېرى بولمىدى. مەن ئاسىيانى، ئۇ يەردىكى پاك دىل خەلقنى تولىمۇ سېغىنىمەن. لېكىن بارالمايمەن. نېمىشقا دەمسىز؟ بارالمايمەن. ئەسىرگە چۈشكەنمەن. بىلەمسىز، ھازىرغىچە ئەسىرمەن. ئەركىن يۇرۇۋاتقان تۇتقۇنمەن!

ئۇلارنىڭ بىزگە ھۆرمىتى تولىمۇ چوڭ ئىكەن. مەن ئۇلارغا 3 - ئومۇمىي يىغىندىن بۇيانقى زور ئۆزگىرىشلەرنى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ گۈللەنگەن، راۋاجلانغانلىقىنى مىساللار بىلەن ئىسپاتلاپ - سۆزلەپ بەردىم. ئۇلار بىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمىزنى بىلمەيدىكەن، بەزى ئەھۋاللارنى خاتا ئاڭلاپ قالغان، بەزى ئىشلارنى، ئەھۋالنى بۇرمىلاپ سۆزلىگۈچىلەردىن ئاڭلاپ، خاتا چۈشەنچىگە كېلىپ قالغانلارمۇ بار ئىكەن. ئۇلار مېنىڭ تونۇشتۇرۇشۇمنى ئاڭلاپ تولىمۇ خۇشال بولۇشتى. مېنى ئاسىيالىقلارغا خاس بولغان مېھماندوستلۇقى بىلەن ئۆيلىرىدە، ئاشخانىلاردا قىزغىن كۈتۈۋېلىشتى.

بېرلىنلىق جۇڭگوشۇناس ياش تەتقىقاتچىلاردىن ئەر - ئايال ماغەيلە بىلەن ئىنىگولار مېنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى. بىز تولۇق يېرىم كۈن سۆھبەتلەشتۇق. ئۇلار جۇڭگو ئەدەبىياتى، بولۇپمۇ ھازىرقى زامان جۇڭگو ئەدەبىياتىغا قىزىقىدىكەن. ئۇلار ماڭا جۇڭگو ئەدىبلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن نېمىس تىلىغا تەرجىمە قىلىنغانلىرى، ئۇلار ئىچىدىكى قىزغىن ئالقىشقا ئىگە بولغان ئەسەرلەر توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى. ياش ئاپتورلاردىن جاڭ جيەنىڭ «ئېغىر قانات» ناملىق ئەسىرى بۇ يەردە ئالقىشقا ئىگە بوپتۇ. بۇ ئەسەر نېمىس تىلىدا تۆت قېتىم نەشر قىلىنغان. كلاسسىك ئەسەرلەردىن «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»، «جىن پىڭمەي» لارنى ساۋاتلىق گېرمانىيىلىكلەر تولۇق دېگۈدەك بىلىدىكەن. «يىپەك يولىدىكى رىۋايەتلەر»، «نەسىرىدىن ئەپەندى لەتىپىلىرى»مۇ نېمىس تىلىدا نەشر قىلىنىپ ئالقىشقا ئىگە بوپتۇ. لاۋ شېنىڭ «شياڭزى تۆگە»، «چايخانا»سى، گومورونىڭ «ئۆسمۈرلۈك چېغىم»، «بالىلىقىم» ناملىق ئەسەرلىرى، بىداۋ، شوتىڭلارنىڭ شېئىرلىرى توغرىسىدا ماقالىلار يېزىلىپ ماختىلىپتۇ.

ھازىرقى زامان شەرق يازغۇچىلىرىدىن چىڭغىز ئايتماتوۋ غەربىي گېرمانىيىدە تولىمۇ يۇقىرى باھاغا ئىگە ئىكەن. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى تولۇق دېگۈدەك نېمىس تىلىدا نەشر قىلىنغان. 1987 - يىلى فرانكفورتتىكى خەلقئارا كىتاب كۆرگەزمىسىگە ئايتماتوۋ تەكلىپ بىلەن كېلىپ قاتناشقان. غەربىي گېرمانىيە زۇڭتۇڭى ۋەيست سەككار مۇخبىرلارنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىپ: «مەن ئايتماتوۋ ئەسەرلىرىنى ياخشى كۆ-

رىمەن» دېگەن. ئايتماتوۋ: «مېنىڭ ھەر قاچان چەت ئەلگە چىقسام بىللە ئېلىپ چىقىدىغان ئىككى ئېسىلىم بار. بۇلار «ماناس» بىلەن مۇختار ئەۋىزوۋ. بۇ ئىككىسى يېنىمدا بولسا، مەن ھېچنەدە خىجىل بولمايمەن» دەپ ئېيتقان. مەن ئايتماتوۋ بىلەن خۇشاللاندىم، ئۇنىڭغا ھەۋەسلەندىم. مەن بىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىزدىن ياۋروپادا، دۇنيادا تەسىر قوزغىيالايدىغان ئادەملەرنىڭ چىقىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىمەن. بولۇپمۇ چەت ئەللىكلەر بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن، بۇ خىل تەقەززالىق تېخىمۇ كۈچەيدى.

ماغەيلە، ئىنگولار دۆلىتىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى مانجۇ، چاۋشيەن قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىش بىلەن مەشغۇل ئىكەن. ئۇلار ئۆز ئىلمي ئەمگەكلىرىدە ياش سۇلۇن يازغۇچىسى ئورۇلتۇ ئۇستىدىمۇ ئىزدىنىۋاتقانلىقىنى ئىزاھلاپ ئۆتتۇشتى.

ئۆزى كۆرمىگەن، لېكىن چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرۈدىغان مىللەتلەر ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقان مۇنداق ياشلارنى گېرمانىيىنىڭ ھەرقانداق شەھىرىدىن تېپىش مۇمكىن. بۇنداقلار بىر نەچچە يۈز ئەمەس، بەلكى بىر نەچچە مىڭ، ھەتتا تۈمەنمىڭ. غەربىي گېرمانىيە ئاشۇنداق زور بىر قوشۇن بىلەن شەرقنى تەتقىق قىلماقتا. مەن ئۇچراشقان گېرمانىيىلىكلەرنىڭ تولىسى مۇشۇ قوشۇننىڭ ئادەملىرى. ئۇلار شۇنچىلىك قىزغىن، شۇنچىلىك ئالدىراش، ئەستايىدىل ئىشلىمەكتىكى، ئۇلار مەندە، ئۆز دۆلىتىنىڭ، خەلقىنىڭ مەنپەئىتىنى چۈشىنىپ يەتكەن ئادەملەر مۇشۇنداق ئىشلىشى لازىم ئىكەن، دېگەن تەسىرات پەيدا قىلدى. ۋەھالەنكى، ئۇلارنىڭ تەتقىقاتىدىن ئۆزىنىڭ دۆلىتىگە، خەلقىگە، ھەتتا ئۆزىگە تېگىدىغان پايدا ئۇنچىلىك زور ئەمەس. مەن بىزدىمۇ مۇشۇنداق زور، قىزغىن، ئىلمىي، ئەستايىدىل قوشۇننىڭ شەكىللىنىشىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق شەھەرلىرىمىزدە غەربىي گېرمانىيىدىكىدەك ئالىي بىلىم يۇرتلىرى، تەتقىقات ئورۇنلىرى بولۇشىنى ئارزۇ قىلدىم. خەلقىمىزنىڭ مىللىي سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى مەقسەت قىلغان بۇ خىل ئارزۇ مەندە ھېچقاچان بوگۈنكىدەك كۈچەيگەن ئەمەس ئىدى.

غەربىي گېرمانىيە ئالىملىرى تەتقىقاتنى دۇنياغا، ئىنسانىيەتكە يۈزلەندۈرۈشنى ئۆزلىرىنىڭ ئاڭلىق مەقسىتى، ئىنسانىي بۇرچى قىلىپ تاللىۋالغان. مەن بۇ خىل ئادەملەرنىڭ بىرسى — قۇرغاق رايون تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى پروفېسسور فۆلماننى ئەسلەپ ئۆتمەكچىمەن. ئۇ مېنى ئىلمىي سۆھبەتتىن كېيىن ئۆيىگە چۈشلۈك تاماققا تەكلىپ قىلدى. ئۇنىڭ ئۆيى بېرلىن بايلىرىنىڭ بۈك - باراقسان باغلار ئىچىگە جايلاشقان خۇسۇسىي ئۆيلىرىدىن تۈزەلگەن سېلىندوروف رايونىدا ئىكەن. بۇ رايون كوچىلىرىنىڭ دەرەخلىكلىكى بىلەن باشقا رايونلاردىن ئاجرىلىپ تۇرىدۇ. 2 - 3 قەۋەتلىك غەربچە چېدىرلىق ئۆيلەر قارىغاي، ئارچىلار ئارىسىدا خۇددى زىننەت بۇيۇمىدەك كۆرۈنىدىكەن. بېرلىننىڭ قۇملۇق تۇپرىقى چىمەن، قارىغاي - ئارچا ئۈچۈن تولىمۇ ئەپلىك ئىكەن. فۆلمان 60 تىن ئاشقان، ساغلام، پاكىزە

كىيىنىشنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەم. ئۇنىڭ بېغىدا بېرلىن قارىغايلىرىنىڭ ئانىسى— يۇقىرىدا سۆزلەنگەن موڭغۇلىيىدىن كەلتۈرۈلگەن قىزىل قوۋزاقلىق قارىغاي بار ئىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ياسىداق ئۆيىدە سېمىز، پاكىزە قېرىغان، خۇش خۇي ئايالى بىلەن بىزنى ئۆردەك كاۋىپى، سالاتا ۋە داڭلىق هاراق، پىۋىلار بىلەن مېهمان قىلىۋېتىپ، ئۆزىنىڭ جۇڭگو، شىنجاڭ زېمىنلىرىدا قىلغان سەپەرلىرى توغرىسىدا سۆزلەپ كېلىپ مۇنداق دېدى:

— هەممىلا جاينىڭ ئاجايىپ ئىشلىرى بولىدۇ. بالتىق بويلىرىدا، مەسىلەن، فىنلاندىيىدە 6-ئاينىڭ 22-كۈنى بىر سوتكا تۈن بولمايدۇ، 12-ئاينىڭ 22-كۈنى بىر سوتكا تاڭ ئاتمايدۇ. دوستويېۋسكىنىڭ كىتابىدىكى «ئاق كېچە»نىۋا بويىدىلا ئەمەس، ئىلبا بويىدىمۇ، بالتىق قىرغىقىدىكى شەهەرلىرىمىزدىمۇ بولىدۇ. مانا بۇلار ئاجايىپ ئىشلار. لېكىن ئاجايىپ ئىشلار شىنجاڭدا تولا. تەكلىماكاندا تىنىك قۇم تاغ چوققىسىدا ئۆمۈر بويى يامغۇر كۆرمەستىن كۆپكۆك ياشىرىپ تۇرىدىغان توغراق، قۇمۇشلار، تاغ پېتى كۆچۈپ تۇرۇدىغان قۇملار، تېمپېراتۇرىسى 70 گرادۇسقا يېتىدىغان تۇرپان قۇملىرى، قارلىرى ئېرىمەيدىغان تەڭرىتاغ، كوئېنلۇن، هىمالايا. بۇنداق مۆجىزىلەر ياۋروپا تۈزلەڭلىكىدە يوق. كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، ياۋروپادا يېشىللىقتىن باشقا نېمە يوق. ئالقاندەك تۈپىلىق يوق. تاغ-ئېتىز، دەرەخلىرىنىڭ قوۋزاقلىرىمۇ ياپيېشىل. بالتىق بويلىرىدا كۈن كەمدىن كەم ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ. بىزنىڭ توخۇلىرىمىز كۈن نۇرى كۆرمەي تۇرۇپلا گۆشكە ئايلىنىدۇ. مەن سىلەر ياشاۋاتقان يەرلەرگە قىزىقىمەن: گوبى، تەكلىماكان بىزگە تولىمۇ گۈزەل بىلىنىدۇ. ئۇ يەرلەر دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ هاۋا تەڭشىگۈچ. دۇنيادا بۇنداق تەڭشىگۈچلەر بولمىغان بولسا، هازىرقى هاۋا بۇلغىنىشىنىڭ دەستىدىن ئىنسانىيەت ئاللىقاچان هالاك بولغان بولاتتى!

فۆلمان ئۆزىنىڭ ئايالى بىلەن يەنە شىنجاڭغا ساياهەتكە بېرىش ئارزۇسى بارلىقىنى ئېيتتى:

— سىلەرنىڭ مېهماندوستلۇقىڭلارغا قايىلمەن. بىز گېرمانىيىلىكلەر مېهماننى ئۆيگە تەكلىپ قىلىشتىن بۇرۇن، تاماق يەمسىز، دەپ سورايمىز. سىلەرچۇ؟ مېهمان ئۆيۈڭلارغا كېلىش بىلەن گەپ-سۆز قىلمايلا قوي سويىسىلەر.

— قوينىڭ پۇتلىرىنى باغلاپ، پىچاق بىلەن بوينىنى كېسىپ ئۆلتۈرىدىكەنسىلەر، بۇ راستمۇ؟ — فۆلماننىڭ ئايالى سورىدى، — بۇنداق سويۇلغاندا قوينىڭ جېنى قىينىلىدۇ، ئۇنىڭغا ۋابال بولىدۇ. بىز سىلىق، ئالداپ، توك كالتىكى بىلەن هوشسىزلاندۇرۇپ ئاندىن سويىمىز.

— بىز قان ئېقتىمىساق هارام دەپ يېمەيمىز، — دېدىمەن كۈلۈپ.

ئۇلارمۇ كۈلۈشتى. فۆلمان گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— بىز پاراڭنى، سىردىشىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىمىز. سىلەر يەپ-ئىچىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىسىلەر. مەن سىلەرنىڭكىنى ياقتۇرىمەن. ئايالىم بۇ ئۆردەك كاۋىپىغا تولۇق بىر يېرىم كۈن ئىشلىدى. يەڭ، تەمى بېيجىڭ ئۆردەك كاۋىپىنىڭكىگە

ئوخشاپتىمۇ؟ ھە، شۇنداق قىلىپ سىز ياۋروپاغا قىزىقىسىز، بىز ئاسىياغا. سىز زاماندىۋىغا قىزىقىسىز، بىز قەدىمكىگە. ئىنسانلارنىڭ ئىلىم-پەندىن ئالىدىغان ھۇزۇر-ھالاۋىتىدىن تەبىئەتنىڭ ساپ مېۋىلىرى، ساپ ھاۋا، ساپ كۆكۆلدىن ئالىدىغان ھۇزۇر-ھالاۋىتى زور بولسا كېرەك دەيمەن. ئىنسانىيەت ئۆزىگە زۆرۈر بولغان نەرسىلەردىن يارغانسىرى كۆپرەك مەھرۇم بولماقتا. مانا بۇ ئىنسانىيەت ھالاكىتىنىڭ مۇقەررەرلىكى. لېكىن سىز يازغۇچى، بۇ خىل راست گەپلەرگىمۇ قايىل بولمايسىز. سىز: «ياق، ئىنسانىيەت ئۈمىدۋار!» دېگەندەك جاراڭلىق سۆزلەرنى ياقتۇرىسىز. ئەمما سىز بىلەن بىز كېلىشەلەيدىغان بىر مۇھىم گەپ بار: ھەممىمىز ئىنسان بەختى ئۈچۈن كۈرەش قىلىمىز.

ئىنسانىيەت—نۇرغۇن دۆلەت، نۇرغۇن مىللەت، نۇرغۇن سىنىپ، تەبەقە-گۇرۇھلاردىن تەشكىللەنگەن بىر كوللېكتىپنىڭ نامى. بۇ كوللېكتىپنىڭ ئىچىدە ھەرخىل مەنپەئەتلەرنىڭ توقۇنۇشى، كۈرەش، ئىختىلابلىرى مەۋجۇت. لېكىن ھەرخىل تەبىئىي ئاپەتلەر ھېچقانداق بىر دۆلەت، مىللەت، سىياسىي كۆز قاراشلار ئۈچۈن خىزمەت قىلمايدۇ. ھاۋانىڭ بۇلغىنىشى، ئاچارچىلىق، يۇقۇملۇق كېسەللەر بىلەنمۇ ھەرقانداق مىللەت، ئىرق، دۆلەت بەربات بولىۋېرىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن فۆلمان ئېيتقان «ئىنسان بەختى» دېگەن سۆزنى مەن بۈگۈنكى ھەربىي ھازىرلىقلار كۈچەيگەن، كائىناتتا نەچچە يۈز مىڭلىغان سۈنئىي «سەييارە»لەر زەھەرلىك گازلارنىڭ ياردىمى بىلەن «ساياھەت» قىلىپ يۈرگەن ۋە باشقا يۇقىرى سۈرئەتلىك سانائەت تەرەققىياتى بىلەن ھاۋادا، يېمەكلىكتە، بۇيۇم-نەرسىلەردە ئۆزگىرىش بولۇپ، ئىنسانىيەتكە زۆرۈر بولغان تەبىئىي تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى كۈچىيىۋاتقان دەۋرگە نىسبەتەن ئېيتىلغان سۆز دەپ چۈشەندىم. بۇ مەنىدىكى سۆزنى ئەلۋەتتە قوللاشقا تېگىشلىك سۆز دەپ قارايمەن.

ئىنسانىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ئىنسانىيەتنىڭ بەختىنى ئويلاش ھەممىلا ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئوڭاي ئىش ئەمەس. بەزىلەر بۇ خىل گەپلەرنى ئاڭلىسا تەنە قىلىپ كۈلىدۇ. نۇرغۇن ئادەملەر بۇ گەپنى قۇرۇق گەپ، ئومۇمىي شوئار دەپ قارايدۇ. لېكىن ھاياتىدا مۇشۇ ئىشتىن باشقىنى قىلمىغان ئادەملەرمۇ ئۆتكەن. ئۇنداقلار ھازىرمۇ بار. ئۆزىدىن ئاجىز، قالاق بولغان مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇنى ئىلغار مىللەتلەر قاتارىغا قوشۇش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر خىزمەت قىلغان ۋە شۇ خىزمىتى بىلەن ئۆزىنى بەختلىك ھېسابلىغان ئادەملەرنىمۇ مەن ئىنسانىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلغانلار قاتارىدا ھېسابلايمەن. چۈنكى ئىنسانىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئەنە ئاشۇنداق كونكرېت مەزمۇنلاردا ئىپادىلىنىدۇ.

بۇ خىل ئادەملەرنىڭ بىرسى غەربىي گېرمانىيىلىك تۈركولوگ گابائىن خانىم. مەريەم ئانا—گابائىن خانىم ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھاياتىنى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مەدەنىي-مىراسلارنى تەتقىق قىلىشقا بېغىشلىغان، بۇ ئىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ شەخسىي بەختى—ئائىلىلىك بولۇشتىنمۇ ۋاز كەچكەن ئالىم. مەن پەقەت نامىنىلا ئاڭلىغان بۇ

ئالىمنى سەيپىددىن ئەزىزى ئاكىنىڭ تاپشۇرمىسى ۋە ئۆزۈمنىڭ ئارزۇ-ھەۋىسىمگە ئاساسەن زىيارەت قىلماقچى، ئۇ كىشىگە خەلقىمىزگە ۋەكالىتەن رەھمەت ئېيتىپ، سالام بەرمەكچى بولدۇم.

بىز—مىجىت ئەپەندى، ئوغلى تەلئەت، كېلىنى پەرىزە تۆت كىشى گابائىن خانىمنى يوقلاش ئۈچۈن 1987-يىل 12-نويابىر كۈنى ئەتىگەندە ميۇنخېندىن يولغا چىقتۇق. ميۇنخېندىن شەرقىي جەنۇبقا — غەربىي گېرمانىيە-ئاۋستىرىيە چېگرىسىغا قاراپ يايپېشىل تۆپىلىكلەر ئارىسىدا 16 كىلومېتىر يول ماڭغاندا گاباخانىمنىڭ يېزىسى—ئانگى يېزىسىغا بارغىلى بولىدىكەن. يول بويى: ئىككى قاسىنىقى بۈك قارىغايلىق، چىمەنلىك تۆپىلىكلەر، چېدىرچىلاپ يېيىلغان ئۆيلەر، چىرايلىق كۆللەرنى بېسىپ ئۆتتۇق.

ئانگى يېزىسى يۇقىرى سۈرئەتلىك يولنىڭ شەرقىدىكى دۆڭلۈككە جايلاشقانىكەن. بۇ يېزىنىڭ غەربى (ئالدى)دا ئۇستى قارلىق شتاۋفىن تېغى بار بولۇپ، ئەتراپىمۇ مەنزىرىلىك ئىكەن. بىز ئۇنىڭ ئىككى قەۋەتلىك ئۆيىنى قولىمىزدىكى ئادرېس بويىچە ئوڭايلا تېپىۋالدۇق. مومايغا ئالدىن تېلېفون بېرىلگەچكە، ئۇ بىزنى ئۆيىنىڭ 1-قەۋىتىدە خۇشاللىق بىلەن كۈتۈۋالدى. ئۇ تولىمۇ قىزغىن، خۇشال. ئۇنىڭ كۆك كۆزلىرى شادلىقتىن نۇرلانغان، سەل مۈكچەيگەن، ۋىجىكرەك (نېمىسلارغا نىسبەتەن)، لېكىن ساغلام گەۋدىسى تېتىكلەشكەنىدى. ئۇ بىزنى 1-قەۋەتتىكى مېھمانخانىسىغا، كېيىن 2-قەۋەتتىكى قىرائەتخانىسىغا باشلىدى. ئۇ ئىككى قەۋەتلىك، سەككىز ئېغىزلىق، تاختاي بىلەن ياسالغان ئۆيىدە ئۆزى يالغۇز تۇرۇدىكەن. مەن بىردەمدىلا ئۇنىڭ ئۆيىدە خۇددى ئۆز ئۆيۈمدەك راھەتلەندىم. ئۇ توختىماي سۆزلەيتتى:

— مۇنۇ قىزىم، — دېدى ئۇ پەرىزەنىڭ قوللىرىنى چىڭ تۇتۇپ، — تىپىك ئۇيغۇر ئىكەن. قەدىمكى ئۇيغۇرلار مانا مۇشۇنداق قوڭۇر (ساغۇچ) چاچلىق، قوي كۆزلۈك (ياكى كۆك كۆز) ئىدى. مۇنۇ قىزىمنىڭ لەۋلىرى تۇرپان تام رەسىملىرىدىكى ئاياللارنىڭ لەۋلىرىنىڭ ئەينى ئۆزى: تۇماچە، پەرمۇدىدەك ئوماق. مەن جۇڭگوغا زىيارەتكە بارغاندا، مەن قىياس قىلغاندەك سېرىق چاچ، كۆك كۆز ئۇيغۇرلارنى جىق كۆردۈم. لېكىن قارا چاچ، قارا كۆزلەر كۆپ ئىكەن. ھازىرقى ئۇيغۇرلار نۇرغۇن ئۆزگىرىپ كەتكەن ئۇيغۇرلار. بۇلارغا قاراپ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ قىياسەن رەسىمىنى سىزغان ئەھۋالمۇ باركەن. مەن سىلەر تەرەپتە مۇشۇنداق خاتا سىزىلغان رەسىملەرنىمۇ كۆردۈم.

ئۇ تىنماي سۆزلەيتتى، خۇددى بىر ھازىرلا كېتىپ قالىدىغاندەك، كېتىپ قالساق ئويلىغانلىرىنى ئېيتالماي قالىدىغاندەك ئالدىراپ سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ مومايلارغا خاس ئۈمچەيگەن لەۋلىرى تىنىمسىز مىدىرلايتتى. ئۇ بىزنى غاچىرلاپ تۇرۇدىغان، گۈللۈك پايانداز سېلىنغان پەلەمپەيلەر بىلەن يۇقىرىغا باشلاپ چىقىپ كېتىۋېتىپ:

— ئۇيغۇرلار ئۇلۇغ، قەدىمىي مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئارىيانلار ھىندىستاندىن

ياۋروپاغا كۆچۈپ كېلىشتىن 500 يىل بۇرۇن ئۇيغۇر دۆلىتى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ تىل - يېزىق، مەدەنىيىتى بار ئىدى. بىز ھازىر ياۋروپادىكى تەرەققىي قىلغان مىللەتلەردىن بولۇپ قالدۇق، لېكىن سىلەرنى تېخى ياۋروپالىقلار بىلمەيدۇ. سىلەر ئۆزۈڭلارنى ئۆزۈڭلار دۇنياغا تونۇشتۇرۇشۇڭلار لازىم. مەن 86 ياشقا كىردىم. ئەمدى چوڭ ئىش قىلالمايمەن. لېكىن سىلەرنى تەشۋىق قىلىش - تونۇشتۇرۇش قولۇمدىن كېلىدۇ.

ئۇ، بىزگە پىۋا قۇيۇپ بېرىۋېتىپ، ئۆز كۇتۇپخانىسىدىكى كىتاب جاۋىنىدىن بىزگە مۇناسىۋەتلىك رەسىملەرنى، ئۆزىنىڭ يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ يازغان ئەسەرلىرىنى كۆرسەتتى.

— مانا بۇلار ھەقىقىي قەدىمكى ئۇيغۇرلار. تۇرپان بېزەكلىكتىكى رەسىملەر ئەينەن، كۇچار مىڭ ئۆيدىكى رەسىملەر ئارىلاشما. ئۇلارغا ھىندى، ئىران ۋە باشقىلارنىڭ تەسىرلىرى ئارىلاشقان. بۇنىڭ سەۋەبى، قەدىمكى ئۇيغۇر دۆلەتلىرى ئۆز ئەتراپىدىكى دۆلەتلەرگە تاجاۋۇز قىلمىغان، قوشنىلىرى بىلەن دوستلىشىپ قويۇق بېرىش - كېلىش قىلىپ ئۆتكەن. مۇنداق مىللەتلەر ئۆزگىرىدۇ. مەسىلەن، مېنى ئالساق، مېنىڭ 300 يىلنىڭ ئالدىدىكى ئاتا - بوۋام فرانسۇز ئىدى. مەن ھازىر گېرمان.

ئۇ، مەندىن سورىدى:

— سىلەر فامىلە ئىجاد قىلىشنى ئويلىشىۋاتامسىلەر؟

— بۇ توغرىدا ئىزدىنىۋاتقانلار بار.

— ناھايىتى ياخشى بوپتۇ. ئۇلارغا مېنىڭ مەسلىھەتىمنى يەتكۈزۈپ قويۇڭ: سىلەر ئەرەبچە، رۇسچە ئىسىملاردىن ئەمەس، قەدىمكى ئۇيغۇر ئىسىملىرىدىن فامىلە ياسىساڭلار ياخشى بولىدۇ. بۇ ئىسىملار كونا يازمىلاردا بار. سىلەر ھازىر مەدەنىيەتتە ئارقىدا. بۇ دېگەنلىك ئەزەلدىن ئارقىدا ئىدىڭلار، دېگەنلىك ئەمەس. ئۆز مەدەنىيىتىڭلارنى ئۆگىنىڭلار، ساقلاڭلار، راۋاجلاندۇرۇڭلار. يازغۇچىلار بۇ ساھەدە كۆپ خىزمەت قىلىشى كېرەك. بولۇپمۇ دېھقانلارنى ئەينەن يېزىش، كۆپلەپ يېزىش كېرەك. سەۋەبى، ئۇلار مىللەتتە ھەقىقىي ۋەكىللىك قىلالايدۇ. ئۇلار ئاساسىي خەلق، بىر مىللەتكە خاس بولغان نۇرغۇن ئېسىل نەرسىلەر دېھقانلاردا ساقلانغان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشى ئاستا بولىدۇ. ئۇلار يەرلىك ئادەت، يەرلىك تىل، مىللىي مەدەنىيەتكە ئامراق. مەن سىلەرنىڭ ھازىرقى زامان تىلىڭلاردا يېزىلغان نەرسىلەرنى ئوقۇپ باقتىم. تىل ئادىتىڭلار، تىلدىكى مىللىي خۇسۇسىيەتلەردە ئۆزگىرىش كۆپ ئىكەن. سىلەر ئۆز تىلىڭلارنىڭ خۇسۇسىيىتى بويىچە جۈملە تۈزۈشۈڭلار كېرەك.

بىز ئۇنىڭ خۇسۇسىي كۇتۇپخانىسىدا ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ھاياتى، تىلى ۋە تېررىتورىيە، ئېتنوگرافىيىسىگە دائىر نۇرغۇن بۇيۇم، رەسىم، يازمىلارنى كۆردۇق. موماي ماڭا «تىيانشان» تېغىنى كۆرسىتىپ:

— بۇ تاغنى ھازىر «تەڭرىتاغ» دەيسىلەر. بىلەمسىز، قاچاندىن باشلاپ «تەڭرىتاغ»

دەپ ئاتىدىكەنلار؟ ئۇنىڭ ئالدىدا بۇ تاغنى نېمە دەيتتىكەنلار؟ — دەپ سورىدى.

مەن بۇ سوئالغا توزۇك جاۋاب بېرەلمىدىم. ئۇ تاماققا كېتىۋېتىپ ئالدىدىكى قارلىق تاغقا قاراپ:

— شەرقنى تەتقىق قىلغۇچى غەرب ئالىملىرى كۆزگە ئوگاي كۆرۈنىدىغان ھىمالايا تېغىنىلا كۆرىدۇ. ئېگىز تاغلارنىڭ ئېرىسىدىكى پاكار تاغلا ئىچىدە نۇرغۇن خىسلەتلەر بار. سىلەر ئۆزۈڭلار نۇرلانىمساڭلار باشقىلار سىلەرنى ئوگاي كۆرەلمەيدۇ! — دېدى.

مەن ئۇنىڭ بۇ مەنىلىك سۆزىدىن: سانى ئاز، ئورنى تۆۋەن مىللەتلەر ئىچىدە نۇرغۇن بايلىقلار بار. ئاسىيادىكى چوڭ مىللەتلەرنىلا تەتقىق قىلماستىن، ئۇششاق مىللەتلەرنىمۇ تەتقىق قىلىش كېرەك، دېگەن مەنىنى چۈشەندىم.

ئارقىدىنلا ئۇ، چىڭغىز ئايتماتوۋنى ماختاپ سۆزلىدى:

— «ئەلۋىدا، گۈلسارە» ئاجايىپ ياخشى يېزىلغان، پېرسوناژلىرى چوڭقۇر. يازغۇچى بىر مىللەتنىڭ ئومۇمىي تەرىپىگە، ئومۇمىي خەلقىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان بولۇشى كېرەك. «ئاق پاراخوت» دىكى پېرسوناژ قانداق ياخشى. ئۇ ئۆز پېرسوناژىنى بايان قىلىشقا ھەقىقەتەن ماھىر ئىكەن. بۇ ئەسەردىكى بالا ئۆلىدۇ، لېكىن ئۇ مەڭگۈ ھايات، ئۇ خەلقىنىڭ قەلبىدە ياشايدۇ. مانا بۇ «ئاق پاراخوت» نىڭ مۇۋەپپەقىيىتى. سىز خەلقىڭىزنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلالىسىڭىز، دۇنيا خەلقىنىڭ ئالقىشىغا ئىگە بولالايسىز. لېكىن بۇنىڭغا ئېرىشىش تولىمۇ مۈشكۈل.

ئۇ بىزنى پاكىزە ئاشخانىغا باشلاپ كىردى. ئۈستەلدە خىلمۇخىل گۆشلەرنىڭ تىزىملىكى بار ئىكەن. مىجەزىم ئىككىمىز كىيىك گۆشى بىلەن، موماي چۈجە، غاز گۆشى بىلەن، گۆشى، باللار توخۇ گۆشى بىلەن غىزالاندۇق. مومايىنىڭ ئىشتىھاسى ياخشىكەن.

86 ياشقا كىرىپ بىز بىلەن ئوخشاش غىزالىنىۋاتقان، تېنى، زېھنى - خاتىرىسى ساغلام مومايىنىڭ كەچۈرمىشلىرى توغرىسىدا پاراڭلاشتۇق. ئۇ 1930 - يىلى بېيجىڭغا بارغان. ئۇ چاغلاردا ياپونىيە ئالىملىرىمۇ شىنجاڭ توغرىسىدا تەتقىقات ئىشلىرىنى باشلىغان. 1927 - يىللىرى گابائىن خانىم ياپونىيىگە بېرىپ بىر يىل دەرس ئۆتكەن. ئۇ چاغدا ياۋروپا تۈركلوگىيىگە قىزىقمايتتىكەن. بىرلا بېرلىندا تەتقىقات ئورنى بار ئىكەن. تۈركلوگىيىگە دائىر كىتابلارنى ھېچكىم ئالمايدىكەن. ئۇلارنىڭ مائاشى تۆۋەن، لېكىسىيە پۇلى، قەلەم ھەققى دېگەنلەر يوق ئىكەن. گابائىن خانىمنىڭ بۇ ئىشنى تاللىغىنىغا ئۇرۇق - تۇغقان، ئەل - ئاغىنىلىرى نارازى بولىدىكەن. «ئۆمۈرنى زايە قىلىش»، «ئىستىقبالسىزلىق» دەيدىكەن ئۇلار گابائىن خانىمنىڭ بۇ ئىشنى تاللىغىنىدىن خاپا بولۇشۇپ. خانىم ئۇ چاغلار (30 - يىلى) دا 29 ياشلىق قىز ئىكەن. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىنى پۇل تۆلەپ باستۇرىدىكەن، بىرمۇ قېتىم قەلەم ھەققى ئالماپتۇ. ئۇ ياشلىقىدىن تارتىپ ستراخۋانىيە شىركەتلىرىگە پۇل تۆلەپ كەلگەنىكەن. ھازىر شۇ ئورۇنلادىن

ئېيىغا ئۈچ مىڭ مارك پۇل ئالىدىكەن. بۇ پۇل ئۇنىڭ پېنسىيە پۇلى ئىكەن.

— ھازىرقىلار ياخشى، ھازىر تۆت ئۇنىۋېرسىتېتتا بۇ ساھەدە دۇنياغا تونۇلغان تۆت پروفېسسور بار. ئۇلار يۇقىرى ئىش ھەققى، لېكسىيە ھەققى، قەلەم ھەققى ئالىدۇ. مېنىڭ تۇغقانلىرىم ھازىر ماڭا چاقچاق قىلىپ، سەن بالدۇر تۇغۇلۇپ قالغانسەن، دېيىشىدۇ. دېمىسىمۇ مەن كىتابلىرىم ئۈچۈن قەلەم ھەققى ئالمىدىم. ئۇيغۇرلار توغرىسىدا يېزىلغان كىتابلارنىڭ خېرىدارلىرىمۇ ئاز ئىدى. ھازىرچۇ؟ بەزىدە ئىلمىي لېكسىيە قىلىپ 400 — 500 مارك تاپىمەن. لېكىن ئارقىدىنلا باجخانا خادىملىرى باج ئالغىلى يېتىپ كېلىدۇ!

ئۇ بۇ گەپلەرنى قىلىپ قاقاقلاپ كۈلدى، بىزمۇ كۈلۈشتۇق.

ئۇ تۆۋەندىكى ياتاقخانىسىدا ئون مىنۇت ئۇخلىۋالدى. بىز ئۈستۈنكى قەۋەتتە قىرائەتخانىدا ئۇنىڭ كىتابلىرى بىلەن بولدۇق. ئۇ ئاخىرىدا بىزنى ياۋروپا ئادىتى بويىچە تورت، كوفى ۋە چاي بىلەن مېھمان قىلدى. بۇ نەرسىلەرنى ئۇ ئۆز قولى بىلەن تەييارلىدى. بىز بىللە رەسىملەرگە چۈشتۇق. ئۇ بىز بىلەن تەستە خوشلاشتى.

مەن شۇنىڭدىن كېيىن ميۇنخېن، فرانكفورت، بېرلىنلاردا بولدۇم. ھەممىلا جايدا، ھەتتا ئەڭ ئاخىرىدا دېموكراتىك گېرمانىيىنىڭ پايتەختى شەرقىي بېرلىندا يۈرگەن چاغلىرىدىمۇ پۈتۈن ئۆمرىنى بىزگە بېغىشلىغان مەريەم ئانا — گابائىن خانىمنىڭ خۇشخۇي چىرايى مەن بىلەن بىللە بولدى.

ھايات شۇنداق بىر قانۇنىيەتنى كەشپ قىلغان: تاماسىز، ھالال ئەمگەك بىلەن كىشىلەر قەلبىدىن ئورۇن ئالغانلار ھامان ئۆلمەيدۇ.

1988 - يىل، يانۋار. بېرلىن - بېيجىڭ - ئۈرۈمچى.

---

(بېشى 79 - بەتتە)

«مەھمۇدى» ياكى باشقا تەخەللۇس ئىشلەتكەنلىكى ھەققىي يوسۇندا ئىسپاتلىنىشى لازىم. ئىلىم - پەن ئۆزىنى قوغداشقا قادىر. ئۇنىڭدا يېقىنلىشىشنىڭ بىرىنچى شەرتى راستچىللىق!

4. ھامۇت مەھمۇدىنىڭ ماقالىسىدىكى «تەزىيە مەكتۇپى»، «ئىسيان» ۋە «ئالتۇن كەمەر» دىن ئىبارەت ئاساسلىق بىرقانچە مەنبە ئانالىز بىلەن ئىسپاتلىنىشى كېرەك! ئۇنىڭ ھەققىي مۇئەللىپى ياكى تەھرىر - تولۇقلىغۇچىسى زادى كىم؟

ئۇنىڭدىن باشقا «ساجى» مەدرىسى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مەزىرى ئالدىدىمىدى؟ مەھمۇد ھېكىمبەگ زامانىدا ئۇ مەۋجۇتمىدى؟ ئاتۇشنىڭ يەر، سۇ شارائىتىدا ئۆستەڭلەردە پەقەت بىر تاشتىن - بىر تاشتىن تۈگمەن بولاتتى. ئۆستەڭلەر قوشۇلۇپ ئاخىرلاشقان توقاي يېزىسىدىلا ئىككى تاشلىق تۈگمەن بولغان. بىزنىڭ باغرىقىنىڭ بېشىدا بىر، ئايىغىدا بىر تاشلىق تۈگمەن بار ئىدى، ھېلىمۇ شۇنداق ئىكەن تۆت تاش تۈگمەن ئۈچۈن ئىككى - ئۈچ يېزىنىڭ ئىگىسى بولۇشقا توغرا كېلىدۇغۇ!

بولدى، بەس! ھازىرچە مۇشۇ يېتەرلىك بولار.

ئۆمەر ھەسەن

# شېئىرلار

## سۈزۈك شەبنەم

سۈزۈك شەبنەم، ئاھ، سۈزۈك شەبنەم،
ساما قىزى تۆككەن قەترىلەر،
جۇلالىغان ياپراقتا كۆركەم،
سۆيگۈ سىلەر، مۇھەببەت سىلەر،
ساما قىزى تۆككەن قەترىلەر.

سۈزۈك شەبنەم، ئاھ، سۈزۈك شەبنەم،
سىلەر ئۈچۈن سۆيگۈ بىردەملىك.
قۇچاقلاشلار ياپراقنى مەھكەم،
ھىجران ئېغىر، ھىجران ئەلەملىك،
سىلەر ئۈچۈن سۆيگۈ بىردەملىك.

سۈزۈك شەبنەم، ئاھ، سۈزۈك شەبنەم،
يەرگە زىنھار كەتمەڭلار سىڭىپ.
سىلەر ئۈچۈن تۇتىدۇ ماتەم
سەرسان ياپراق كۆيۈپ-ئۆرتىنىپ،
يەرگە زىنھار كەتمەڭلار سىڭىپ.

## تېپىۋالدىم ياشلىقىمنى ساھىللىرىڭدىن...

ئىللىق قۇياش قۇتلۇقلىغان گۈزەل بىر سەھەر
كەلدىم يەنە، ئانا دەريا، ساھىللىرىڭغا.
خىرەلەشكەن ھېسلىرىمنى ئويغاتتى بىر كۈي،
تۇتقۇن بولدۇم ماڭا تونۇش شاۋقۇنلىرىڭغا.

ياشلىقىمنىڭ چۇقانلىرى مۇجىغان كۆكسۈمنى
ياققۇم كەلدى قايتا ئويناق دولقۇنلىرىڭغا.

قىرغاقلارنى سۆيۈپ ئاققان زىلال سۈيۈڭدەك،
سۆيۈندۈرگەن بىر چاغلىرى مېنى ياشلىقىم.
ئاھ، ئۇ دەملەر يارىم بىلەن كېلىپ ھەر سەھەر،
كۈيلىرىڭنى ئاڭلار ئىدۇق ساھىلىڭدا جىم.
ئەمدى تەنھا ئولتۇرىمەن مۇڭلارغا چۆكۈپ،
يېنىمدا يوق مېنىڭ سۆيگەن قەلەم قاشلىقىم.

سۆيگۈ بىلەن تاڭنى كۈتەر ئىدۇق ئىككىمىز،
يۆگىمەچتەك چىرمىشاتتى مېھىرلىك قوللار.
ئۆركەشلىرىڭ ئالقىش بىلەن چاچاتتى ئۈنچە.
ھىدىمىزنى ئەپقاچاتتى سەلكىن شاماللار.
شاۋقۇنىڭغا جۆر بولاتتۇق ناخشىلار توۋلاپ،
مەست قىلاتتى بىزنى شۇنداق ئىزگۈ ئاھاڭلار.

ساھىلىڭدا ئويناپ-كۈلۈپ يوقاپتۇ ياشلىق،
ئانا دەريا، سۇلىرىڭغا سىڭدىمۇ ياكى؟
بويۇڭدىكى ياشلىقىمنىڭ شاھىدى بولغان
مەجنۇنتالمۇ ئېگىلىپتۇ ئەمدى مەن كەبى.
قىرلىرىڭدا ئۆسكەن يېشىل چىمەنلىرىڭدىن
ئۇرۇلدۇ دىمىقىمغا ياشلىقىم ھىدى.

ئەسلىمىلەر گۇۋاھچىسى ئەي ئانا دەريا،
ئۈزەلمىدىم ھېسلىرىمنى دولقۇنلىرىڭدىن.

سەبىي چاغلار بويلىرىغدا ئېيتقان ناخشامنى
قايتا يەنە ئاڭلىۋالدىم شاۋقۇنلىرىڭدىن.
يۈرىكىمنىڭ غەۋغالىرى تىنىجىدى بىر پەس،
تېپىۋالدىم ياشلىقىمنى ساھىللىرىڭدىن.

## تىللىماڭلار كېچىلەرنى

تىللىماڭلار كېچىلەرنى، شائىرلار،
كېچە بىزگە سۆيگۈ بەرگەن، ھېس بەرگەن.
شىرىن ۋىسال ئىزلەر تۈندە ئاشىقلار،
ئىزگۈ ھېسلار شۇ كېچىدە تۆرەلگەن.

تىللىماڭلار كېچىلەرنى، شائىرلار،
كېچىلەرمۇ تاڭ پەيتىدەك چىرايلىق.
تاڭدا قۇياش كۈلسە چېچىپ زەر نۇرلار،
تۈندە يۇلتۇز، ئاي كۈلىدۇ جۇلالىق.

تىللىماڭلار كېچىلەرنى، شائىرلار،
سىرىڭلارنى ساقلايدۇ ئۇ ئىندىمەي.
پىچىرلاشلار، لەۋ يېقىشلار، كۈلۈشلەر...
ھەممىسىنى پىنھان تۇتار بىلدۈرمەي.

تىللىماڭلار كېچىلەرنى، شائىرلار،
ئۇنىڭسىز تاڭ نېسىپ بولماس ئىنسانغا.
كېچە ئۇچۇن قوزغالمامدۇ ھېسسىڭلار؟!
نەزىرىڭلار چۈشەر پەقەت تاڭلارغا.

تىللىماڭلار كېچىلەرنى، شائەرلار،
كېچىنىڭمۇ خىسلىتى بار ئۆزگىچە.
قەدىرلىكتۇر كېچىلەرمۇ، بىلىڭلار،
سۆيۈندۈرەر كۆڭۈللەرنى ھەر كېچە.

ئەركىن مۇھەممەت

# زېمىن لىرىكىلىرى

## چاقماق ناخشىلىرى

تەبىئەت يېشىللىقتىن ئىچكەندە مەي،
گۈزەللىك تۈيغۇسىدىن كۈلدى يۈرەك.
ھېسلىرىم باھارىمغا ئىسقىرتتى نەي،
ئىلھامىم تەبىئەتكە سۇندى پۈرەك.

نۇر ئىچرە تاۋلىنىندۇ گۈل تەبىئەت،
رۇمكىلار سوقۇشتۇردۇم قۇياش بىلەن.
سۆيگۈمنى ئالدى ئەسىر بىر مۇھەببەت،
چېھرىم ھەم دوست تارتىشىپ ئوتقاش بىلەن.

دەريالار چوقان سالار شادلىق ئىچرە،
گىياھلار يېشىللىقتىن رەڭ تۈزۈشكەن.
نۇر چاچقۇ چاچار ساما گىرە-گىرە،
جۈپ لەۋلەر سۆيگۈلەردىن گۈل ئۈزۈشكەن.

بىر مۆڭلۈق كۈي ئېيتىدۇ ئۆز تەبىئەت،
كۈيلىرى يۈرەكلەرنى ئەيلەيدۇ مەست.
ئىجادىم ياپرىقىدا مىڭ مۇھەببەت
گوياكى شەبنەم بولۇپ چاقنار شۇ پەيت.

## ئاقلىق سۆيگۈسى

ئاق كېچە، كۆكتە يۇلتۇز جىمىرلايدۇ،
تەبىئەت ئاقلىق ئىچرە قىلار سۈكۈت.
جىسمىمدا يۇمران سۆيگۈ دولقۇنلايدۇ،
قەلبىمدە يالقۇنجىتىپ بىر قىزدىق ئوت.

تىكىلگەن قارچۇقلىرىم بۇلاقلارغا،
قەدەھلەر قەدەھلەرگە ئۇرۇلغاندەك.
ئاڭلىنار ياڭراق ناخشا قۇلاقلارغا،
تەبىئەت ناخشىدىنلا تۇغۇلغاندەك.

بۇ ياڭراق ناخشا مېنى غىدىقلايدۇ
دىللارغا سىڭىپ لەرزان سۆيگۈ بىلەن.
جىسمىمغا ئىزگۈ ئاقلىق بېغىشلايدۇ
ئالەمچە مۇھەببەتلىك تۇيغۇ بىلەن.

ئاق زېمىن، ئاپئاق زېمىن، قالدى مەندە
بۇ كېچە ئاق پەردەك سىيماڭ سېنىڭ.
ئاقلىقنىڭ ئىزنالىرى كۆپ سېنىڭدە،
ئاقلىقتىن ئالدى ئۆرنەك قەلبىم مېنىڭ.

### شېئىرلىرىم

شېئىرلىرىم گوياكى چولپان،
چاقناپ تۇرار تىلەكلىرىمدە.
شېئىرلىرىم بىر ئەزىم دەرياء
دولقۇنلايدۇ يۈرەكلىرىمدە.

شېئىرلىرىم باھار ئەلچىسى،
چاقنار گۈلنىڭ پورەكلىرىدە.
شېئىرلىرىم يىللار تامغىسى،
ئىزناسى بار ئىڭەكلىرىدە.

شېئىرلىرىم چوپان ناخشىسى،
جاراڭلايدۇ تاغلار كۆكسىدە.
شېئىرلىرىم بىر جاھاننەما،
دۇنيا ئايان ئۇنىڭ ئەكسىدە.

شېئىرلىرىم ئىلھام پەرىسى،
باشلار مېنى ئىجاد قەسرىگە.
شېئىرلىرىم ۋىسال مەيىسى،
سەپەر قىلسام يېڭى ئەسىرگە.

شېئىرلىرىم قەلبىم سىيماسى،
ئۈمىدلىرىم چاقنار بەرگىدە.
شېئىرلىرىم ھايات سادﺍسى،
باشلار مېنى پارلاق ئەتىگە.

ئىلھام ئاتاۋۇللا

# ھەر سەھەردە چېچەك ئاچار گۈل

## ئاق چېچەك

ياغدى چېچەك زەڭگەر ئاسماندىن
گويا كۆركەم باھار پەسلىدەك.
يېڭى ئۈمىد تۇغدۇرۇپ دىلدا،
ماڭا كۈلۈپ باقار كېلەچەك.

جىلۋە قىلىپ چۈشكەچ ئاق چېچەك،
ئېھ! ئەتراپنى قاپلىدى ئاقلىق.
دىلدا يانار ئاقلىق سۆيگۈسى،
قەلبىم ھامان ئىستەيدۇ پاكلىق.

بار قاياقتا بۇنداق گۈزەللىك
دەل-دەرەخمۇ ئاچقان ئاق چېچەك.
يوللىرىمغا چېچەك پايانداز،
ھەر قەدەمدە يېڭى بىر تىلەك.

كۆزلىرىمنى چاقنىتار ئاقلىق
تەبىئەتنى يۆركىگەچ چېچەك.
قۇچار دىلنى ئۇلۇغۋار ئارزۇ،
ئاق چېچەكتەك بولسا ھەر يۈرەك.

## گۈل

خۇش پۇراقتا تولدۇرۇپ دىلنى،
ھەر سەھەردە چېچەك ئاچار گۈل.
مەپتۇن قىلىپ ھۆسنى يۈرەكنى،
ئەتراپىغا ئىپار چاچار گۈل.

بۇلبۇل گۈلنىڭ ئىشقىدا شۇڭا
ئېيتار غەزەل تۈن ۋە ناھاردا.
گۈل - گۈلىستان بولۇر يۇرتىمىز
ھۆر پەسىللەر تاجى باھاردا.

گۈزەللىكنى سۆيمەس ئىنسان يوق،
گۈزەللىكنىڭ سىمۋولىدۇر گۈل.
بېغىشلىغاچ ئۇ جانغا ھۇزۇر،
گۈزەللىككە تۇتاش پاك كۆڭۈل.

ھالال مېھنەت مەھسۇلىدۇر گۈل،
ئۇندا ئەمگەك تەرىم مۇجەسسەم.
گۈلگە ئوخشار غۇبارسىز قەلبىم
گۈزەللىككە تەلپۈنەر ھەردەم.

كېرىم سۇلايمان

# شېئىرلار

## ئاشىق قۇياش

قايتتى ھىجران - تەشنالىقنىڭ ئىلكىدە،
سېخىيلارچە سەپىرىدىن زەر قۇياش.
كۆمۈش چوققا — نىگارىنىڭ كۆكسىگە
قىزارغانچە خىجىللىقتىن قويدى باش.

ھايال ئۆتمەي غايىب بولدى كۆزدىن ئۇ،
گىرە سالغان پېتى زېمىن بويىنغا.
ئېھتىمالىم، شۇ تاپ سىڭىپ كەتكەندۇ
پاك سۆيگۈدىن ئېرىپ زېمىن قوينىغا.

## قار ئاستىدا ئۇخلايدۇ غازاڭ...

قار ئاستىدا ئۇخلايدۇ غازاڭ
غەمسىز ھالدا، شېرىن چۈش كۆرۈپ.
دەۋران سۈرگەن ئىدى بىر چاغلار
بېشىللىقنىڭ سۇلتانى بولۇپ.

جۇدا ئېلدى تەختىدىن — شاختىن
كەچ كۈز ئاخشام شۇرىغان سوقۇپ.
چېرىپ ئاخىر تۈگىدى تامام
پەسىللەردىن پەسىللەر ئۆتۈپ.

باھارنىڭ شوخ ئەركىسى شامال
ئەمدى ئۇنى قويالماس سۆيۈپ.
كەچمىشىدىن ئاشۇ غازاڭنىڭ
تۇرۇپ قالدىم خىياللار سۈرۈپ...

## يۈرىكىم چېچىلدى...

لىرىكلىق ئېتىزغا،
تاغ، دەريا ۋە دېڭىزغا،
قۇياش، ئاي ھەم يۇلتۇزغا،
ئاھۇ كۆزگە، شەھلا كۆزگە، قوي كۆزگە...
يۈرىكىم
سۆيگۈ ئىزدەپ چېچىلدى...
ئەزەلدىنلا بەخت - قايغۇ قوش ئىكەن،
سانىسىز ۋىسال، ھىجران گۈلى ئېچىلدى..

ھېزىم قاسىم

## ئەدەبىي ئاخبارات يېزىقچىلىقى ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرى

ئېپىك، لىرىك ۋە دراماتىك پوئېزىيىگە تەۋە بولغان بارلىق ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى بىلەن بىر قاتاردا تۇرالايدىغان، ئەمما ئۆز ئالدىغا ئالاھىدە تۈپ خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولغان ئەدەبىي ئاخبارات ژانىرىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى سېپىدە ئۆز ژانىر ئالاھىدىلىكىنى يوقىتىپ قويۇۋاتقانلىقى ۋە كىتابخانىلارنىڭ بۇ ژانىرنى بارا - بارا ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇۋاتقانلىقى كەڭ نەزەرىيە خادىملىرى ۋە تەقرىزچىلەرنىڭ جىددىي دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىشى لازىم بولغان بىر مۇھىم مەسىلە بولۇپ قالدى.

ئەدەبىي ئاخبارات ژانىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە ئاخباراتچىلىقىغا قانداقتۇر يېقىندىن كىرىپ كەلگەن ياكى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىلغار ئەدەبىياتى ۋە ئاخباراتچىلىقىنىڭ تەسىرىدە يېقىندىن پەيدا بولغان ژانىر ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە ئاخباراتچىلىقىدا ئەزەلدىن بار بولغان، ئالاھىدە نەتىجىلىرى بىلەن زور تەسىرگە ئىگە بولغان بىر خىل ژانىر. لېكىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا خىلمۇ خىل ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي سەۋەبلەر، ئوخشىمىغان ئىدىيىۋى كۆز قاراش ۋە توسالغۇلار تۈپەيلىدىن بۇ ژانىر ئۇنتۇلۇش ۋە يوقىلىپ كېتىش گىردابىغا چۈشۈپ قالدى. ھەرخىل سەۋەبلەر ئىچىدە «ئەدەبىي ئاخبارات ئىجادىيەت ئەمەس» دېگەن كۆز قاراش مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ئايرىم ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي سەۋەبلەرمۇ بار، ئەلۋەتتە.

ئۇنداق بولسا، ئەدەبىي ئاخبارات ژانىرى بويىچە يېزىلغان ئەسەرلەر راستىنلا ئىجادىيەت ھېسابلانمامدۇ؟ ياق، مۇنداق كۆز قاراش تۈپتىن خاتا. چۈنكى ئەدەبىي ئاخبارات ژانىرى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە ئاخباراتچىلىقىنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن بىللە بارلىققا كەلگەن، ئۇنىڭ گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ مەلۇم ۋاقىت گۈللەنگەن ژانىر. بۇ ژانىر بويىچە يېزىلغان ئەسەرلەر ئىجادىيەت ھېسابلىنىپلا قالماستىن، بەلكى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل خۇسۇسىيەت ۋە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ئالاھىدە بىر خىل ئىجادىيەتتۇر. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى قەيەردە؟

ئەدەبىي ئاخبارات ژانىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى سۆزلەشتىن ئىلگىرى، بارلىق ئە-

دەبىيات ـ سەنئەت ۋە بارلىق تەشۋىقاتنىڭ «ئادەم ـــ مەقسەت، ئادەم ـــ مەركەز» دېگەن مۇشۇ تۈپ ئىدىيىۋىلىك ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىغا توغرا كېلىدۇ. ئۇرگانىك دۇنيا، جەمئىيەت ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات تارىخى ھەممە تارىخ ـــ ئەدەبىيات ۋە ئاخباراتنىڭ ئوبيېكتى. لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئادەمدىن ئايرىلالماي- دىغانلىقى ئۈچۈن، ئەدەبىيات ۋە ئاخباراتنىڭ ئاساسلىق ئوبيېكتى يەنىلا ئادەمدۇر. شۇنداق ئىكەن، ئەدەبىي ئاخبارات مۇشۇ «مەقسەت» ۋە «مەركەز» دىن تېخىمۇ ئاي- رىلىپ كېتەلمەيدۇ، بەلكى مۇشۇ «مەركەز» ۋە «مەقسەت» نى گەۋدىلەندۈرۈشنى ئۆز ژانىر ئالاھىدىلىكىنىڭ تۈپ ئېھتىياجىغا مەنبەسى قىلىدۇ.

«ئادەم ـــ مەقسەت»، «ئادەم ـــ مەركەز» دېگەن ئىدىيىنى ئۆز ژانىر ئالاھىدىلى- كىنىڭ تۈپ ئېھتىياجىغا مەنبەسى قىلغان ئەدەبىي ئاخبارات ژانىرى ئادەمنى قانداق ئىپادىلەيدۇ؟

ئەدەبىي ئاخبارات ژانىرى ئادەتتىكى ئادەمنى ئەمەس، بەلكى ئالاھىدە ئەمگەك نەتىجىلىرى بىلەن بەلگىلىك ئاخبارات قىممىتىگە ئىگە بولغان ئالاھىدە ئادەمنى ئى- پادىلەيدۇ.

ئەدەبىي ئاخبارات ژانىرى ئالاھىدە ئاخبارات قىممىتىگە ئىگە بولغان ئالاھىدە ئادەمنىڭ ئىش پائالىيەتلىرىنى خەۋەر قىلغاندا، ئادەمنىڭ ئاڭ ۋە ئىرادە جەھەتتىكى نوقۇل بىر تەرەپلىمىلىكلىكىنى ئەمەس، بەلكى ئىككى تەرەپلىمىلىكلىكىنى، يەنى ئا- دەمنىڭ ۋۇجۇدىدا ياخشىلىق بىلەن يامانلىقلىقتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنىڭ تەڭلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى كونكرېت مەزمۇنلار ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ ھەمدە ئا- دەمنىڭ ئىرادە جەھەتتىكى ئىككى ياقلىمىلىقىنىڭ بىر تەرىپىنى تەشكىل قىلىدىغان سەلبىي ئامىللارنى يېڭىپ، ئۇنى ئىجابىي ئامىلغا ئايلاندۇرۇش جەھەتتىكى ئالاھىدە جەريانىنى ئادەمنى يېزىشتىكى مەقسەتنىڭ مەقسىتى، مەركەزنىڭ مەركىزى قىلىدۇ. چۈنكى بۇ جەريان (مەيلى ئۇ مەغلۇبىيەتلىك جەريان بولسۇن) ئادەمنىڭ ئالاھىدە ئاخبارات قىممىتىگە ئىگە ئىش پائالىيىتىنىڭ ئاساسىي جەريانى بولۇپ، ئادەم پەقەت مۇشۇ جەرياندىلا ئوبيېكتىپ قىممەتكە ئىگە بولالايدۇ. ئەدەبىي ئاخباراتتا ئىپادىلىنىدىغىنى ئادەمنىڭ مۇشۇنداق ئوبيېكتىپ قىممىتى بولۇپ، ئاپتور مۇشۇنداق ئوبيېكتىپ قىممەت ئارقىلىق ئادەمگە سوبيېكتىپ ئورۇن بەخش ئېتىدۇ ۋە ئادەمنىڭ سوبيېكتىپ ئوبرازىنى يارىتىدۇ.

«ۋەتەن ھەممىدىن ئەلا» ناملىق مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئاخبارات ئەسىرى بىزنى بۇ جەھەتتە قىممەتلىك ئەمەلىي ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ ئەدەبىي ئاخباراتتا، ئالدى بىلەن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1980 - يىلىنىڭ باشلىرىدا ئېلان قىل- غان زىيالىيلار سىياسىتىگە ئالاقىدار قارار ۋە بەلگىلىمىلىرىنىڭ روھى كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا پۈتۈن مەملىكەت ۋە پۈتۈن دۇنيا خەلقى بىلىپ قېلىشقا تېگىشلىك بولغان، ئالاھىدە ئاخبارات قىممىتىگە ئىگە مۇنداق بىر زور ۋەقە ئەكس ئەت- تۈرۈلگەن:

1938 - يىلىنىڭ مەلۇم بىر تاڭ سەھىرىدە قول ھارۋىسى ۋە رىكشىلار ئاساسىي قاتناش قورالى سۈپىتىدە دەۋران سۈرۈۋاتقان جۇڭگو زېمىنىدىن چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىققان ئوقۇغۇچى ۋاڭ يۇنفېڭ ئىچىدىن ياندىغان دېۋىگاتېل بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان گېرمانىيىنىڭ ئىلغار سەۋىيىلىك پاراخوتىغا ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقىنىدا، شۇ دەۋر پەن - مەدەنىيىتىنىڭ گۈلتاجىسى بولغان ئىچىدىن ياندىغان دېۋىگاتېلى بولمىغان جۇڭگونىڭ گىراژدانى بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، چەت ئەل ئەجنەبىيلىرى تەرىپىدىن كەمسىتىلدى، مازاق قىلىندى ۋە ھاقارەتلەندى. ھاقارەتنى كۆڭلىگە مەھكەم پۈككەن ۋاڭ يۇنفېڭ باشقا مەملىكەتكە ئەمەس، بەلكى دەل گېرمانىيىگە بېرىپ ئىچىدىن ياندىغان دېۋىگاتېل تېخنىكىسىنى ئۆگىنىپ، ئازادلىقتىن كېيىن ۋەتەنگە قايتىپ كېلىدۇ. ۋاڭ يۇنفېڭ ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن 1951 - يىللىرى جۇڭگونىڭ مۇھىم شەھەرلىرىدە ئۇرۇشتىن ئىلگىرى ئېلىنغان ئاز ساندىكى ئاپتوموبىللار پەيدا بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما ئىچىدىن ياندىغان دېۋىگاتېل ياساش تېخى كىشىلەرنىڭ چۈشىگىمۇ كىرىپ باقمىغان ئىش ئىدى. ۋاڭ يۇنفېڭ بۇ ۋەزىپىنى دادىللىق بىلەن ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، ۋەيرانە بىر رېمونت زاۋۇتىنى تانكا زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىپ چىقىدۇ. ۋاڭ يۇنفېڭنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك جاپالىق كۈرىشى ئارقىلىق جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى جۇڭگو ئىشچىلىرى، ئىنژېنېر ۋە تېخنىكلىرى ئۆزى لايىھەلەپ، ئۆزى ياساپ چىققان، ئىچىدىن ياندىغان دېۋىگاتېل بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان تۈركۈم - تۈركۈم تانكا ۋە ئاپتوموبىللارغا ئىگە بولىدۇ. ۋەھالەنكى، ئۇزۇن ئۆتمەي جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىچىدىن ياندىغان دېۋىگاتېل كەسپىنىڭ بوۋىسى بولغان ۋاڭ يۇنفېڭ «گېرمانىيىنىڭ ئىشپىيونى» دېگەن بەدنام بىلەن تۇتۇپ كېتىلىپ، ئۇزۇن مۇددەت ئىش ئورنىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. 60 ياشقا كىرىپ قالغان ۋاڭ يۇنفېڭ مەلۇم كۆمۈر كانىدا ئىشلەۋېتىپ، جۇ ئېنلەي، دېڭ شياۋپىڭلارغا خەت يېزىپ، ئۆزىگە خىزمەت بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ، ئەمما جىددىي سىياسىي كۈرەشلەر تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمايدۇ. ئۇ پەقەت پارتىيىنىڭ زىيالىيلار سىياسىتى ئېلان قىلىنىشىنىڭ ھارپىسىدا 5 - ماشىنىسازلىق سانائىتى مىنىستىرلىكىنىڭ پارتىيە گۇرۇپپىسى، دۆلەت مۇداپىئە ئىشخانىسى ۋە ۋاڭ جېن مۇئاۋىن مىنىستىرنىڭ غەمخورلۇقىدا 5 - ماشىنىسازلىق سانائىتى مىنىستىرلىكى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەكلىپ قىلىنىدۇ. ئۇزۇن مۇددەت روھىي ئازابقا ئۇچرىغان ۋاڭ يۇنفېڭ يېڭى خىزمەت ئورنىدا يېڭى روھ، يېڭى جاسارەت بىلەن XXI ئەسىر ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى تېخنىكىسى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۆمۈر بويى ئىلىم - پەن يولىدا تىرىشىپ ئىزدەنگەن، ئىزدىنىش جەريانىدا شان - شەرەپكىمۇ ئىگە بولغان، ئەمما ئىزدىنىمەن، دەپ دەپسەندە قىلىنىشقىمۇ ئۇچرىغان ۋاڭ يۇنفېڭ ئۆز كەچۈرمىشلىرىدىن ئەڭ ئۇلۇغ، لېكىن ئەڭ ئاددىي بولغان مۇنداق بىر ھەقىقەتنى يەكۈنلەپ چىقىدۇ: ۋەتەن ھەممىدىن ئەلا.

«ۋەتەن ھەممىدىن ئەلا». ۋەتەن ھەممىدىن ئەلا بولمىغان بولسا، ئىچىدىن ياندىغان دېۋىگاتېل تېخنىكىسى بويىچە «بوۋا» ھېسابلىنىدىغان ۋاڭ يۇنفېڭنىڭ تەقدىرى

قانداق ئېچىنىشلىق كۆڭۈلەرگە قالدۇرغانلىقى بۇ ئەدەبىي ئاخباراتتا كىشىنى چىن كۆڭ-
لىدىن قايىل قىلىدىغان كونكرېت پاكىتلار ئارقىلىق ناھايىتى جانلىق سۈرەتلەپ كۆر-
سىتىپ بېرىلگەن. كىتابخانلار بۇ ئەدەبىي ئاخباراتنى ئوقۇغاندىن كېيىن مۇنداق
ئىككى ئالاھىدە ئاخباراتقا ئىگە بولىدۇ: بىرى، جۇڭگو ماشىنسازلىق سانائىتىنىڭ تۇغۇ-
رۇكى بولغان ئىچىدىن ياندىغان دىۋىگاتېل مېخانىكىسىنىڭ، قانداقتۇر،
چەت ئەلدىن ئىمپورت قىلىنغان تېخنىكا بولماستىن، بەلكى جۇڭگو
ئىشچىلار سىنىپى ۋە ئىنژېنېر، تېخنىكلىرىنىڭ مۇستەقىل، ئۆزىگە - ئۆزى خوجا بولغان
ھالدا، ئۆز كۈچى ۋە ئەقىل - پاراسىتىگە تايىنىپ، ئۆزى لايىھىلەپ، ئۆزى ياساپ چىققان
مۇستەقىل ئىجادىيەت ئىكەنلىكى؛ يەنە بىرى، بۇ كەشپىياتنىڭ بۈۋىسى باشقا بىرسى
ئەمەس، بەلكى ئۆز ۋاقتىدا غۇرۇرى دەپسەندە قىلىنغان، بىھۇدە ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغان،
ھازىرقى 5 - ماشىنسازلىق سانائىتى مىنىستىرلىكى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ
مۇئاۋىن باشلىقى ۋاڭ يۈنفېڭ ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت. بۇ يەردە كىتابخانلار-
نىڭ دىققەت قىلىشىغا تېگىشلىك بولغان مۇنداق بىر مۇھىم نۇقتا بار. ئۇ بول-
سىمۇ، بۇ ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ ئېلان قىلىنغان ۋاقتىنىڭ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ
زىيالىلار سىياسىتىگە دائىر بەلگىلىمىلىرى كەڭ تەشۋىق قىلىنىۋاتقان بىر ۋاقىتقا توغ-
را كېلىپ قالغانلىقى مەسىلىسىدۇر. بۇ نۇقتا بىزگە ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ قاراتمىلى-
قىنىڭ ناھايىتى كۈچلۈك بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئۇنداق بولسا، ئەدەبىي ئاخبارات ژانىرىنىڭ تۈپ ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرى
نېمىلەردىن ئىبارەت؟

تۇرمۇش چىنلىقى ۋە ھەقىقىيلىكى ئەدەبىي ئاخبارات ژانىرىنىڭ ئەڭ تۈپ ۋە ئەڭ
ئالدىنقى ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى. ئەدەبىي ئاخبارات دېگەن سۆزنىڭ ئۆزىدىن چىقىپ
تۇرىدۇكى، ئۇ، پېرسوناژ، ۋەقە، مۇھىتتىن ئىبارەت ئۈچ ئاساسىي ئامىلنى ئۆز يادرو-
سى قىلىدىغان ئېپىك پوئېزىيە ژانىرىغا تەۋە بولغان ئەدەبىيات؛ ھەقىقىي ئادەم، ھە-
قىقىي ئىشنى ئۆز جېنى قىلىدىغان ئاخباراتتۇر. بۇيەردە گەپنىڭ سالمىقى ئەدەبىي
ئاخباراتتا يېزىلىدىغان پېرسوناژ، ۋەقە ۋە مۇھىتنىڭ ئالدى بىلەن چىنلىقى، پاكىتلىق
ئەھمىيىتى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان ئاخبارات بولۇشى لازىملىقىدا. ئاخبارات قىممى-
تىگە ئىگە بولمىغان پېرسوناژ، ۋەقە ۋە مۇھىتنى ئەدەبىي ئاخبارات قىلىپ
يېزىشقا بولمايدۇ. يېزىلىدىغان ئوبيېكتنىڭ ئاخبارات ئەھمىيىتىگە ئىگە بولۇشى
ئالدىنقى شەرت. شۇڭا ئاخبارات بولغانىكەن، ئاخباراتلىق قىممىتىگە ئىگە بولغان
ئادەم چوقۇم رېئاللىقتا مەۋجۇت بولغان ھەقىقىي ئادەم بولۇشى كېرەك. ھەقىقىي ئا-
دەمگە ئالاقىدار بولغان ۋەقە چوقۇم شۇ ئادەمنىڭ تۇرمۇشىدا ھەقىقىي يۈز بەرگەن ۋەقە،
ئىش بولۇشى لازىم. شۇنداقلا يۈز بەرگەن ھەقىقىي ۋەقە ۋە ھەقىقىي ئىش شۇ ئادەم-
نىڭ ھەقىقىي مۇھىتىدا يۈز بەرگەن ۋەقە، ئىش بولۇشى لازىم. ئەدەبىي ئاخبارات
ئەسىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ راست، ھەقىقىي ياكى يالغان، ساختا بولۇشى
شۇ ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋىلىكى ۋە سىياسىۋىلىكىنىڭ قانداقلىقى بىلەن بىۋاسىتە مۇناس-

سۆەتلىك. ئەگەر ئەدەبىي ئاخبارات ئەسىردە يېزىلغان ئادەم ۋە ئىش راست بولمىـ
سا، ئۇ ئەدەبىي ئاخبارات بولالمايدۇ.

ئەدەبىي ئاخبارات ئەسىردە پېرسوناژغا دائىر مەسىلىلەر ئىچىدە ئۇنىڭ ئىسىم-
فامىلىسى، جىنسى، يېشى، ئىجتىمائىي ئورنى قاتارلىق ئەڭ ئادەتتىكى تەرەپلىرى
راست بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ پورترېت تەسۋىرى، يۈز بەرگەن ئىشنىڭ
ۋاقتى، ئورنى، ھەتتا پېرسوناژنىڭ مىجەز ۋە خاراكتېر تەسۋىرلىرىمۇ ھەقىقىي ۋە
ئەينەن بولۇشى لازىم. ئۇنى ئۆزگەرتىشكە ۋە توقۇپ چىقىشقا بولمايدۇ.

ئەدەبىي ئاخبارات ئەسىردە يېزىلىدىغان چىنلىق پەقەت تۇرمۇش چىنلىقىدىنلا
ئىبارەت بولۇپ، ئۇ ھەرگىزمۇ بەدىئىي چىنلىقنى كۆرسەتمەيدۇ. ئەدەبىي ئاخبارات
ژانىرى «ئەدەبىي» بولسىمۇ، بىراق ئەدەبىي ئەسەرلەرگە ئوخشىمايدۇ. ئەدەبىي ئەسەر-
لەردە يېزىلىدىغان چىنلىق گەرچە تۇرمۇش چىنلىقى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئادەتتىكى
تۇرمۇشتىن بىر دەرىجە ئۈستۈن تۇرىدىغان، بەدىئىي توقۇلما قىلىش، ئوبرازلاشتۇرۇش،
تىپىكلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئومۇملاشتۇرۇلغان، مەركەزلەشتۈرۈلگەن بەدىئىي
چىنلىقتۇر. ئەدەبىي ئاخبارات ئەسىردە كەلسە - كەلمەس توقۇپ چىقىشقا،
ئوبرازلاشتۇرۇشقا ۋە تىپىكلەشتۈرۈشكە مۇتلەق يول قويۇلمايدۇ. ئۇنىڭدىكى ھەممە نەرسە
تۇرمۇشتىكىدەك ئەينەن بولۇشى لازىم. «ۋەتەن ھەممىدىن ئەلا» ناملىق ئەدەبىي ئاخباراتتا
بۇ قائىدىگە قاتتىق ئەمەل قىلىنغان، پېرسوناژ، ۋەقە ۋە مۇھىت ئەينى تۇرمۇش شارائىتىدا
قانداق بولسا، شۇنداق يېزىلغان، توقۇلمىغان، كۆپتۈرۈلمىگەن، كەم سۇندۇرۇلمىغان.

ئەمما ئەدەبىي ئاخبارات ئەسىردە يېزىلىدىغان ئاخبارات قىممىتىگە ئىگە بولغان
«ئاخبارات» نىڭ چىنلىقى گېزىت، رادىئو خەۋەر - ماقالىلىرىنىڭ چىنلىقىغىمۇ ئوخشىماي-
دۇ. ئۇنىڭدا يېزىلىدىغان پاكىتلار ئاخبارات خەۋەر - ماقالىلىرىدىكىگە ئوخشاش ستاتىس-
تىكىلىق مەلۇماتلار، ئىجرا قىلىنغان سىياسەت، يۆنىلىشلەر چىنلىقى، ۋەقە، ھادىسە
قانداق بولسا، شۇنداقلا دەپ قويۇلىدىغان چىنلىقمۇ ئەمەس. چۈنكى ئەدەبىي
ئاخبارات «ئاخبارات» بولۇش بىلەن بىللە «ئەدەبىي» دۇر. ئۇ «ئەدەبىي» بولغانلىقى
ئۈچۈن، پېرسوناژ، ۋەقە ۋە مۇھىت تۇرمۇش چىنلىقىغا مۇتلەق ساداقەتلىك پوزىتسىيە
تۇتقان ھالدا، ئەدەبىي جەھەتتىن يۈكسەك دەرىجىدە پىششىقلاپ ئىشلىنىدۇ. ئەدەبىي
ئاخباراتنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئەركىنلىكى ناھايىتى زور بولۇپ، ئاپتور ئادەمنى ئىپادىلى-
گەندە، ئادەمنىڭ ئۇششاق - چۈششەك ئەمەس، زور، ئادەتتىكىچە ئەمەس، ئالاھىدە ئىشلى-
رىنى تاللاش ئەركىنلىكىگە ئىگە. ئاخبارات خەۋەرلىرىدىكىگە ئوخشاش بىرلا ئىشنى
ئەمەس، بىرمۇنچە ئىشنى، ئىشنىڭ بىر ياقلىمىلىقلىقىنى ئەمەس، كۆپ ياقلىمىلىقىنى،
تەرەققىيات جەريانىدىكى بىر ھادىسىنىڭ باشقا بىر ھادىسىگە، كونا سۈپەتنىڭ يېڭى
سۈپەتكە ئۆزگىرىشى ۋە سەكرەش جەريانىنى، شەيئىلەرنىڭ ئىنكارلى كەلتۈرۈپ
چىقىرىدىغان توپ ئىچكى زىددىيەت ۋە كۈرەشلىرىنى، ئىدىيە، كۆزقاراش ۋە ئوي-
خىياللىرىنى پېرسوناژنىڭ ئاساسىي خاراكتېرىدىن ئايرىلمىغان ھالدا، تاكى دېمەكچى
بولغان پىكرى، يەتمەكچى بولغان مۇددىئاسى روشەن ۋە مەركەزلىك ئوتتۇرىغا قويۇلغۇ-

چە بارلىق تەسۋىرىي ۋاستىلەردىن ئەقىلغا مۇۋاپىق ھالدا پايدىلىنىشقا تامامەن يول قويۇلىدۇ. يازغۇچى ئۆزى يېزىۋاتقان ئادەمنىڭ سالاھىيىتى، كەسپى، ئورنى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى ۋە شۇ ئادەم تەۋە بولغان تەبىقىنىڭ ئەينى شارائىتتىكى ئومۇمىي ئەھۋال-دىن ئايرىلمىغان ھالدا، ئۆز سۇبيېكتىنى ئۇنىڭ ئومۇمىي ئوبيېكتى بىلەن قوشۇپ يۇغۇرۇۋېتىشىگە، ئەھۋال، ئىشقا نىسبەتەن ئەڭ مۇۋاپىق ھالدا مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشىگە، ئۆز كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىغا، مەيدانى ۋە پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلىشىگىمۇ تامامەن يول قويۇلىدۇ؛ چىن ۋە ھەقىقىي بولغان پاكىتلىق ماتېرىياللارنى پىششىقلاپ ئىشلەشكە، ئورۇن - جاي ئوخشاش بولمىغان ئىش، ھادىسىلەرنى ئاساسىي ۋەقەلىك بىلەن گارمونىك تۇتاشلىققا ئىگە قىلىشىغا، ئېلىپ قېلىشى ياكى تاشلىۋېتىشىگە يول قويۇلىدۇ. «ۋەتەن ھەممىدىن ئەلا» ناملىق ئەدەبىي ئاخباراتتا ئاپتور: «كونىلاردا ئادەم ناباتات بولمىغان ئىكەن، ئۇنىڭدا ھېسسىيات بولماي قالمايدۇ» دېگەن ئەقلىيە سۆزنى نەقىل كەلتۈرۈش ئارقىلىق، گېرمانىيەدىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇرغان ۋاڭ يۈنفېڭنىڭ بىرقانچە يىل بىر ئۆيدە بولغان نېمىس ئايالى ۋە گىلەم ئۈستىدە پومداقلىشىپ ئويناۋاتقان 3 بالىسىنىڭ مېھرىدىن كېچەلمەيۋاتقانلىقىدىكى ئوي - خىيالى، ئىچكى ھېسسىيات ۋە كەچۈرمىشلىرىنى شۇنداق شارائىتتا يۈز بېرىدىغان ۋە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان، ۋاڭ يۈنفېڭنىڭ ئۆزىگىلا ماس كېلىدىغان ھەمدە پۈتۈن ئىنسانىيەت پسىخولوگىيىسىگە ئورتاق بولغان چوڭقۇر ھېسسىيات ئارقىلىق ناھايىتى ياخشى مۇلاھىزە قىلغان. ۋاڭ يۈنفېڭنىڭ خوتۇنىدىن ئايرىلغان ۋاقىتتىكى ئىچكى كەچۈرمىشلىرىنى «ئىنسان مەھرۇم بولغان نەرسىسىنى ھامان ئادەتتىن تاشقىرى قەدىرلىك ھېس قىلىدۇ» دېگەن جۈملىلەر ئارقىلىق مۇلاھىزە قىلغان بولسا، «ھازىر ۋاڭ يۈنفېڭ بىر تونۇشىدىن ئارتۇق كىتابقا ئىگە بولۇپ قالغانىدى. بۇ كىتابلار ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ جەۋھەرلىرى... بۇ كىتابلار ئۇنىڭ بىلەن بىللە ۋەتىنىگە قايتىشى لازىم... ئايالى ھەرقانچە ئەزىز بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كېتىشى مۇمكىن، ئەمما بۇ كىتابلار ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس» دېگەن جۈملىلەر ئارقى-لىق ۋاڭ يۈنفېڭنىڭ ۋەتەنگە، ئىلىم - پەنگە بولغان يۈكسەك مۇھەببىتىنى ئېچىپ بەرگەن. شۇڭا ئەدەبىي ئاخبارات ژانىرىدا مۇنداق زۆرۈر مۇھاكىمە ۋە مۇلاھىزىلەرنىڭ بولۇشىغا، ۋەقەلىكنى بايان نۇقتىئىنەزىرى ئارقىلىق ئىپادىلەپ، ئاپتور ئۆزىنىڭ شۇ ئەھۋالدا مۇتلەق چىنلىق تۇيغۇسىنى بېرىدىغان كۆزقاراش، نۇقتىئىنەزەرلىرىنى سىڭدۈرۈۋېتىشىگە يول قويۇلىدۇ. ۋەھالەنكى گېزىت خەۋەرلىرىدە مۇنداق قىلىشقا ھەرگىز يول قويۇلمايدۇ. شۇڭا ئەدەبىي ئاخبارات ژانىرىنىڭ چىنلىقى ۋە ھەقىقىيلىكى گېزىت، رادىئو ۋە تېلېۋىزىيە تەشۋىقاتىدىكى چىنلىق ۋە ھەقىقىيلىككە ئوخشاش بولسىمۇ، ئەمما ئۇلاردا بولمايدىغان ئەدەبىي خۇسۇسىيەتكىمۇ ئىگە. ئەدەبىي ئاخبارات ژانىرىنىڭ بۇ خۇسۇسىيىتى چىن ئادەمنىڭ چىنلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈنلا خىزمەت قىلىشى كېرەك.

ئەدەبىي ئاخبارات ژانىرىنىڭ ئىككىنچى مۇھىم ئالاھىدىلىكى، ئۇنىڭ قاراتمىلىقىنىڭ ناھايىتى كۈچلۈك بولۇشىدا. ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ قاراتمىلىقىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى ئۇنىڭ ئاخباراتلىق ئالاھىدىلىكى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. ئەدەبىي ئاخبارات ئەسىرىنىڭ

مەيدانغا كېلىشىدىكى ئاساس — ئاخباراتتۇر.

ئاخباراتنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇ ئالدى بىلەن مۇشتىرىلارنى يۈز بەرگەن مۇھىم پاكىت بىلەن تەمىنلەيدۇ. پاكىت، ئەھۋال، ئىشنىڭ جەريانىنى ئۇقتۇرىدۇ. ئاخباراتقا سىڭدۈرۈلىدىغان كۆزقاراشلارنىڭ ھەممىسىگە پاكىت سىڭدۈرۈلگەن بولىدۇ. پاكىت قۇرۇقتىن - قۇرۇق پاكىت ئەمەس، بەلكى قاراتمىلىقى بولغان، پارتىيىنىڭ نۆۋەتتىكى سىياسەت، فاڭجېن، يۆنىلىشلىرىنىڭ روھىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ۋە ئۇنىڭ توغرىلىقى ئىسپاتلىنىدىغان پاكىتتۇر. ئاخبارات مۇشۇنداق قاراتمىلىقتىن ئايرىلىپ قالىدىكەن، ئۇ بىرەر مەقسەت ئۈچۈن خىزمەت قىلالمايدىغان ئاخبارات بولۇپ قالىدۇ.

ئاخباراتنىڭ ئاخباراتلىق كۈچى ئۇنىڭ پارتىيىۋىلىك پرىنسىپ ۋە مەيدان ئۈچۈن خىزمەت قىلغان - قىلالمىغانلىقى، سىياسىي جەھەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك دەرىجىدىكى بىرلىكنى ساقلىغان - ساقلىيالمىغانلىقى، پارتىيىنىڭ سىياسەت ۋە سېلۆلىرىنى، پارتىيىنىڭ تۈپ ئاساسىي تەشەببۇسلىرىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرگەن - ئەتتۈرمىگەنلىكى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. بۇ، ئاخباراتنىڭ قاراتمىلىقى بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا يەنە ئەدەبىي ئاخباراتنىڭمۇ قاراتمىلىقى مەسىلىسىدۇر. يۇقىرىدا ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ ئاخبارات تەمىنلىگەن پاكىتلارنى ئەدەبىي جەھەتتىن پىششىقلاپ ئىشلەش سەنئىتى ئىكەنلىكىنى، ئاخباراتنىڭ ئۆزى ۋە ئۇنىڭ ئىچكى ئىدىيىۋىلىكىنى كۆچۈرۈپ، ئۇنى بەدىئىي جەھەتتىن ئۈستۈرىدىغان ۋە يۈكسەكلىككە كۆتۈرىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. شۇڭا ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ قاراتمىلىقى ئاخباراتنىڭ پرىنسىپ، قائىدىلىرى ۋە قاراتمىلىقى بىلەن بىردەكلىكنى ساقلىغاندىن باشقا، مۇھىمى، ئۇنىڭدا نۆۋەتتىكى زور ئىجتىمائىي مەسىلىلەر، دەۋرنىڭ يۈرەك سوقۇشى، رىتىمى ۋە يۆنىلىشىنى بەلگىلەيدىغان، ھەممە ئادەم جىددىي كۆڭۈل بۆلىدىغان، جىددىي بىر تەرەپ قىلىشنى تەلەپ قىلىۋاتقان مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ۋە ئۇنىڭغا توغرا جاۋاب بېرىلىشى لازىم. بۇ تەلەپ ئەدەبىي ئاخبارات ئەسىرىنىڭ تېماتىك ئىدىيىسىنىڭ تېخىمۇ كونكرېت، مۇھاكىمە قىلىنىدىغان مەسىلىنىڭ تېخىمۇ ئەمەلىي بولۇشىنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇنىڭ نۆۋەتتىكى رېئال خىزمەت ئەمەلىيىتى ۋە مۇھىم ئىدىيىۋى مەسىلىلەر بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈلۈشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

«ۋەتەن ھەممىدىن ئەلا» ناملىق ئەدەبىي ئاخبارات ئەسىرىنىڭ مەيدانغا چىقىشىدىكى تارىخىي دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىنى تەھلىل قىلغىنىمىزدا، ئەشەددىي رادىكال ئۇنسۇرلار تەرىپىدىن «ئىشچىلار سىنىپىنىڭ باشقۇرۇشى ۋە ئۆزگەرتىشى»نى قوبۇل قىلىشى لازىم بولغان، «ھېچنېمىگە كېرەككە كەلمەيدىغان ‹سېسىق توققۇزىنچى›» دەپ ھاقارەتلەنگەن زىيالىيلارنىڭ كارغا يارىمايدىغان كىشىلەر ئەمەس، بەلكى ئۇلار قەيەردە، قانداق باياشادلىق ئىچىدە ھايات كەچۈرمىسۇن، ئۇلارنىڭ يۈرىكىنىڭ ۋەتەن ئۈچۈن سوقۇدىغانلىقى، ۋەتەن نېمىگە ئېھتىياجلىق بولسا، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئارزۇسى دەپ بىلىپ، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ۋەتەن ئۈچۈن ئىختىرا قىلىش، ۋەتەن ئۈچۈن قان - تەر تۆكۈش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خەلقنىڭ ھەقىقىي مۇنەۋۋەر پەرزەنتلىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالا-

لايمىز. 5 - ماشىنىسازلىق سانائىتى مىنىستىرلىكى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن مەسئۇلى بولغان ۋاڭ يۇنفېڭنىڭ تەرەققىي قىلغان گېرمانىيىدىكى باياشاد ئائىلىسىنى تاشلاپ، ۋەتەن ئەڭ ئېھتىياجلىق بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئىچىدىن يانىدىغان دۆڭگاتېل زاۋۇتى قۇرۇلۇشى ئۈچۈن بىر كىشىلىك ھەسسە قوشۇش مەقسىتىدە ئانا يۇرتى جۇڭگوغا قايتىپ كەلگەنلىكى بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ. ۋاڭ يۇنفېڭنىڭ ئۇزۇن ئۆتمەي خىزمەت ئورنىدىن كان رايونىغا ھەيدىۋېتىلىپ كېرەكسىز ئادەم قىلىپ قويۇلغانلىقى، قانداقتۇر، ئۇنىڭ راستىنلا كارغا يارىماي قالغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى بىر ئوچۇم داشقاللار ۋە شاكاللارنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشى ۋە زەھەرلىك سۈيىقەست ئىشلەتكەنلىكىدىن كېلىپ چىققان. بۇ ئەسەرنىڭ ئېلان قىلىنىش ۋاقتىدىن ئالغاندا، ئاپتور «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئاغدۇرۇپ تاشلانغاندىن كېيىن پارتىيىنىڭ زىيالىيلار سىياسىتىنىڭ نۇرىدا ۋاڭ يۇنفېڭغا ئوخشاش نۇرغۇنلىغان زىيالىيلارنىڭ ئازاد بولۇپ، قەد كۆتۈرگەنلىكىدىن ئىبارەت مۇھىم مەسىلىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئەسەرنى پارتىيىنىڭ سىياسەت، يۆنىلىشلىرىنى تەشۋىق قىلىدىغان كۈچلۈك قاراتمىلىققا ئىگە قىلغان. شۇڭا بۇ ئەسەرنى پارتىيىنىڭ زىيالىيلار سىياسىتىگە ئوقۇلغان جاراڭلىق مەدھىيە ناخشىسى دېيىشكە بولىدۇ.

ئەدەبىي ئاخبارات ئەسىرىنىڭ قاراتمىلىقى پەقەت جەمئىيەتتىكى ئىجابىي مەسىلىلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى سەلبىي مەسىلىلەر، ناچار خاھىش، ئاجىز ھالقىلارغىمۇ قارىتىلىشى، خاتا ئىدىيە، خاتا كۆزقاراشلارغىمۇ كۈچلۈك تۈردە تاقىلىشى، بۇنداق مەسىلىلەرنى داۋاملىق كىشىلەرنىڭ سەمىگە سېلىپ، تەجرىبە - ساۋاقلارغا ئىگە قىلىشى ۋە دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىشى لازىم. «بار ئىمكان بىلەن ئىشنى تۈزەش» ناملىق ئەدەبىي ئاخبارات ئەسىرى بىزنى بۇ جەھەتتە قىممەتلىك ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى ۋە نەزەرىيىسى بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ ئەسەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلە گەرچە رېئاللىقتىكى پاكىتلىق ئەھمىيىتىگە ئىگە بولغان كىچىككىنە بىر ھادىسە بولسىمۇ، ئەمما ئاپتور دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ۋە دەۋرنىڭ ئالدىدا مېڭىش ئىجادىيەت پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىپ، بۇ كىچىككىنە ھادىسە ئارقىلىق رېئاللىقنىڭ كىشىلەر ئوڭايلىقچە بايقىيالمايدىغان بەزى ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى خېلىلا چوڭقۇر ئېچىپ بەرگەن.

ئەدەبىي ئاخبارات ئەسىرى مۇنداق مەسىلىلەرگە قارىتىلغاندا، قارىتىلغان مەسىلە ماركسىزملىق تارىخىي نۇقتىئىنەزەرنىڭ تەكشۈرۈشى ۋە سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان مۇھىم ۋە ئالاھىدە مەسىلىلەر بولۇشى، ئاپتورنىڭ مۇنداق مەسىلىلەر توغرىسىدا كۆڭلىدە سان بولۇشى ھەمدە كۈچلۈك سىياسىي مەقسەتچانلىقى بولۇشى لازىم.

ئەدەبىي ئاخبارات ژانىرىنىڭ ئۈچىنچى مۇھىم ئالاھىدىلىكى، بەدىئىي خۇسۇسىيىتىنىڭ كۈچلۈك بولىدىغانلىقىدا. بۇ نۇقتا ئۇنى گېزىت خەۋەر، ماقالىلىرى ۋە بارلىق ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان بىر مۇھىم سۇ بۆلگۈچ چوققىدۇر.

ئەدەبىي ئاخبارات ئەسىرىدە يېزىلىدىغان ئاخبارات ئەدەبىي بولغانلىقتىن، ئادەتتىكى ئاخباراتتىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ «ئەدەبىي» بولغانلىقى ئەدە-

بىي ئاخبارات ئەسىرىنىڭ بارلىق ئىپىك ئەدەبىي ئەسەرلەر بىلەن، يەنى ھېكايە، پوۋېست، رومان، جۇملىدىن سەھنە ئەسەرلىرى بىلەن تامامەن ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرسەتمەيدۇ. ئەدەبىي ئاخبارات ئەسىرىدىكى بەدىئىيلىك پرىنسىپى بارلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى يېزىقچىلىقىدا رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك بولغان بەدىئىي پرىنسىپلاردىن تۈپتىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ، ئەمما ئايرىم، قىسمەن جەھەتلەردىن ئوخشىشىپ كېتىدىغان جايلىرىمۇ بار.

ھېكايىنى چۆرىدىگەن بارلىق ئىپىك ئەسەرلەردە ۋەقە، پېرسوناژ، مۇھىت قاتارلىق ئۈچ ئاساسىي ئامىل بولسا، ئاخبارات، پىكىر، پېرسوناژ ۋە مۇھىت ئەدەبىي ئاخبارات ئەسەرلىرىنىڭ تۆت ئاساسىي ئامىللىرىدۇر.

ئىپىك ئەسەرلەرنىڭ ئاساسىي ئامىلى بولغان ۋەقە، پېرسوناژ، مۇھىت مەركەزلەشتۈرۈش، ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق توقۇپ چىققىلى، قۇراشتۇرغىلى ۋە رەڭگارەڭ قىلىپ ئۆزگەرتكىلى بولىدىغان ئامىللار بولسىمۇ، لېكىن ئەدەبىي ئاخبارات ئەسىرىنىڭ ھەرقانداق بىر ئامىلىنى پاكىت چەكلىمىسىدىن ھالقىغان ھالدا، خىيالىغا كەلگىنىچە توقۇپ چىققىلى بولمايدۇ.

ئىپىك ئەسەرلەردە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن رېئاللىق تۇرمۇش رېئاللىقىنىڭ ئەينەن ئۆزى ئەمەس، لېكىن ئەدەبىي ئاخبارات ئەسىرىدىكى رېئاللىق تۇرمۇش رېئاللىقىنىڭ ئەينەن ئۆزى بولۇشى لازىم.

بەدىئىيلىكنىڭ جېنى بولغان ئوبراز ئەدەبىي ئەسەرلەردە «تونۇش بولغان ناتونۇش ئادەم» بولۇشى شەرت بولسىمۇ، ئەدەبىي ئاخبارات ئەسىرىدىكى ئوبراز چوقۇم بىز بىلىدىغان ياكى بىلىشنى، تونۇشۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان ھېلىقى ئادەمنىڭ نەق ئۆزى بولۇشى لازىم.

ئوبراز ئارقىلىق تۇرمۇشنى بىلىش ۋە ئەكس ئەتتۈرۈش ئەدەبىياتنىڭمۇ، ئەدەبىي ئاخباراتنىڭمۇ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى. ئەدەبىي ئاخبارات ئەسىرىدە پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىش ئالاھىدە گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇلسىمۇ، لېكىن پېرسوناژ يارىتىش ئۇسۇلى جەھەتتىن ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ پېرسوناژ يارىتىش ئۇسۇلىغا تۈپتىن ئوخشىمايدۇ.

ئەدەبىي ئەسەرلەردە يارىتىلىدىغان پېرسوناژ يازغۇچىنىڭ ئوبرازلىق تەپەككۇرىدىن ئۆتكەن ۋە سوبيېكتىپ جەھەتتە يۈكسەك دەرىجىدە پىششىقلاپ ئىشلەنگەن، ئۆز يەككىلىكى، ئايرىملىقى بىلەن ئۆز ئالدىغا ئالاھىدە ۋە ھېچكىمگە ئوخشىمايدىغان مۇستەقىل خاراكتېر قىممىتىگە ئىگە بولغان ھەمدە ئورتاق ئىنسانىي خۇسۇسىيەت، ئىدىيە ۋە گەۋدىگە ئىگە بولغان پېرسوناژدۇر. مۇنداق پېرسوناژ ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن تۇرمۇشقا يازغۇچىنىڭ تونۇشى، ئىستېتىك زوق ـ ھەۋىسى، باھاسى، مۇھەببەت ـ نەپرىتى، ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ناھايىتى كۈچلۈك دەرىجىدە سىڭگەن ۋە ئۇنىڭ بىلەن تويۇنغان بولىدۇ.

ئەدەبىي ئاخبارات ئەسىرىدە يارىتىلىدىغان پېرسوناژ ئاخبارات چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، يۈز بەرگەن ئاخباراتنى ئاپتورنىڭ پۈتۈنلەي ئوبرازلىق تەپەككۇر يۈرگۈزۈش ۋە «پىششىقلاپ» ئىشلەش ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىشىغا مۇتلەق يول قويمايدۇ. ئاساسىي ئىدىيىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن يۈز بەرگەن پاكىت دائىرىسىدە ئاپتورنىڭ

پېرسوناژ، مۇھىت، پىكىرلەرنى ئەسلى ئەندىزىگە سادىق بولغان ھالدا تەسۋىرلىشىگە، ئۆز پىكىرلىرىنى بايان قىلىشىغا، مۇھاكىمە قىلىشىغا، تۇيغۇ-ھېسسىياتىنى ئىپادىلىشى ۋە چۈشەنچىلىرىنى نۇقتىلىق ئوتتۇرىغا قويۇشىغىلا يول قويۇلىدۇ.

ئەدەبىي ئاخباراتتا پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى تەسۋىرلەش جەھەتتە ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. لېكىن يارىتىلىدىغان خاراكتېر پېرسوناژنىڭ خاس خاراكتېرى بىلەن چەكلىنىشى لازىم. ئۇنىڭغا مۇكەممەللىك تەلىپىنى قويۇشقا بولمايدۇ. پېرسوناژنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېرىنىڭ ئاساسىي قىرلىرىنىڭ ئۈچ-ئەس ئىزنالىرىنىڭ بىر ياكى بىرنەچچە بەلگىسى ئايان بولسىلا كۇپايە قىلىدۇ. خاراكتېرنىڭ ئومۇمىيلىقىنى يېزىش تەلىپى ئەدەبىي ئاخبارات ئەسىرىگە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. «ۋەتەن ھەممىدىن ئەلا» ناملىق ئەدەبىي ئاخباراتتا يېزىلغان ۋاڭ يۈنفېڭ خاراكتېر جەھەتتىن بىزگە غۇرۇرلۇق، ئىچى چىڭ، ئېغىر-بېسىق، ئاغزى مەھكەم، ئەمما نىسبەتەن يۇۋاش، قارشىلىق كۆرسىتىش ئىقتىدارى ئاجىز، تەقى-تۇرقى جەھەتتىن دىقماق، ئوتتۇرا بويىغا مايىلراق، ساغلام كىشى سۈپىتىدە كۆرۈنىدۇ.

ئەدەبىي ئاخبارات پېرسوناژلىرىنىڭ خاراكتېر مۇكەممەللىكىنىڭ تەكىتلەنمەسلىكىدىكى مۇھىم بىر سەۋەب، ئۇنىڭدا يېزىلىدىغان ئاخبارات ۋە ئۇنىڭغا دائىر پېرسوناژ سەرگۈزەشتىسىنىڭ باشتىن-ئاخىر يېزىلمايدىغانلىقى، بولۇپمۇ ۋەقەلىك جەريانىنىڭ ھەممىسى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرقانچە ئەڭ تەسىرلىك، ئەڭ جانلىق ۋە مۇھىم ۋەقەلىكنىڭ تاللاپ يېزىلىدىغانلىقىدا. «ۋەتەن ھەممىدىن ئەلا»دا ۋاڭ يۈنفېڭنىڭ 60 نەچچە يىللىق ئۆمرىدىكى تۆتلا ئىشى، يەنى ئۇنىڭ گېرمانىيىدىن ئايرىلىشى، ۋەتەنگە قايتىپ، بىر رېمونت زاۋۇتىنى ئىچىدىن يانىدىغان دۋىگاتېل زاۋۇتىغا ئۆزگەرتىپ چىققانلىقى، ئۇزۇن ئۆتمەي كۆمۈركانىغا سۈرگۈن قىلىنغانلىقى، مۇئاۋىن مىنىستىر ۋاڭ جېننىڭ غەمخورلۇقىدا 5-ماشىنىسازلىق سانائىتى مىنىستىرلىكىنىڭ پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە يۆتكىلىپ كەلگەنلىكىدىن ئىبارەت ئىش-پائالىيىتى يېزىلغان. ئەمما بۇ تۆت ئىش ناھايىتى مەركەزلىك يېزىلغان. شۇڭا جەريان چەكلىك بولغانلىقتىن، پېرسوناژنىڭ خاراكتېر مۇكەممەللىكى توغرىسىدا سۆز ئېچىش قىيىن ھەمدە مۇنداق تەلەپ قويۇشمۇ ھاجەتسىز. يېزىلىدىغان جەريان ئىخچام بولغانلىقتىن، پېرسوناژنىڭ ئاساسىي خاراكتېرىنىڭ مەلۇم تەرىپى روشەن ۋە جانلىقراق بولسىلا كۇپايە. مەخسۇس ئاخبارات ۋە ئالاھىدە كىشىلەر يېزىلىدىغان ئەدەبىي ئاخباراتتا ئاساسىي پېرسوناژلا بولغاندىن تاشقىرى، بىردىن بىر قانچىگىچە قوشۇمچە پېرسوناژلار بولسىمۇ بولىدۇ، بولمىسىمۇ بولىدۇ. دەۋرىي ھادىسىلەرگە بېغىشلانغان، مۇھىم ۋە ئالاھىدە ئاخبارات يېزىلغان بەزى ئەدەبىي ئاخبارات ئەسەرلىرىدە بىر-ئىككىلەپ ئەمەس، بەش-ئالتە، ھەتتا يەتتە-سەككىز پېرسوناژنىڭ تەڭلا يېزىلغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئەدەبىي ئاخباراتتا پېرسوناژنىڭ كۆپ، ئاز بولۇشى چوڭ مەسىلە ئەمەس، بۇنىڭدا مۇھىمى، مەقسەت ۋە زۆرۈرىيەتكە قاراش لازىم.

بەدىئىيلىكنىڭ يەنە بىر مۇھىم تەرىپى تىپىكلىك مەسىلىسىدۇر. ئەدەبىي ئاخباراتتىكى تىپىكلىك مەسىلىسى قانداقتۇر تىپىك پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىشقا قارىتىلغان ئەمەس، بەلكى يۈز بەرگەن ۋەقە، ئاخبارات، ئىشنىڭ ئوخشاش-چۈششەك ئەمەس، ئالاھىدە تىپىك ئىش، تىپىك ئاخبارات بولۇشىغا قارىتىلغان.

بەدىئىيلىك ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مەزمۇنلار ناھايىتى كۆپ. يازغۇچى تۇرمۇش ھەقىقىيلىكىگە سادىق بولغان ھالدا، بەدىئىيلىكنىڭ قايسى خىل مەزمۇن ۋە ۋاستىلىرىدىن پايدىلانمىسۇن، ئىپادىلىنىدىغان تۇرمۇش، پىكىر ۋە ئىدىيىۋىلىكنى كىشىلەرنىڭ مۇھەببەت-نەپرىتىنى قوزغىيالايدىغان ۋە ئۇلارنى بەلگىلىك تەربىيىگە ئىگە قىلالايدىغان دەرىجىدە جانلىق، تەسىرلىك كۆرسىتىپ بېرەلىسىلا كۇپايە قىلىدۇ. يازغۇچىنىڭ ئىپادىلەش ماھارىتىگە چەك قويۇلمايدۇ.

ئەمەلىي يېزىقچىلىقتا، ئەدەبىي ئاخبارات بىلەن كۆپرەك ئارىلىشىپ كېتىدىغان بىر خىل ژانىر بار. ئۇ بولسىمۇ، ئوچېرك. ئوچېرك ئەدەبىي ئوچېرك، ئاخبارات ئوچېركى قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ تۈپ خۇسۇسىيىتى ئوخشاش. بەزىدە تەپسىلىي خەۋەر، زىيارەت خاتىرىلىرىنىمۇ ئوچېرك تەركىبىگە كىرگۈزۈۋالىدىغانلار بار. لېكىن ئەدەبىي ئاخبارات ئوچېرك ئەمەس، ئوچېرك ئەدەبىي ئاخبارات ئەمەس. چۈنكى ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ ئوچېرك بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان جايلىرىمۇ، ئوخشىمايدىغان جايلىرىمۇ بار.

ئوچېرك بىلەن ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ تۈپ ئاساسىي قانۇنىيىتى ئوخشاش، يەنى يېزىلىدىغان تۇرمۇش، ۋەقە، ھادىسە ھەر ئىككىلىسىدە مۇتلەق راست ۋە ھەقىقىي بولۇشى لازىم. ئەدەبىي ئاخباراتنىڭ ئاساسىي ئامىللىرى بولغان ئاخبارات پاكىتى، پېرسوناژ، ۋەقە، مۇھىت ۋە ئىدىيىۋىلىك ئوچېركنىڭمۇ ئاساسىي ئامىللىرى بولالايدۇ.

ئوچېركتىمۇ ئەدەبىي ئاخباراتقا ئوخشاشلا، يۈزبەرگەن ئاخبارات تەپسىلىي، جانلىق تەسۋىرلىنىپ، پاكىت كىتابخانلارنىڭ كۆز ئالدىدا قايتا گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ. يېزىلىدىغان پاكىتمۇ ئەدەبىي ئاخباراتتىكىگە ئوخشاش يېزىشقا ئەرزىيدىغان تىپىك ۋەقە، تىپىك ئادەم، تىپىك شارائىت ۋە تىپىك تەپسىلاتلار بولۇپ، كىشىلەر نۆۋەتتە جىددىي كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان، قىزىقىدىغان، سىياسىي، ئىدىيىۋى ئەھمىيىتى كۈچلۈك ۋەقە، ھادىسىلەردۇر. بۇ، ئوچېركنىڭ ئەدەبىي ئاخبارات بىلەن تۈپ پرىنسىپ ۋە چوڭ جەھەتتىكى ئوخشاشلىقلىرىدۇر. بۇ ئىككى ژانىرنىڭ بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان جايلىرى ئۇلارنىڭ قوشۇمچە تەرەپلىرىدە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئوچېركنىڭ ۋاقىت خاراكتېرى ئەدەبىي ئاخباراتقا قارىغاندا ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ. خەۋەر، ماقالىلاردىن قالسىلا، ۋاقىت خاراكتېرىنىڭ كۈچلۈكلۈكى جەھەتتىن، ئوچېرك بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۇنۇمى نۆۋەتتىكى تەشۋىقات يۆنىلىشى، پروگراممىسى ئىچىدە بولىدۇ. تېماتىك ئىدىيىسى جەھەتتىن ئالاھىدە بولغان ئايرىم ئوچېركلار بۇنىڭ سىرتىدا بولسىمۇ، مۇتلەق كۆپ قىسىم ئوچېركلار ھازىر جاۋاب ئەھمىيىتىگە ئىگە بولىدۇ.

ئوچېرك ئۆز ماھىيىتى جەھەتتىن گېزىت ئاخباراتچىلىقىغا، ئەدەبىي ئاخبارات ئەدەبىياتقا مايىل. شۇڭا ئوچېركنى ئاخبارات خەۋەرچىلىكىنىڭ بىر خىل شەكلى ياكى كېڭەيتىلگەن خەۋەر دېيىشكە بولىدۇ.

ئوچېركتىمۇ ئەدەبىي ئاخباراتقا ئوخشاش جانلىق پېرسوناژلارنىڭ مۇھىم ئىش-پائالىيەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. لېكىن ئوچېركتا جانلىق پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىش مەقسەت قىلىنمايدۇ ھەمدە ئۇنداق قىلىش ھاجەتمۇ ئەمەس. ئوچېركتىكى ئوبراز كىتابخانلار ھېس قىلالايدىغان ۋە ئۇلاردا ھەقىقىي ئىشەنچلىك تۇيغۇ پەيدا

قىلالايدىغان بولسىلا كۇپايە. چۈنكى ئوچېركتا يېزىلىدىغان ۋەقە ئەدەبىي ئاخباراتتا
يېزىلىدىغان ۋەقەلىكلەرگە ئوخشاش ئۈنچىلىك ئەركىنلىك ۋە جانلىقلىقتا ئەمەس.
مەيلى مۇلاھىزە، بايان ياكى تەسۋىر بولسۇن، ئاخبارات پرىنسىپى تەمىنلىگەن شارائىت
ۋە ئاساسىي پرىنسىپ چەكلىمىسىدىن ئېشىپ كېتەلمەيدۇ، خالىغانچە تەسەۋۋۇر يۈرگۈ-
زۈشكە تېخىمۇ يول قويۇلمايدۇ. شۇڭا ئوچېركتا خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرى روشەن
ۋە مۇكەممەل بولغان پېرسوناژلار ئوبرازىنىڭ يارىتىلىشى ھاجەت ئەمەس. ئەدە-
بىي ئاخباراتتا مۇكەممەل پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىش تەلىپى ئوتتۇرىغا
قويۇلمىسىمۇ، لېكىن بۇ جەھەتتە ئۇنىڭغا قويۇلىدىغان تەلەپ ئوچېركقا قارىغاندا يەنىلا
كۈچلۈك بولىدۇ.

ئوچېركتىمۇ ئەدەبىي ئاخباراتتىكىگە ئوخشاش پاكىتلارنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدى-
لىكلىرى چىڭ تۇتۇلسىمۇ، جەريانىنى تەشكىل قىلغان ماتېرىياللارنى تاللاش، ھادىسىلەرنى
ئەركىن قۇراشتۇرۇش، ئاساسىي ۋە بېقىندا ئورۇندا تۇرىدىغان ۋەقەلىكلەرنىڭ نىسبىتىنى
خالىغانچە ئېگىز - پەس قىلىپ قويۇش ئەركىنلىكى ئەدەبىي ئاخباراتتىكىدەك زور بولماي-
دۇ. ئۇ گېزىت ئاخباراتچىلىقىغا يېقىن ژانىر بولغانلىقتىن، پاكىتلارنى بايان قىلىشتىن
تارتىپ، ئاپتورنىڭ مۇلاھىزىسى، تەسىراتى، چۈشەنچىسى ۋە ئىچكى ھېسسىياتىنى
ئىپادىلەشكىچە بولغان پۈتۈن جەرياندا بەدىئىي ۋاستىلەرنى كۆپلەپ ۋە ئالاھىدە كەڭ
قوللىنىشقا يول قويمايدۇ. ئۇنىڭدىكى ھەممە نەرسە لايىقىدا ئىخچام بولۇشنى تەلەپ
قىلىدۇ. شۇڭا ئوچېرك يېزىقچىلىقىدا، ئاپتور پۈتۈن زېھنىنى پاكىتلار چىنلىقى ۋە
موللۇقىغا قارىتىشى، بەدىئىي تەسۋىر جەھەتتە قەلەمنىڭ تىزگىنىنى ھامان تارتىپ
تۇرۇشى لازىم. بۇ ئەدەبىي ئاخبارات بىلەن ئوچېركنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈۋال-
دىغان بىر مۇھىم نۇقتا.

بەدىئىيلىك جەھەتتە، ئەدەبىي ئاخبارات بىلەن ئوچېركقا قويۇلىدىغان مۇنداق
بىر ئورتاق تەلەپ بار. ئۇ بولسىمۇ، ۋەقەلىكلەرنى ناھايىتى يۇرۇشلۇك، ئەپچىل،
جەلپ قىلارلىق بىر بەدىئىي كومپوزىتسىيىگە ئىگە قىلىش مەسىلىسى.

بىرەر ماقالە، ئەسەر كومپوزىتسىيىسىنىڭ قانداق ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقى، كۆپىنچە
ھاللاردا ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ياكى مەغلۇبىيىتىنى بەلگىلەيدۇ. چۈنكى ھەرقانداق بىر
ماقالە، ئەسەر ئۇچۇن كومپوزىتسىيە تولىمۇ مۇھىم. ئەمما ئۇنىڭ قېلىپى يوق. شۇن-
داقتىمۇ ۋەقەلىكلەرنى قۇراشتۇرغاندا، قۇرۇلما شۇ ۋەقەلىكلەرنىڭ ئوبيېكتىپ تەرەققىيات
قانۇنى ۋە ماھىيەتلىك ئىچكى باغلىنىشلىرىنى راۋان ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشكە، ئاسا-
سىي تۈپ ئىدىيىۋىلىكنى ئىپادىلەش ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن بولۇشى لازىم. بۇ ھەرقانداق
ماقالە ياكى ئەدەبىي ئەسەرنىڭ كومپوزىتسىيىسىگە قويۇلىدىغان ئادەتتىكى تەلەپ.
ئەدەبىي ئاخبارات ياكى ئوچېركنىڭ قۇرۇلمىسىمۇ بۇ تەلەپكە بويسۇنۇشى، ۋەقەلىكنى
باشلىغاندا چوقۇم كىتابخانلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدىغان، قولىغا ئالغاندىن كېيىن
تاشلىۋەتكۈسى كەلمەيدىغان قىلىپ باشلاش، ئىدىيىۋىلىكى، مەنىسى، قاراتمىلىقى كۈچلۈك

## ئابدۇللا روزى

ئابدۇللا روزى 1919 - يىلى ئۈچتۇرپاندا ئاتۇش مەشھەتلىك كىچىك تىجارەتچى روزى ئاتۇش ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە دەسلەپ دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ، ئەلىشىر ناۋائىي، لۇتفىي، زەلىلىي قاتارلىق كلاسسىك شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشتى. 1935 - يىلى ئۈچتۇرپان دارىلمۇئەللىمىننى ئەلا دەرىجىدە تۈگىتىپ، يېزا مەكتىپىدە مۇئەللىم بولدى.

ئابدۇللا روزى 1936 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىنگە ئوقۇشقا كىردى. ئۇ مەكتەپتە تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئىلغار پىكىرلىك ياشلار قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. زېرەك ھەم ناتىق ئابدۇللا روزىنى ساۋاقداشلىرى «داھىي نۇقۇغۇچى» دەپ ئاتىشاتتى. ئۇنىڭ «ئارزۇ» تەخەللۇسى بىلەن يازغان بىر قانچە پارچە كىچىك ھەجىمدىكى ئىلمىي ماقالىلىرى ئەينى يىللاردا «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغانىدى. كېيىن ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرى مەكتەپتە «ئەدەبىي سۆھبەت مۇنبىرى» ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭ نامىنىمۇ «ئارزۇ» دەپ ئاتاشتى. لېكىن بۇ مۇنبەر مەكتەپ «تەرتىپ بۆلۈمى» تەرىپىدىن «ئەكسىيەتچى» دېگەن تۆھمەت بىلەن تارقىتىۋېتىلدى. ئابدۇللا روزى ئوقۇش پۈتتۈرۈشتىن ئىلگىرى ماناس ناھىيىسىگە پالاندى.

ئابدۇللا روزى ماناسقا كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ماناس خەلقىنىڭ چۈشىنىشى ۋە باشپاناھلىقىغا ئېرىشتى. ئۇ 1938 - يىلى كۈزدە ماناستا مائارىپ مۇپەتتىشى ۋە ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدا باش كاتىپلىق ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا ناھىيىنىڭ يېزا - قىشلاقلىرىنى ئايلىنىپ، مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش - ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى رەتكە، قىشلىق ۋە يازلىق تەتىل مەزگىلىدىن پايدىلىنىپ، قىسقا مۇد-

---

بولمىغان گەپلەرنى قىلماسلىق؛ ھەربىر قەدەمدە بىر ئىز قالدۇرۇپ، ھەربىر تەپسىلات، بۆلەك ۋە ئابزاسلاردا بىر يېڭى مەنىنى ئىپادىلەش؛ شۇنداق قىلىپ ئەسەرنىڭ راۋاجىنى خۇددى تاش ئۇسقان تاغاردەك تولۇق ۋە مۇستەھكەم بېكىتىپ چىقىپ، مۇشتەرىلارنى ماتېرىيالنىڭ مول ۋە رەڭگارەڭلىكى بىلەن ھەيران قالدۇرۇش، يېشىمىنى تولىمۇ جاراڭلىق، تاتلىق، مېغىزلىق قىلىپ ئاخىرلاشتۇرۇش لازىم. ئەدەبىي ئاخبارات ياكى ئوچېركتا بولسۇن، كومپوزىتسىيە جەھەتتە ئۆلۈك بەلگىلەپ قويغان مەلۇم بىر فورمۇلا يوق. ئاپتور ۋەقەلىكنى قەيەردىن باشلاپ، قەيەردە توختىتىشنى ئويلاشقاندا، مۇھىمى، باش تېما ئېھتىياجىنى كۈچلۈك نەزەردە تۇتۇشى لازىم.

دەتلىك كۇرس ئېچىپ، مۇئەللىملەرنى تەربىيىلىدى. چوڭلار مائارىپى ھەرىكىتىنى راۋاجلاندۇرۇپ، نادانلىققا - جاھالەتكە قارشى تەشۋىقات ۋە پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى. ئۇ يازغان «تۆمۈر ئاكا ئويغاندى» دراممىسى سەھنىلەشتۈرۈلۈپ، پۈتۈن ناھىيىدە ساۋاتسىزلىقنى يوقىتىشتا چوڭ رول ئوينىدى. بۇ دراما شۇ چاغلاردا شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ ئوينىلىپ، تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەندى.

ئابدۇللا روزى 1940 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاقسۇ ۋىلايىتىگە يۆتكىلىپ كېلىپ، ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باش مۇپەتتىشى بولۇپ ئىشلەيدۇ ۋە بۇ جەرياندا پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ مائارىپ خىزمىتىدە يېڭى جانلىنىش بەرپا قىلىدۇ. ئۇ يەنە «ئاقسۇ گېزىتى» دە «تەلىم - تەربىيە» دېيىيە ئوچېركلىگەن ماقالىسىنى ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىپ، يېڭى مائارىپ ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىدۇ. تەتىل ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ، بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسى ئاچىدۇ ۋە كۇرستا ئۆزى دەرس ئۆتىدۇ. ئابدۇللا روزى 1943 - يىلى 9 - ئايدا ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ ئىلمىي مۇدىرلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلىنىدۇ. شۇ يىلى لۇتپۇللا مۇتەللىپمۇ ئاقسۇ گېزىتخانىسىغا يۆتكىلىپ كېلىدۇ. ئابدۇللا روزى ل. مۇتەللىپ قاتارلىق ئىلغار ياشلار، دېموكراتىك زاتلار بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە جاھالەتكە، زۇلۇمغا قارشى ئورتاق كۈرەشكە ئاتلىنىدۇ.

ئابدۇللا روزىنىڭ «ئۆگەي ئانا» دراممىسى ئەنە شۇ مەزگىلدە يېزىلغان بولۇپ، ئىنقىلابىي ھەرىكەتنىڭ جەڭگىۋار خىتابى سۈپىتىدە دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇغۇچىلىرى تەرىپىدىن تەييارلىنىپ، جامائەتچىلىككە كۆرسىتىلىدۇ، بۇ دراما پۈتۈن ۋىلايەتنىڭ شەھەر-يېزىلىرىدا ئوينىلىپ، زور تەسىر پەيدا قىلىدۇ.

«ئۆگەي ئانا» دراممىسى شېكىسپىر دراممىلىرى ئۇسلۇبىدا يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ تىغ ئۇچى دەل گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارىتىلغانىدى. ئاپتور ئەسەردىكى سەلبىي قەھرىمان «ئۆگەي ئانا»، ئىجابىي قەھرىمان مەسۇم بالا قاتارلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، توقۇنۇشلار ئارقىلىق گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ئادەمدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ ئىجتىمائىي گۇرۇھنىڭ كۈرىشىنى يورۇتۇپ بېرىپ، خەلق مۇقەررەر غەلىبە قىلىدۇ، دېگەن ئۇلۇغ غايىنى ئالغا سۈرگەن. «ئۆگەي ئانا» ئىلكىدە زۇلۇم چەككەن نارەسىدە مەسۇم قاتارلىقلار ئۆز ئانىسى ياتقان قەبرىستانلىققا بارىدۇ. ئۇلار يىغلىشىپ ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ چۈشىدە ئۆز ئانىسى ئايان بولىدۇ. ئانا بالىلىرىنى ئۆز قۇچىقىغا ئالىدۇ...

ئابدۇللا روزى تىياتىرچىلىقنى ئىجتىمائىي ئالىي مەكتەپ دەپ قاراپ، سەنئەت مائارىپىنى چوڭ ئىشلار قاتارىدا كۆرۈپ، دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇغۇچىلىرىغا سەنئەت نەزەرىيىسىدىن لېكسىيىلەر سۆزلىدى. 1945 - يىلى 12 - يانۋاردا «ئاقسۇ گېزىتى» دە « ‹لەيلى - مەجنۇن› ئوپېراسى سەھنىدە ئوينىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن» دېگەن ئۇزۇن ماقالىسىنى ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىپ، سەنئەت تەلىم - تەربىيىسىنى كۈچەيتىش، سەھنە ئىستىلى، ئارتىستلىق، سەھنە سەنئىتى، ئىجادىيەت ئىشلىرى ئۈستىدە ئالاھىدە توختالدى. ئۇنىڭ لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن بىرلىشىپ يازغان «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى

## ئەمەت غوپۇرى

ئەمەت غوپۇرى 1921 - يىلى ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئاۋات ناھىيە كەلپىن كەنتىدە ئۇقۇمۇشلۇق ئائىلىدە تۇغۇلغان. ئۇ باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىنى ئۆز يۇرتىدا ئالغاندىن كېيىن، 1939 - يىلى 9 - ئايدا ئۈرۈمچىگە كېلىپ، 1942 - يىلى 7 - ئايغىچە ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە ئوقۇغان. ئۆزىنىڭ ئىلغار ئىدىيىسى ۋە تالانتى بىلەن ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ كۆڭلىگە ئەندىشە سالغان بۇ شائىر ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئەڭ يىراق رايون — خوتەن ۋىلايىتىگە «تەقسىم» قىلىنىپ، 1942 - يىلى 9 - ئايدىن 1945 - يىلى 3 - ئايغىچە خوتەن 2 - باشلانغۇچ مەكتەپ (قىزلار مەكتىپى) دە ئوقۇتقۇچى بولغان. شۇ يىلى باھار پەسلىدە دورىنى خاتا ئىچىش سەۋەبى بىلەن زەھەرلىنىپ، 24 يېشىدا ۋاپات بولغان.

ئەمەت غوپۇرى ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا كەلگەن يىللاردا شىنجاڭدا ماركسىزم - لېنىنىزم ئىدىيىسى دەسلەپكى قەدەمدە تارقىلىپ، يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى كەڭ ئەۋج ئالغانىدى. مۇنداق بىر پايدىلىق شەرت - شارائىت ئەمەت غوپۇرنى ياخشى ئۆگىنىش ئىمكانىيىتى بىلەن تەمىن ئەتتى. ئۇ مەكتەپتە ئوقۇغان ئەدەبىيات دەرسى ئارقىلىق سوۋېت ئەدەبىياتى ۋە ئازاد رايونلار ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشتى. پۇشكىن، لېرمونتوۋ

نامىلىق ئەسىرى ئەينى يىللاردا دارىلمۇئەللىمىنلەرنىڭ بىردىنبىر ئەدەبىيات دەرسلىكى ئىدى.

ئابدۇللا روزى شېئىرىيەت ساھەسىدىمۇ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب ياراتقان بولۇپ، ئۇنىڭ تەلىم - تەربىيە مەزمۇنىدىكى بىر قىسىم شېئىرلىرى شۇ ۋاقىتتىكى «ئاقسۇ گېزىتى» گە بېسىلغان، «بىلىم بېغىدا» دېگەن شېئىرى ئاھاڭغا سېلىنىپ ئوقۇغۇچىلار ناخشىسى قىلىپ ئېيتىلغانىدى.

خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك پەرزەنتى، دراماتۇرگ، شائىر ئابدۇللا روزى (ئارزۇ) «ياش ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى» نى قۇرغۇچىلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، مۇنىردىن غوجا، بىلال ئەزىزى قاتارلىق ياشلار بىلەن بىرلىشىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى كۈرەش سېپىدە كېتىۋاتقىنىدا، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، 1945 - يىلى 18 - سېنتەبىردە 30 نەچچە سەپدىشى بىلەن بىللە ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلدى. مەرھۇم ئابدۇللا روزى ئەنە شۇ چاغدا 26 ياشتا ئىدى. ئۇ خەلق بەختى ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ قۇربان بولدى. ئۇنىڭ «ئارزۇ» لىرى ئۇزۇن ئۆتمەي، ئېلىمىزنىڭ ئازادلىقى بىلەن تەڭ ئەمەلگە ئاشتى.

تەييارلىغۇچى: ئېلى ئەزىز

قاتارلىق كلاسسىكلار بىلەن ماياكوۋسكى، ئابدۇللا توقاي، غوپۇر غۇلام، ئۆمەر مۇھەم-
مەدى قاتارلىق سوۋېت ھازىرقى زامان يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرى ئۇنىڭ قەلبىدىن ئو-
رۇن ئېلىپ، ئۇنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان قىزىقىشىنى كۈچەيتتى. ئۇ قولىغا قەلەم ئېلىپ،
بەزى مەشىق شېئىرلىرىنى يېزىشقا باشلىغاندا، لۇتپۇللا مۇتەللىپ ۋە تۇرغۇن ئالماس
قاتارلىق ساۋاقداشلىرىنىڭ قىزغىن ياردىمى ۋە ئىلھام بېرىشىگە ئېرىشتى. ئۇنىڭ تۇنجى
شېئىرى «يانمايمىز» 1941 - يىلى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئېلان قىلىندى. 1942 - يىلى
يەنە «كۈرەش سۈبھىسى»،— «غەلىبە—بەختىمىز» قاتارلىق بىر قانچە شېئىرى ئارقا - ئار-
قىدىن ئېلان قىلىندى.

شائىر ئەمەت غوپۇرى ئىجادىيىتىدە، فاشىستلار قوزغىغان دۇنيا ئۇرۇشىغا ۋە يا-
پون جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىدىيە
ئاساسىي مەزمۇننى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇنىڭ «يانمايمىز»، «كۈرەش سۈبھىسى»، «غەلىبە—
بەختىمىز» قاتارلىق شېئىرلىرى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى
ئۇرتاق ئاۋازىنىڭ ساداسى، ئالدىنقى سەپتە باتۇرلارچە جەڭ قىلىۋاتقان قەھرىمانلار
شەنىگە ئوقۇلغان مەدھىيە، فاشىزم جاللاتلىرىنىڭ ۋەھشىيلىكى، قانخورلۇقىغا ئوقۇلغان
غەزەپ- نەپرەتنىڭ كۈچلۈك ۋولقانى ئىدى:

«يېڭىشتىن تۇغۇلار بەختىمىز بىزنىڭ،
كۈرەشتۇر ئانتىمىز، قۇل بولۇش ئۇيات.
ۋەتەنگە ۋەدىمىز مەرد ئوغۇل - قىزنىڭ،
يۈيىمىز دېغىڭنى، نومۇس بىزگە يات.»

شائىر «غەلىبە — بەختىمىز»ناملىق بۇ شېئىرىدا يەنە ۋاڭ جىڭۋېي قاتارلىق ۋەتەن
خائىنلىرىنىڭ تەسلىمچىلىك، ۋەتەن ساتقۇچلۇق بىلەن شۇغۇللانغان رەزىل قىياپىتى-
نىمۇ نەپرەت بىلەن پاش قىلىدۇ.

«كۈرەش سۈبھىسى» دېگەن شېئىرىدا فاشىزمغا قارشى ئۇرۇش غەلىبىسىنى قولغا
كەلتۈرۈش پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ بەخت - سائادىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەن-
لىكىنى، بۇ ئۇرۇش غەلىبىسى ئارقىلىق دۇنيادىكى ئېزىلگەن مىللەتلەر ۋە خەلقلەر
ئازادلىقىنىڭ قولغا كېلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

شائىر «دۇنيا كەڭ، نېچۈن ئەمەس تەڭ؟» دېگەن شېئىرىدا زوراۋانلىق، ئادالەت-
سىزلىك ۋە تەڭسىزلىككە نەپرەت بىلدۈرۈپ، پۈتۈن دۇنيادا جاھانگىرلىك ۋە كىشىنى
كىشى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان تەڭسىز تۈزۈمنى يوقىتىپ، ھەممە ئادەم تەڭ - با-
راۋەرلىككە ئېرىشكەن ئەركىن دۇنيانىڭ بارلىققا كېلىشىنى ئۈمىد قىلغانلىقىنى ئىپادى-
لىگەن بولسا، «مارت قىزىغا» شېئىرىدا فېئوداللىق ئىدىيە ۋە فېئوداللىق تۈزۈم ئاسا-
رىتىدە ئەركىنلىك ۋە باراۋەرلىكتىن مەھرۇم قالغان ئاياللارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى
قوغداپ، ئەر - ئاياللارنىڭ ھوقۇقتا باراۋەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ:

«بۈگۈن ئۇلۇغ ‹8 - مارت›
خوتۇن - قىزلار شادلىق بايرىمى.

سوئال بېرەر قانۇنغا رەيھان:
«ئەر - خوتۇن تەڭ، نېمە ئايرىمى؟؟»

شائىر خوتەنگە بارغاندىن كېيىن، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قاتمۇقات نازارىتى ۋە بېسىمىغا، چەتكە قېقىشىغا دۇچ كېلىدۇ، لېكىن ئۇ مۇنداق رەزىللىكلەرگە قىلچە پىسەنت قىلماي، «يادىكار» دېگەن تەخەللۇس بىلەن ئۆز ئىجادىيىتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئىلغار پىكىرلىك ياش دوستلار بىلەن ئۆزئارا ئۇچراشقاندا، شىنجاڭدا گومىنداڭ پىرقە بۆلۈمىنىڭ قۇرۇلغانلىقىغا كۈچلۈك نارازىلىق بىلدۈرىدۇ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قىزغىن ھېسداشلىق قىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ «ئۆمۈر نىاياب» دېگەن مەشھۇر لىرىك شېئىرىدا بارلىق شەخسىي ئارزۇ - ھەۋەسلەردىن ۋاز كېچىپ، پۈتۈن ھاياتىنى خەلققە تەقدىم قىلىشقا بەل باغلىغانلىقىنى، ئۆز ئىجادىدىن ئەۋلادلارغا مىراس قالدۇرماقچى بولغانلىقىنى جاكالايدۇ. ئۇ يەنە بۇ شېئىرىدا «مەن» نىڭ تىلى ئارقىلىق ياشلىقنىڭ ھەقىقىي مەنىسى ئويناپ - كۈلۈش، ئەيش - ئىشرەت، كەيپى - ساپا، مۇھەببەت يولىدا مەستانە بولۇپ يۈرۈشتە ئەمەس، بەلكى ياشلىق باھارىنى ئىلىم - پەن ئۆگىنىشكە، ۋەتەننى، خەلقنى سۆيۈشكە بېغىشلاشتا ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ، ۋەتەن مۇھەببىتىنى ھەممىدىن يۇقىرى ئورۇنغا قويىدۇ.

شائىر ۋەتەننى ئازاد قىلىش، خەلققە بەخت - سائادەت كەلتۈرۈشتەك يۈكسەك غايىنىڭ قۇرۇق سۆز، قۇرۇق ھەسرەت - نادامەت بىلەن ئەمەس، بەلكى كۈرەش ئارقىلىق، پەقەت كۈرەش ئارقىلىقلا قولغا كېلىدىغانلىقىنى چۈشەنگەن. شۇڭا ئۇ «يادىكار» ناملىق شېئىرىدا:

«ئەي ۋەتەن، غېمىڭدا پۈرقەتلىك بېشىم،
گەر ئۆلسەم زاتىڭغا ئېتىم ئېلىنماس.
سەن ئۈچۈن كۆزۈمدىن تۆكۈلگەن يېشىم،
دۈشمەنگە قارشى گاڭ ئوقتىن قېلىشماس.
— .........
شۇ قايناق كۈرەشنى ياقلىغۇچىمەن،
غايەم ئەڭ گۈزەلدۇر، تەقدىرىم كۈرەش.
ۋەتەنگە مۇھەببەت ساقلىغۇچىمەن،
ئۈچ ئالسام دۈشمەندىن، قانار كۆڭلۈم بەس!» دەپ، يازغاندى.

شائىر ئەمەت غوپۇرى ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ياشىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قىسقا ئۆمرىدە ئاز، لېكىن ناھايىتى ساز بىر مۇنچە شېئىرلارنى يېزىپ، ۋەتەنگە، خەلققە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى بىزگە قالدۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، رەڭدارلىقى، تىل جەھەتتىكى ساپلىقى ۋە راۋانلىقى بىلەن ھازىرمۇ بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزگە ۋە قەدىرلىشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

تەييارلىغۇچى: جاپپار ئەمەت

ئابابەكرى تۇيغۇن

# ئاچچىق چۇچۇك توقۇدۇم قوشاق

**يىراق كۆكتە چاقنايدۇ يۇلتۇز**

مەن ھاياتقا كەلگەندىن تارتىپ،
تاپالمىدىم بىر ئىللىق ھەمراھ.
چۈشلىرىمگە يەنە يۈك ئارتىپ
ئۆتمەكتىمەن،
ئۆتمەكتىمەن، ئاھ!

ماڭا سۆيگۈ بولمىدى نېسىپ،
يار ۋەسلىنى كۆرەلمىدىم بىر.
ئۇ خىيالغا قالدى ئايلىنىپ،
تۇماندىكى قەلئەدەك ئاخىر.

يىراق كۆكتە چاقنايدۇ يۇلتۇز،
قاياقتىدۇر ئۇچار تومانلار.
تاتلىق - شېرىن ئارمانلىرىمنى
ئېلىپ كېتەر شۇ تۇمان گويا.

دېرىزەمدىن ئاي باقار قىيپاش،
نۇر ئىلكىدە زەر بولۇپ چاقناپ.
مېنى قوينىغا ئېلىپ خىرامان،
بىر كېچىلا تۇرماقتا يوقلاپ ...

**ئۇقۇپ بەرگىن، ئامرىقىم، ناخشا**

ئۇقۇپ بەرگىن، ئامرىقىم، ناخشا،
لىرىكىغا چۆكسۇن يەر - جاھان.
كۆيلىرىڭگە بۆلىنىپ ئۇزاق،
ئۇخلاپ قالسۇن بۇ جىمجىت ئورمان.

ئاھ! ئامرىقىم، ئوقۇپ بەر ناخشا،
لەززەتلىك ۋە شېرىن يالقۇنلۇق.
ئارىلىشىپ نەپەسلىرىمگە
قېنىۋالسۇن يۈرىكىم تولۇق!

**ئۇچرىشالماس ۋە لېكىن كۆزلەر...**

سۇكۇناتتا تەۋرىنەر ئورمان،
شامال ئوينار چاتقاللار ئارا.
ئايپاق سۇزۇك لەيلەيدۇ تۇمان،
لىغىلدايدۇ ياپراقتا زىيا.

شۇنچە جىمجىت بۇ يىراق قىشلاق،
ئاي تەگرىسى كۆلىدۇ لېۋەن.
تار چىغىريول سوزۇلۇپ ئۇزاق،
ئەگرى - بۈگرى چاقنايدۇ تىرەن.

يۆلەنگەنچە ئىشىككە بۇدەم،
كىمدۇر بىرسى بىر كۈيىنى كۈيلەر.
چىغىريولدا بىر نازۇك قەدەم،
ئۇچرىشالماس ۋە لېكىن كۆزلەر.

## بىر سېنى دەپ ياشايمەن

سەن بىر كېلىپ كەتكەندىن بېرى
يورۇپ قالدى باشقىچە ئۆيۈم.
سەن ئولتۇرغان جايغىلا پەقەت
تاشلىنىدۇ هامان نەزىرىم.

ئۇ جايدا يوق لۆم-لۆم ئورۇندۇق،
بىر سۇپا بار، مەن سالغان يېڭى.
ياشلىقىمنى بەرگەن هۇجرامنىڭ
بولۇپ قالدىڭ تۇنجى مېھمىنى.

ئاشۇ جايغا قارايمەن هامان،
كىرپىكلىرىم تۆكۈلەر تال-تال.
ئېگىم سىزىپ ئالغان سۇرىتىڭ
بەزەن چاقناپ قالىدۇ غىل-پال.

باللىقىم ئۆتكەن هۇجرامنىڭ
بولۇپ قالدىڭ مېھمىنى ئەبەت.
هايات ئانچە تاتلىق تۇيۇلماس،
بىر سېنى دەپ ياشايمەن پەقەت...

غەيرەت غوپۇرى

# داللار گوياكى يۇلتۇزلۇق ئاسمان

## باهار ناخشىسى

1

يۇيۇلدى ئاق دالا ئىسسىق نۇر بىلەن،
تەبىئەت چېدەككە بولدى هامىلدار.
سىڭمەكتە دالىغا ئىللىق بىر شامال،
كەڭلىكتە سايرىشىپ كېلەر تۇرنىلار.
بەرگىدە چاقنىغان سانسىز ئۈنچىدە،
قۇياشنى قۇچاقلاپ ياتار ئورمانلار.

دەريالار يۇلقۇنار باهارنى يۇدۇپ،
داللار گوياكى يۇلتۇزلۇق ئاسمان.
ئۇپۇقتا سىغدىلىپ كىرگەن يېشىللىق
تارىلار يۈرەككە پەرىلەرسىمان.
پەشتىللەر جىلۋىسى سىڭگەن هاياتتا
بالقىيدۇ قۇياشتەك تۈگىمەس ئارمان.

2

داللار يۇتتۇرۇپ قويغان باهارنى
چېچەكلەر، ئورمانلار بەردى قايتۇرۇپ.
شائىرنىڭ تىلىنى ئۆگەنگەن قۇشلار
كۆي تۆكەر شاخلاردا بەداشقان قۇرۇپ.

ئەنە ئۇ گۈزەللىك چاقنىغان دالا،
ۋە لېكىن ئاھ، مېنىڭ كىرپىكلىرىم نەم.
نەچچە مىڭ باهارنى كەلدىم يېتىلەپ،
قەلبىمدە يەنىلا يۈرەر جەهەننەم!

## تەقدىر

خۇدادىن زارلىنىپ بولما پەرىشان،
بىلىمەن ئاهلىرىڭ غەزەپ ۋە نەپرەت.
غەمكىنلىك باسالماس ھەسرەت-پىغانىنى،
كېلىدۇ جۈرئەتتىن بەخت ۋە ئامەت.
ئويلاپ باق، شېھىتلەر ياشىغان چاغنى،
ئادەملەر تەقدىرىن ياراتقان پەقەت.

## سەبى بالىمەن

ھاياتقا قانچىلىك سىرلار مۇجەسسەم؟
ئويغىنار كۆڭلۈمدە دائىم شۇ پىكىر.
ئۆمىلەپ، يىقىلىپ، قوپۇپ يۈرىمەن،
ھەر كويغا سالماقتا ھاياتتىكى سىر.

يوق تۇرۇپ بوۋامنىڭ ياشلىرى مەندە،
ياش تۇرۇپ تىترەيمەن، «ئاھ» لار سالىمەن.
ھاياتلىق سىرىنى يېشەرمۇ ئادەم،
تېگىرقاپ قالىمەن، سەبىي بالىمەن.

## قارا چاچلىرىم

مەيلى ئاقارسۇن قارا چاچلىرىم،
ئاق چاچقۇدا ئاقارغاندەك يەر.
مەيلى ئاقارسۇن قارا قاشلىرىم،
ئۇلار ئۆلمەيدۇ، ئۇلار تاڭ سەھەر.

قارا چاچلىرىم، قارا قاشلىرىم،
ئۇلارغا سىڭگەن ئىسسىق ياشلىرىم.
ھايات پەرىشتەم سىلىغان ئۇنى،
بىلسەڭ، ئاھ، ئۇلار مېنىڭ ياشلىقىم.

پەخرىدىن مۇسا

## كۆز ياشلىرىم

مەن يىغلىدىم، كۆپ يىغلىدىم، يىغلاپ كەلدىم
تەكلىماكان قوينىغا ياشلار ئاققۇزۇپ.
كۆز ياشلىرىم دەريا بولۇپ ئاقتى ئۇندا،
تۇرىدۇ ئاھ، تەكلىماكان يەنە قۇرۇپ.

مەن يىغلىدىم، كۆپ يىغلىدىم، يىغلاپ كەلدىم،
كۆز ياشلىرىم يۇلغۇنلارنى ماكان ئەتتى.
كۆزۈمدىكى شەپەق رەڭلىك قىزىللىقلار
ۋاقتىسىزلا يۇلغۇنلارغا كۆچۈپ كەتتى.

## ئىككى موماي

تۇرىدۇ بىر-بىرىگە ھەمراھ بولۇپ
بىر ئۆيدە ئاچا-سىڭىل ئىككى موماي.
ئاغرىسا بىرسى ئەگەر تەڭ ياش تۆكەر،
بۇرۇنلا ئۆلۈپ كەتكەچ ئىككى بوۋاي.

ئۆمرىنى ئەسلىشىدۇ، ياشلىقىدا
بوۋىيى بىلەن ئۆتكەن كۈنلىرىنى.
«ھاياتلىق قەدرى ئىكەن مۇھەببەتتە»
دېيىشەر بوش چىقىرىپ ئۈنلىرىنى.

# چاقماق لىرىكىلار

## مۇمكىن بولسا...

كىچە، قولۇمدا كىتاب.
ئانام دەيدۇ: «دەم ئال، ئۇخلىۋال»
دادام دەيدۇ: «كۆپرەك ئوقۇۋال.»
زىت بولسىمۇ ئۇلار شەكىلدە،
بىر خىل كۆيۈش پارلار قەلبىدە.
ئاھ!

مۇمكىن بولسا ئىككى كۆزۈمنىڭ
بىرى ئۇخلىسا،
بىرى ئوقۇسا.

## بىر پاچىئە

بىر ئايالنى قوغلايدۇ بىر مەس،
«ئۆلتۈرىمەن! سەندەك نەسىنى» دەپ.
ئايال قاچار مۆدۈرۈپ يولدا،
«ئەر قىلمايمەن سەندەك پەسنى!» دەپ.

بالىلىرى كېلەر ئارقىدىن:
«دادا، ئانا، سىلەر قېنى؟» دەپ.
ئانا تووۋلار: «جېنىم بالىلىرىم،
يىغلىماڭلار سىلەر مېنى دەپ...»

### پاك سۆيگۈمىز قوشۇلۇپ كەتتى

قوشنىمىزنىڭ قىزى بىلەن مەن
ئورماقتىمىز ئېتىزدا ئورما.
كۈننىڭ ئىسسىق تومۇز تەپتىدىن
تەرلەپ-پىشتۇق، ئۇسسىدۇق خويما.

ئۇسسۇزلۇقنى باسماق بولۇپ مەن
سۇدانىمدىن ئىچتىم يۇتۇم سۇ.
كېلىپ شۇ چاغ قوشنامنىڭ قىزى
دېدى ماڭا: «مەنمۇ ئىچەيچۇ!»

بەردىم شۇ ئان سۇدانىنى ئاڭا،
ئىچتى-دە، ئۇ «ئاھ، سۇ!» دەۋەتتى.
مەن ئويلىدىم: بەلكىم شۇ سۇدا
پاك سۆيگۈمىز قوشۇلۇپ كەتتى.

پەرھات مۇھەممەت

### يۈرىكىڭدە ئەكسىمەنى كۆرسەت

كۆزلىرىڭگە تىكىلگەندە سەن،
قارىچۇقۇڭدا ئەكسىمنى كۆردۈم.
چاقماق چېقىپ ئۆتكەندە كۆزۈڭ،
مەن ۋىسالىڭ ئىشقىدا كۆلدۈم.

ماڭا ھاجەت ئەمەس ۋەدىلەر
ياكى سۆيگۈ پۈتۈلگەن ھۆججەت.
ئىراق، جانان كۆزۈڭدە ئەمەس،
يۈرىكىڭدە ئەكسىمنى كۆرسەت!

### ھىلال ئاي

سەن كېلىسەن ھەر كۈنى
ۋەدىلەشكەن شۇ باغقا.
مېنى تاشلاپ كېتىسەن
تاڭ سەھەردە قاياققا؟

بولسىمۇ گەر ئارىمىز
شۇنچە يىراق-يىراقتا.
ئىراق سۆيگۈ مېھرىمىز
ئوخشار سۈزۈك بۇلاققا.

دېدىڭمۇ يە «مۇپتىلا —
قىلاي ئىشقى پىراققا»؟
جان بەرگۈزۈپ مىسالى
پەرۋانىنى چىراغقا.

قاناتلىنىپ بىلىمىدىن،
ئالاي سېنى قۇچاققا.
ئىشەنگىن سەن، ئامرىقىم،
كەتمەس ئارزۇ يىراققا.

ھەبىبۇللا ئەنەيتۇللا

## گۈل ھىدى

گۈللەرگە ھەۋەس قىلىپ تەرىپلەر ھەممە،
پەرىگە ئوخشىتىپ گۈزەللىكىنى.
سۆيىمەن مەنمۇ گۈل رەڭگىنى ئەمەس،
باغۋەنلەر تىنىقى سىڭگەن ھىدىنى.

## يېشىل بوستان

ئىنسانلار ھاياتى ياپيېشىل بوستان،
ھاياتىم ئۇنىڭكى يېشىل كۆچىتى.
ئۆسىمەن ساماغا بويۇمنى سوزۇپ،
يىلتىزىم زېمىندە بولغاچ ئەبەدى.

مىجىت تاش

## ئەتە ئۈچۈن

ئەتە، دېدىم، ئەتە ئىشقىدا
قەلبىم گۈلخان، كۆيمەكتە بۈگۈن.
مىڭ رازىمەن قۇربان قىلىشقا
ھاياتىمنى شۇ ئەتە ئۈچۈن.

بۈگۈن ئۆچۈن بوۋام تۈنۈگۈن
كۈرەش قىلغان ئۇنتۇپ ئۆلۈمنى.
ئۇ ئالەمدىن ئۆتتى ۋە لېكىن
ئارمان بىلەن كۆرمەي بۈگۈننى.

بوۋام ئارزۇ قىلغان بۈگۈننى
كۆرمەك ماڭا بولۇپتۇ نېسىپ.
مەنمۇ كۆزلەپ پارلاق ئەتىنى،
ئۆزەي دېدىم دولقۇنلار يېرىپ.

ئەتە يېتىپ كەلگەندە جەزمەن
ئۆگۈن ئۈچۈن كۈرەشەر نەۋرەم.
ئىز قوغلىشىپ ماڭغاچ بۇ ئەۋلاد،
روناق تېپىپ گۈللىنەر ئالەم.

ئابدۇرېشىت بارات

## نېچۈن ئوخشىماس

ئۆزگە دىياردا يېتىلسىمۇ گەر،
تېرەك خىسلىتى ئوخشار تېرەككە.
نېچۈن ئوخشىماس ئادەملەردىكى
يۈرەك خىسلىتى شۇنداق يۈرەككە؟

## مېنىڭ بەزى دوستلىرىم

بىر دوستۇم ھوقۇققا بولۇپ كەتتى قۇل،
بىرىنىڭ ئەس-ھوشى بولۇپ كەتتى پۇل.
بىرى بېرىلگەچكە نەپسانىيەتكە،
ۋىجدان ھەم غۇرۇردىن بولۇپ كەتتى تۇل.

ئاھ! مېنىڭ ئاشۇنداق دوستلىرىممۇ بار،
ھەتتاكى شامالغا ئويۇنايدۇ ئۇسسۇل.
ياخشىلار يولىغا سېلىپ كەڭ توساق،
تۈلكىلەر سۆزىنى قىلىدۇ قوبۇل.

روزىتوختى داۋۇت

## ئاھ، ياشلىقىم!

ئاھ، ياشلىقىم، كەلسەڭچۇ يېنىپ،
ۋىسالىڭغا ئالسام مەن قېنىپ.
نۇر چاچقۇزسام سېنىڭدىن زەررە،
سەھەردىكى چولپاندەك يېنىپ.

«ياشلىق چېغىڭ — گۈل چېغىڭ» دېسە،
«چاقنايدىغان نۇر چېغىڭ» دېسە،
بىلمەپتىمەن ياشلىق قەدرىنى،
ھەر كويلارغا كىرىپ، ھە دېسە.

ئەمدى يەتتىم تەكتىڭگە ئۇنىڭ،
ساقاللىرىم چۈشكەندە بەلگە.
«ئاھ، ياشلىقىم، قېنى سەن؟» دېسەم،
ھېچ قاياقتىن كەلمىدى شەپە.

ۋاي ئىسىتەي!
شۇ گۈلدەك چېغىم
شەپىسىزلا ئۆتۈپ كېتىپتۇ.
ھاياتىمدا ھەممىدىن قىممەت
بىر گۆھىرىم يۈتۈپ كېتىپتۇ.

قىلسام ئەمدى ھەر كۈن پۇشايمان،
ھەسرەت بىلەن ئۆرتىنەر دىلىم.
كېچە-كۈندۈز ئارمان ئىلكىدە
شۇ بىر سۆزنى تەكرارلار تىلىم:

«ئاھ، ياشلىقىم، كەلسەڭچۇ يېنىپ!
ۋىسالىڭغا ئالسام مەن قېنىپ.
ھەغدادىڭغا يەتكۈزۈپ سېنى،
نۇر چاچقۇزسام يۇلتۇزدەك يېنىپ.»

ئىبراھىم نىياز

## تاڭ سەھەر...

ئاھ، تاڭسەھەر، ئىلھامغا باي تاڭ سەھەر،
ھەر تال نۇرۇڭ ماڭا ئىلھام بېغىشلار.
سەن سۆيگۈگە، ھېسلارغا باي نەقەدەر،
سۆيگۈلىرىڭ مېنى قانماي باغاشلار.

مەن ئالىمەن سەندىن تاتلىق ھېسلارنى،
ھېسلىرىڭدىن نۇرلىنىدۇ تىلىكىم.
سەن كېلىسەن ئېلىپ قايناق ھېسلارنى،
ھەربىر سۆيسەڭ شادلىنىدۇ يۈرىكىم.

شۇنداق ئۆتتۇق، ھېسلىرىمىز قوشۇلدى،
مەن ئىشقىمنى يوشۇرالماي سېنىڭدىن.
سەن كۈلگەندە يار قېشىمدا تۇيۇلدى،
مەن قانداقمۇ ئىلھام ئالماي سېنىڭدىن.

ئاھ، تاڭ سەھەر، ساڭا ئامراق ھېسلىرىم،
ئېرىشىمەن سەندىن قايناق ھاياتقا.
جاراڭلايدۇ سەندە مېنىڭ كۈيلىرىم،
ئېرىشىمەن سەندىن ئەركىن قاناتقا.

ئىبراھىم غەپپوروۋ (سوۋېت ئىتتىپاقى)

# قەشقەردە

ئاينىڭ تۇپرىقى قانداق بولۇشىنى كۆرگەن ئەمەسمەن. ئۇنى كائىنات توغرىسىدىكى كىنو پارچىلىرىدىنلا ئانچە-مۇنچە بىلىمەن: چەكسىز، بىپايان، سىرلىق سەھرا، قاتمۇ-قات بولۇپ كەتكەن غۇبارسىز، بەلكى غۇبارمۇ ئەمەس، چاڭ-توزان، بەلكى چاڭ-توزانمۇ ئەمەس، كۆزگە كۆرۈنە-كۆرۈنمەس زەررىلەر... كېمە بولسا ئاستا-ئاستا ئۆمىلەپ ماڭىدۇ... ئۇنىڭدىن قالغان ئىزلار خۇددى باغرىنى تۇپراقتا باسقاندەك روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇلار كائىناتنىڭ چەكسىز بوشلۇقلىرىدىن ئايغا كېلىپ قونغان زەررىلەرمۇ ياكى ئاينىڭ سۇپىسىدا ئەبەدىي قونۇپ قالغان يەرنىڭ «ئەلچى» لىرىمىدۇ؟

خۇددى ئاي تۇپرىقىغا ئوخشاش يەرگە قوندۇق. بۇ يەردە تەڭرىتاغ تىزمىلىرى بىلەن جەنۇب ۋە شەرققە قاراپ سوزۇلۇپ كەتكەن ھەيۋەتلىك قارا قۇرۇم تىزمىلىرى ئوقيانىڭ تانىسىغا ئوخشاش ئۇچرىشىدۇ. ئوقيانىڭ تانىسىغا قەدىمكى قەشقەر جايلاشقان. قەشقەردىن شەرققە قاراپ كەتكەن ئىككى چوڭ تاغ تىزمىلىرى باغرىدا قانچىلىغان ئادەم ئەجدادلىرىنى، ئەۋلادلىرىنى ۋەھىمىگە سېلىپ كەلگەن سىرلىق تەكلىماكان... يۈرەكنى ئۆرتەيدىغان، يەر بىلەن ئاينىڭ ئاچا-سىڭىل ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇرىدىغان سەھرا ئۇنىڭ جىمجىتلىقى يۇتۇۋېتىمەن، دەيدۇ، ھەتتا دۇنيانىڭ ئەركىن ئوغلى شامال ۋە ئۇنىڭ ئەمچىكى بولغان بۇلۇتمۇ تەكلىماكاندىن قورقىدۇ. شامال تەكلىماكانىنىڭ چەكسىز قۇملۇق كىتابلىرى ئۈستىدە ھۆركۈپ، ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن چىقىدۇ، ئايلىنىپ-ئايلىنىپ ئۇچىدۇ. ھېلىغىچە ھېچكىم ئوقۇپ چىقمىغان قۇم كىتابلىرىنىڭ ۋاراق-ۋاراق سەھىپىلىرىنى تىنماي ئاچىدۇ، ئۇلارنى ئوقۇماقچى بولىدۇ. شائىرىمىز ۋلادىمىر رېتسېپتېرنىڭ بىر شېئىرىدا، ئايروپىلانىمىز ئوكيانىنى ۋاراقلايدۇ،

دېگەن قۇرلىرىنى ئوقۇغانىدىم. بۇ يەردە شامال قۇم كىتابلىرىنى ۋاراقلايدۇ، ئوقۇشنى مىڭ يىللارچە ئۆزۈنۈپمۇ قاملاشتۇرالماي پىغانى چىقىپ، بۇرۇلۇپ-بۇرۇلۇپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلىدۇ، كىتابنىڭ زەررىلىرىنى ئېلىپ، يىراق-يىراقلارغا دىۋانىدەك يۈگۈرۈپ كېتىدۇ، يەنە ئوقۇيمەن دەپ پەسكە چۈشىدۇ، سەرسان بولۇپ يۈگۈرەيدۇ، كېيىن ھېرىپ كېتىپ، ئۈنسىز، ئىزسىز ئاستاغىنا قۇمغا يىقىلىدۇ...

بۇ يەرگە كىرىش بار، چىقىش يوق، دېيىشىدۇ قەدىمدىن تارتىپ ئۇيغۇرلار. ئۇنىڭغا قەدەم بېسىپ كىرگەن ھەر قانداق تىرىك جان خەۋەرسىز يوقىلىدۇ. ھەتتا شۇ شامالنىڭ ئۆزىمۇ تەكرىتاغ چوققىلىرىدىن چۈشكەچ، ئاخىردا تەكلىماكان كەڭلىكلىرىنى ئەبەدىي كېزىدۇ، ئۆزىنىڭ قايتىپ چىقىش يولىنىمۇ تاپالمايدۇ.

قەشقەردە ھاۋا ئاللىقانداق ئاپئاق تۇستە بۇسلىشىپ ياتىدۇ. بۇ ئاق بۇسنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى، قەيەردىن چىقىۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولمايدۇ. ئەتراپىدىكى قات-قات تاغلاردىن چۈشتىمۇ ياكى تەكلىماكاندىن چىقتىمۇ ياكى بۇ يەرنى ئوراپ تۇرغان تەكشى شېغىل-تاش سايلىقلاردىن كەلدىمۇ؟ ئادەم گويا بىر چاغلاردا قۇرۇپ كەتكەن چېگرىسىز دېڭىزنىڭ تېگىدە يۈرگەندەك بولىدۇ.

قانداق بولمىسۇن سېنتەبىرنىڭ بېشىدا قەشقەرنىڭ يەرلىرى بۇسلىشىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭغا يەردىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ-توزانلار قوشۇلۇپ كېتىدۇ، گويا قەشقەر بوۋاي ئۆزىنىڭ كونا پالاسلىرىنى تىنىمسىز قېقىۋاتقانغا ئوخشايدۇ.

مەن بۇ ھاۋاغا زادىلا كۆنەلمىدىم. تۇمان دېسىڭىز تۇمان ئەمەس، بۇس دېسىڭىز بۇس ئەمەس... لېكىن كۆزىڭىزنى دائىم توسۇپ تۇرىدۇ. بىر قونغان يەردە يىراق-يىراقلاردىن يەڭگىل تۇمان پەردىسىگە ئورالغان قەدىمىي قەبرىلەر كۆزگە ئان-دا-ساندا چېلىقىدۇ، ئۇلار شۇنچىلىك سىرلىق ھەم ئاجايىپ كۆرۈنىدۇكى، ئادەم ئۇلارنىڭ ھەقىقەتەنمۇ بارلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ ۋە گويا ئۇ يەرلەردە، يەرگە ئەمەس، ئاسمان باغرىغا قۇرۇلغان شەرق قەسىرلىرىدە ئەپسانىلەر... ۋەيەنە ئەپسانىلەر توقۇلۇۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. راستىنلا بۇ كونا تۇپراق، ئۇنىڭ ساناقسىز يادىكارلىقلىرى باغرىدا نى-نى ئەپسانىلەرنىڭ سىرى ھېلىغىچە ئېچىلماي يېتىپتۇ... ئۇلارنىڭ يىلنامىسى 10 مىڭ يىللار بىلەن ئۆلچىنىدۇ.

«خەلق يولى» دەپ ئاتالغان ئۇزۇنغا سوزۇلغان كوچا ئۇ بىزنى قەشقەرگە ئېلىپ كىردى. ئىككى-ئۈچ قەۋەتلىك ئۆيلەر، بانكا، پوچتىخانا، كىنوخانا، قەشقەرنىڭ مەركىزىي مەيدانى ھېيتكا. نېرىدا بىر-بىرىگە مىنگىشىپ كەتكەن پاكار-پاكار ئۆيلەر، تۇمانلار بېلىدىن ئورىغان تالزارلار. قەشقەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كىچىك بىر دەريا ئېقىپ ئۆتىدۇ. ئۇ شەھەرنىڭ ھاياتى، كۆركى، ئۈمىدى. ھازىر ئۇنىڭ سۈيى ئازىيىپ كەتكەن، كىچىك تارامغا ئايلىنىپ قالغان. لېكىن شەھەردىكى كۆل سۇ بىلەن تولغان. ھازىر جىمجىت ۋە ئادەمسىز كۆلمۇ، دەريامۇ تۇمانلىنىپ تۇرىدۇ. باھار چاغلىرى بۇ يەرلەر تۇتاش گۈلشەنگە ئايلىنىدۇ،

بۇ يەردە ساياھەتچى كۆزىگە ھەممە نەرسە يېڭىلىق بولۇپ كۆرۈنىدۇ. كۆزۈم

يېڭىلىقلاردىن قاماشتى. شۇ يەردە ھەمراھىمنىڭ قىزىقارلىق ۋەزمىن ھېكايىسىنى ئاڭلىدىم:

— قەشقەردە بەش يىل ئىشلىدىم. ئاتا - ئانام ساددا، لېكىن ناھايىتى تەقۋادار ئادەملەر ئىدى. 50 - يىللارنىڭ باشلىرىدا شاڭخەيدىن بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەنلەر شۇ چاغدا يېڭى يەرلەرنى ئۆزلەشتۈرۈشكە كىرىشكەنىدى. ئىچكى جۇڭگودىن شىنجاڭغا يەر ئېچىش ئۈچۈن ئورۇنلاشقان ئائىلىلەر كۆچۈپ كېلىشكە باشلىغانىدى.

لېكىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» باشلىنىپ كەتتى. مەن ياش ئىدىم، بىلمەيمەن، ئاتامنى نېمە باھانە بىلەندۇر «ئەكسىلئىنقىلابچى» دەپ ئەيىبلىدى ۋە تۇتۇپ كېتىشتى. شۇنىڭدىن بېرى كۆرگىنىم يوق. ئانام بىلەن ئىككىمىز يالغۇز قالدۇق.

مەن ئوقۇدۇم. كېيىن شۇ يەردە مۇخبىرلىق قىلدىم. ئۇ چاغلاردا قەلەم ھەققى دېگەن نەرسە يوق ئىدى. ئۆلمەسلىكنىڭ كۈنى تۈگىمەس دېگەندەك... ھازىر قاراڭ، ئامان - ئېسەنلىك. ئۇ چاغلاردىكى قالاقلىقنى ھازىر تەسەۋۋۇرمۇ قىلغىلى بولمايدۇ. بۇ يەردىكى يادىكارلىقلارنى كۆرگەن بولسىڭىز كېرەك، ئۇيغۇرلار ۋە ئومۇمەن بۇ يەرلەردە ياشاپ كەلگەن تۈركىي خەلقلەر ناھايىتى قەدىمىي مەدەنىيەت، ئەخلاق - ئەدەبكە دائىر قاراشلارغا ئىگە.

لېكىن نېمىنىڭ تەسىرىدىندۇ، بىلمەيمەن، ئوقۇش، مەرىپەت، تېخنىكىغا قىزىقىدىغانلار ناھايىتى ئاز ئىدى.

خۇداغا شۈكرى... ئازادلىق قەددىمىزنى كۆتۈردى... نەپەس ئال، دېدى.

راست... قەددىمىزنى كۆتۈردۇق، مەن ھازىر كىچىككىنە بىر ئۆيدە تۇرىمەن. كونۇم قەشقەر ئەتراپلىرىدىكى يېزىلاردا ئۆتىدۇ. بىردە قىشلاقنى يېزا دېيىشىدۇ. بۇ سۆز قەشقەرى لۇغىتىدىمۇ بار. ئۆيگە ھېرىپ - ئېچىپ قايتىمەن. چاڭ - توزان ئېلىپ كېلىدىغان بورانلار توختىماي چىقىپ تۇرىدۇ. چاڭ - توزان ھەممە تەرەپتىن كىرىپ كېلىۋېرىدۇ، كۆزۈڭ، ئاغزىڭ چاڭغا تولىدۇ. كەچتە يۇيۇپ قۇرۇتۇش ئۈچۈن يېيىپ قويغان كىيىم - كېچەكلىرىم ئەتىسىگىچە يەنە ئاپئاق چاڭ بىلەن بۇلغىنىپ قالىدۇ. ئادەملەرنىڭ ھەممىسى باشتىن - ئاياغ شۇنداق چاڭ بىلەن قاپلىنىپ ياتقان بولسا كېرەك دەپ ئويلايتتىم... ئاتامنى سېغىناتتىم ... كۆزۈم چاڭ بىلەن تولاتتى.

قەشقەر تەكلىماكاننىڭ ئىشىكى...

— شۇ چاغلاردا، سىز ياش يىگىت، نېمىلەرنى ئويلىدىڭىز؟

ھەمراھىم جىمىپ قالدى، ئۇنىڭ خىيالچان قاراشلىرى ئۆتۈپ كەتكەن يىللارغا سىڭىپ كەتكەندەك ئىدى.

— ھېچ نەرسىنى ئويلىمىدىم، پەقەت ئىشلىدىم. قىيىنچىلىقتىن مېھنەت قۇتقۇزدى. مېھنەتمۇ قىيىنچىلىق. تۆمۈرنى تۆمۈر كەسكەندەك ئېغىرچىلىقنى - ئېغىرچىلىق كېسىدۇ. ئويلايدىغان بولسام ياشاشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ئويلىساڭ كۆلپەت كېلىدىغان

ۋە ئۇنىڭغا چىداپ بولمايدىغان پەيت ئىدى. قابىلىيەتلىك ئادەملەرنىڭ قەدىر - قىممىتى قالمىدى. كىمىكى زىيالىي بولسا، يارامىلىق بولسا، يەرگە ئۇرۇلدى، تالانتلىقلار ئاياغ - ئاستى قىلىندى. لېكىن شۇ چاغدا كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگەندىم، كۆپ نەرسىلەرگە ئەقلىم يەتتى. كېيىن مانا قەدەممۇ - قەدەملەپ قەلەم ھەققى ئالىدىغان بولدۇق.

— بىلەمسىز، مەن ھازىر ناھايىتى غەلىتە تەسىراتلار ئىچىدە قالدىم. خۇددى ئاجايىپ، ئادەتتىن تاشقىرى بىر كۈچ مېنى باللىقىمغا قايتۇرۇپ ئېلىپ كەلگەندەك تۇيۇلۇۋاتىدۇ. باللىق چاغلىرىمدىكى تاشكەنت، سەمەرقەند، ئۈرگەنچنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدا ئايلىنىپ يۈرگەندەكمەن. ئەمدى بۇنداق مەنزىرىلەرنى چۈشلىرىمدىلا كۆرۈمەن... كونا تۇپراقلىق قەلئەلەر، قورقۇنچلۇق غارلار، باش - ئايىغىنى بىلىپ بولمايدىغان لەخمىلەر، پاكار قاشالىق تاملار ۋە ئاشۇ تىنچ، خاتىرجەم ئاپتاپ پەرۋىش قىلىنغان باغلار... ئات، ئېشەك ھارۋىلىرى تىقىلىپ كەتكەن تار ئايلانما كوچىلار... بازارلار...

— ئەنە بازار! قەشقەرنىڭ بازارلىرىنى ئەمدى كۆرىسىز. شەھەرنىڭ ئۆزى بىر تۇتاش بازار بولۇپ كېتىدۇ. مەن بۇ يەرلەرنىڭ بازارلىرىنى ياخشى كۆرىمەن. شەرقنىڭ بازارلىرى ئاجايىپ تاماشىخانا، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق. بازار شەرقنىڭ نىجاد يۇلتۇزى، ئۇنىڭ بۇيۇك ئۆلمەس كەشپىياتى. بازار ئالدى - ساتتى قىلىدىغان جايلا ئەمەس، بازار مۇئامىلە مەيدانى. ئۇ ئادەملەرنى بىرلەشتۈرىدۇ، ئۆزئارا بىر - بىرلىرىنى تونۇشتۇرىدۇ، مۇڭداشتۇرىدۇ. بازار شەرقنىڭ يۈرىكى. ئەتىگەندىلا ئۇنىڭ ئىچىگە كىرسىڭىز، كەچكىچە چىقالمايسىز.

مولچىلىقنى كۆرۈۋاتامسىز، بازارلار، يوللار قوغۇن - تاۋۇز، مېۋە - چېۋىگە تولۇپ كەتكەن. ھازىر چارۋىچىلاردا چارۋا مال، دېھقانلاردا ئاشلىق، غەللە كۆپەيدى. ھەممىسى جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1978 - يىلدىكى 3 - ئومۇمىي يىغىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆتكۈزۈلگەن 12 - قۇرۇلتاينىڭ شاراپىتى. گۇڭشېلار ئەپلەشمىدى. ھازىر ھەممە يەرلەر دېھقانلارغا توختام بويىچە كۆتۈرە بېرىلگەن. ھوسۇلدارلىق قىسقا ۋاقىت ئىچىدە خېلى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. ھېچ بولمىغاندا، قاساپ بازارلىرىنى كۆرۈڭ. بۇرۇن بۇنداق ئەھۋال نەدە بولسۇن؟ شۇنداق تۇقچىلىق — يېڭى سىياسەت، ئۆزگىرىشلەرنىڭ نەتىجىسى...

پارتىيىمىز، دۆلىتىمىز باي بولۇڭلار، باي ياشاڭلار، دەۋاتىدۇ. كەمبەغەلچىلىكنى تازا كۆردۇق. ئۇنى كۆكلەرگە كۆتۈرۈپ ماختىدۇق. كەمبەغەلچىلىك، كەمتەرلىكنى شەرەپ دەپ كۆرسەتتۇق. مۇشۇنداق خىياللار بىلەن كەمبەغەللەشكەنسېرى كەمبەغەللىشىپ كېتىۋەردۇق. شۇنداق دەپ يۈرۈپ، كەمبەغەلچىلىكنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسىغا بېرىپ يەتتۇق. مانا ئەمدى ئاچچىق تەجرىبىلەردىن كۆرۈۋاتىمىزكى: كەمبەغەلچىلىك بىلەن ئۇلۇغ مەقسەتلەرگە يەتكىلى بولمايدىكەن...

ھە، كېيىنكى 20 يىللىق ئاچچىق تەجرىبىلەر ئادەملەرگە كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگەتتى، ئۇلارنى ئەقىللىق قىلىپ قويدى. ئۆز پوستىغا ئۆزى بېكىنىۋېلىپ ياشىغاندا،

تارىخىي تەرەققىيات قانۇنلىرى، ئادەملەرنىڭ ئاڭ ـ پىكرى، روھىي كەيپىياتىنى ئېتىبارغا ئالمايدىغان يالغان ئۇلۇغ تەجرىبىلەر خەلقىمىز، دۆلىتىمىز، ئۇنىڭ جاھان ئالدىدىكى ئورنى، ئابرويىغىمۇ ناھايىتى يامان تەسىر قىلىدىكەن.

ھازىر جۇڭگو ھەممە دېرىزە ۋە ئىشىكلىرىمىزنى دۇنياغا كەڭ ئاچىمىز، دۇنيادىكى دۆلەتلەر بىلەن ھەر ساھەدە كەڭ ئىقتىسادىي، مەدەنىي ئالاقىلەرنى قىلىمىز، سودا ـ سېتىقنى يولغا قويىمىز، دەپ كەلمەكتە ۋە بىر نەچچە يىلدىن بېرى شۇ يولدا ئىزچىل قەدەم تاشلاپ كېلىۋاتىدۇ.

دۆلىتىمىزگە كۆپلىگەن چەت ئەللىكلەر، ساياھەتچىلەر، ئىش بىلەرمەنلەر، مۇتەخەسسىسلەر، پۇل تاپار سودىگەرلەر كەلمەكتە. ئامېرىكا، ئىتتىپاق گېرمانىيىسى، ياپونىيە ۋە باشقا غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرىدىن كەلگەن كىشىلەرنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەھەر ـ يېزىلىرىدا كۆپلەپ ئۇچرىتىش مۇمكىن. ئۇلار كۆپىنچە بۇ يەرگە ئۆز تېخنىكىلىرى، تۈرلۈك ماشىنىلىرى ۋە تۈرلۈك ـ تۈمەن ئۆزئارا پايدىلىق تەكلىپلىرى بىلەن كەلگەن.

ئۇلارنىڭ كۆپىنى كۆرۈپ، كۆپىنى مۆلچەرلەپ، مەغلۇبىيەتتىن پىشىپ كەتكەن كۆزلىرى ۋە ئەقىللىرى بۇ مەملىكەت پۈتمەس ـ تۈگىمەس بايلىقلارغا، تېخى ئىنسانىيەتنى ھەيرەتكە سالىدىغان، جىددىي پىكىر ـ مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشكە مەجبۇر قىلىدىغان قىياس ۋە ئىمكانىيەتلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھازىردىن باشلاپ ناھايىتى ئېنىق بايقىماقتا.

جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان جاۋ زىياڭ ئامېرىكىدا چىقىدىغان «ئاتلانتىك» ژۇرنىلىغا بايان قىلغان سۆھبىتىدە: «ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتى ـــ جۇڭگونىڭ ئۇزۇن ۋاقىتقىچە مۆلچەرلەنگەن، ئاساس ـ ئېتىبارغا ئىگە بولغان يولىدۇر، ئۇ دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى ھەم خەلقنىڭ بېيىشىغا قارىتىلغان. بىز قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىز بىلەن قانائەتلىنىپ قالمايمىز، تېخىمۇ ئىلگىرىلەيمىز» دەپ ئېيتتى («ھەقىقەت» 1987 ـ يىل 4 ـ يانۋار).

مەملىكەتتە چەت ئەللەر بىلەن جۇڭگو ھەمكارلىشىپ مەبلەغ سېلىش ئاساسىدا ئىشلەۋاتقان كارخانىلار 1983 ـ يىلى 183 بولغان بولسا، كېيىنكى ئۈچ يىل ئىچىدە ئۇنداق كارخانىلارنىڭ سانى 3 ھەسسىگە يەتكەن، يېقىن ئارىدا بۇنداق كارخانىلارنىڭ سانى 25 ھەسسىگە يېتىدىكەن.

بۇنداق كارخانىلار شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىدىمۇ بار. ئۇلاردىن بىرى ـــ تەڭرىتاغ يۇڭ توقۇمىچىلىق فابرىكىسى. بۇ كارخانا جۇڭگو ـ ياپونىيە كاپىتال سالغان مەبلەغ ھېسابىغا 1981 ـ يىلى قۇرۇلغان. ئۇنىڭغا 13 مىليون 800 مىڭ دوللار سەرپ قىلىنغان. فابرىكا شۇ قەرزنى 15 يىلدا ئۆزۈشى كېرەك. كارخانا بىر ـ بىرىنى تولدۇرىدىغان ئۈچ شېرىك فابرىكىدىن تەشكىل تاپقان. بىر يېرىم مىڭغا يېقىن ئىشچى ـ خىزمەتچى ئىشلەيدىكەن. كارخانىنىڭ تەييار يۇڭ ـ

تۆۋت مەھسۇلاتلىرى دۇنيانىڭ كۆپ مەملىكەتلىرىگە، ئاساسەن ياۋروپا، ئامېرىكا، ياپونىيىگە سېتىلىدۇ، كارخانا ماللىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىمۇ ئالىدۇ.

كارخانا دەسلەپ ئۆز مەھسۇلاتلىرىنى، ئېيتايلۇق، ئامېرىكىدا كىچىك دۇكانلاردا ساتقان، ئەمدىلىكتە بولسا ئالغان پايدىلىرى ھېسابىغا شۇ مەملىكەتلەردە يىرىك مەخسۇس ماگىزىنلار قۇرۇۋالغان. بۇ كارخانا ئىشلەپچىقىرىۋاتقان ماللار ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى چىرايلىق، پىششىق بولۇپ، تۈرلۈك مەملىكەتلەردىكى تۈرلۈك تەبىقىدىكى خېرىدارلارنىڭ قىزىقىشلىرىنى ھېسابقا ئالغان ھالدا ئىشلەنگەن. ئۇلارنىڭ رەڭلىرى جۇلالىق، بېزەكلىرى ساددا، لېكىن دىققەتنى تارتماي قويمايدۇ.

مانا شۇ كارخانا 15 يىلدا ئەمەس، ئۈچ يىلدىلا قەرزدىن قۇتۇلۇپ، 1985 - يىلى ئاپرېل ئېيىدىن باشلاپ ئالغان چوڭ پايدىسىنى ئۆز ئېھتىياجلىرىغا ئىشلىتىشكە باشلىغان. پايدا كارخانىنى كېڭەيتىش، ئاۋاتلاشتۇرۇش، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىجتىمائىي تەلەپلىرى ۋە ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن سەرپ قىلىنىپتۇ.

كارخانا ئىشچىلىرىنىڭ بىر ئايلىق ئوتتۇرىچە مائاشى 210 يۈەنگە يېتىدىكەن. بۇ باشقا فابرىكىلارغا قارىغاندا 40% ئارتۇق. فابرىكا چۈشلۈك تاماقنى پۇلسىز بېرىشنى يولغا قويغان. كېچىسى ئىشلىگەنلەر قوشۇمچە ھەق ئالىدىكەن. ئىشچىلارغا مەخسۇس كىيىم - كېچەك بېرىلىدىكەن.

مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتى ياخشىلىنىپ، بازىرى كېڭەيگەنسېرى ئىشچىلارنىڭ پاراۋانلىقى، كارخانىنىڭ قۇدرىتى، ئۇنىڭ دۆلەتكە بېرىدىغان پايدىسىمۇ ئۈزلۈكسىز يۈكسىلىپ بېرىۋېتىپتۇ.

قەشقەرگە قايتايلى.

بىز سەمەن مېھمانخانىسىدا تۇرۇۋاتىمىز. بۇرۇن بۇ يەردىكى بىر قەۋەتلىك خىشتىن ياسالغان ئۆيلەردە رۇس كونسۇلخانىسى جايلاشقان ئىكەن. مېھمانخانا ھازىر يېڭى كورپۇس سالغان، ئۇنىڭ ئۆزىگە يارىشا باغ - ھويلىسى بار.

بۇ يەردە پاكىستانلىقلار كۆپ.

ئۇلار كۈن بويى نېمىلەرنىدۇ ھېسابلاپ، بەك ئالدىراشتەك كۆرۈنىدۇ.

كەچقۇرۇنلۇقى ھويلا خىلمۇخىل مىللەتلەرنىڭ پەرزەنتلىرى بىلەن تولۇپ كېتىدۇ. ئىچكىرىدىن تېلېۋىزور ئېلىپ چىقىپ ھويلىغا قويۇشىدۇ. قوشنا ھويلىلاردىن بالا - چاقا، خوتۇنلار چىقىشىدۇ.

جۇڭگو تېلېۋىزىيىسى كۆپلىگەن چەت ئەل فىلىملىرىنى كۆرسىتىدۇ. بىز كەلگەندە ياپونىيىنىڭ «ئاشىن» دېگەن كۆپ قىسىملىق فىلىمىنى قويۇۋاتقانىكەن. ئايالنىڭ پېداكارلىقىغا ئائىت 36 - ، 37 - قىسىملىرىنى شۇ يەردە كۆردۈم.

جۇڭگو ئۆزىنىڭ مەدەنىي تەرەققىياتىنى چاپسانلاشتۇرۇش كويىدا بولۇۋېتىپتۇ. باشقا مەملىكەتلەر قولغا كەلتۈرگەن تەييار نەتىجىلەرنى چاپسان ۋە ھەر تەرەپلىمە ئۆزلەشتۈرۈش، بۇ ساھەدە كۆپ نەرسىلەرنى يوقاتماسلىق يولىنى تۇتۇپتۇ. ئۆز دەۋرىدە پېتر

روسىيە ئۈچۈن شۇنداق سىياسەت تۇتقاندى.

شىنجاڭ تېلېۋىزىيىسى كۈندىلىك ھايات يېڭىلىقلىرى ۋە بولۇپمۇ بالىلار تەربىيىسى، ئۇلارنىڭ ئىلمىي-پەننىي دۇنيا قاراشلىرىنى ئۆستۈرۈشكە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدىكەن.

دۇنيادا بولۇۋاتقان ھەممە ۋەقەلەرنى خېلى كەڭ يورىتىدۇ ۋە پۈتۈن جۇڭگو مەنپەئەتلىرى نۇقتىئىنەزەرىدىن باھالايدۇ.

قەشقەر قەدىمىي كىچىك شەھەر، ئۇ تەرەققىي قىلالمىغان. ئۇ كەلگۈسىدىمۇ چوڭ شەھەر بولمىسا كېرەك. چۈنكى تەبىئىي ئىمكانىيەتلىرى شۇنداق، چەكلىك. لېكىن ھازىرقى شارائىتتا قەشقەرنىڭ ئورنى خېلى ئۆسۈشى مۇمكىن. ئۇ قاراقۇرۇم داۋان يولى ئارقىلىق يېقىن شەرق مەملىكەتلىرىگە چىقىش ئۈچۈن ناھايىتى ئەپلىك. داۋاندىن ئېشىپ ئۆتكەندە پاكىستان، ئافغانىستان، ئىران، ھىندىستان ۋە ئۇنىڭ نېرىسىدا ئەرەب مەملىكەتلىرى باشلىنىدۇ.

قەشقەر ئەمدى ئۆزىگە نەزەر سېلىۋېتىپتۇ. خۇسۇسىي ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئەمدىلەتىن يەڭگىل يۈك ماشىنىلىرى سېتىپ ئېلىشىۋېتىپتۇ. كوچىلاردا ئۈستى سايىۋەنلىك، چىرايلىق بېزەلگەن ئات تاكسىلىرى كۆپ. ھەمراھىم قىرغىز شائىرى جولۇن مامىتوۋ «ئات تاكسىلىرى» غا ناھايىتى ئىشتىۋاز بولۇپ قالدى.

— يۈرۈڭ، چۈشەيلى! — دېدى ھەدەپ مېنى ئۈندەپ.

شەھەرلىكلەر «ئات تاكسىلىرى» دىن رازىمەنلىك بىلەن پايدىلىنىدىكەن. ھارۋىكەش ئەزىمەتلەر سىزنى خالىغان جايىڭىزغا بىردەمدىلا ئاپىرىپ قويىدىكەن. بەزىدە بۇ «ئات تاكسىلىرى» غا توپ-توپ ئۇيغۇر قىزلىرى ئولتۇرىدىكەن. ئۇلارنىڭ رەڭمۇرەڭ قىزىل لىباسلارغا پۈركەنگەن كۆرۈنۈشى كۆزنى قاماشتۇرىدۇ. گويا چوڭ بىر گۈل كوچا ئوتتۇرىسىدىن يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ، ھەممە تەرەپكە ۋە ھەممىگە ئەتىر چاچقاندەك...

مەن گالستۇك تاقىغان ئادەمنىڭ «ئات تاكسىسى» دا ئولتۇرۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىدىم. لېكىن جولۇن ماڭا قارىغاندا ئەركىنرەك ۋە زوقلۇقراق ئىكەن. بىر كۈنى:

— مەن ھارۋىغا چۈشتۈم! — دەپ كەلدى ئۇ سۆيۈنۈپ.

ئومۇمەن ئالغاندا، شىنجاڭدا ترانسپورت قىيىنچىلىقلىرى خېلى بار.

ئۈرۈمچىدىكى ئاپتوبۇس بېكەتلىرىدە ئادەم دائىم كۆپ، تىقما-تىقماق. تروللېبوس، تراموۋاي، مېترو (يەر ئاستى پويىز يولى) بۇ يەرلەرگە تېخى يېتىپ كەلمىگەن. ئاساسىي قاتناش قورالى ۋېلسىپېت، ئات، ئېشەك ۋە ئۇيغۇرلار «سوپەك» دەيدىغان كىچىك تراكتور. «سوپەك» چېكەتكىگە ئوخشايدۇ، چېكەتكىدەك كۆپ، چېكەتكىدەك خالىغان جايغا يېتىپ بارىدۇ. ئۇنىڭغا قايىل بولماي ئىلاج يوق. بارمىغان جايى، قىلمىغان ئىشى، كۆتۈرمىگەن يۈكىمۇ يوق. ناھايىتىمۇ ساددا، ئاددىي ھەم پۇختا ۋە ناھايىتىمۇ «جۇڭگوغا باب». ماڭا ئۇ، ماتور ئورنىتىلغان چاقلىق زەمبىلگە ئوخشاپ كۆرۈندى. شىنجاڭنىڭ قايسى يېرىگە بارمايلى، ئەلۋەتتە «سوپەك» نىڭ بىر ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. مەن بۇ ئەدىگەكچان قارا تراكتورچاققا تەن بەردىم. دېھقانلار ئۈچۈن شۇنداق

پىششىق، پۇختا، كىچىككىنە تراكتورلار بەكمۇ زۆرۆر. ئۇ دېھقانلارنىڭ ئاساسىي يۈكىنى كۆتۈرىدۇ، ئۇنىڭ ئېغىرىنى يەڭگىل قىلىدۇ.

لېكىن بۇ يەرگە ياپونىيىنىڭ تۈرلۈك ماركىلىق ئاپتو ماشىنىلىرى خۇددى ئاسماندىن ياغقاندەك يېغىۋېتىپتۇ.

شەھەرنىڭ كوچىلىرى بولسا تار، ۋېلىسىپىتلار، ھارۋىلار، «مىتسۇبىسى»، «تويوتا»، «سۇدزوكى» لەر تىقىلىشىپ كەتكەن، بەزى پىيادىلىكلەر قەيەردىن مېڭىشىنى بىلمەيدۇ.

شەھەرلەر بىلەن شەھەرلەر ئارىسىدىكى يوللارمۇ ئانچە كەڭ ئەمەس. يېقىنقى بىرئىككى يىل ئىچىدە جۇڭگونىڭ يوللىرىدا تىقما-تىقماقچىلىق بەكمۇ ئېشىپ كېتىپ، چوڭ قىيىنچىلىقتا ئايلانسا كېرەك، ئۆسۈش، ئۆزگىرىش بەكمۇ شىددەتلىك.

ئىلگىرى شىنجاڭدىكى جىددىي تەرەققىيات كۆزدە تۇتۇلمىغان بولسا كېرەك، زامانىلاشقان يوللار ئۈچۈن تەييارلىق قىلىنمىغان.

ھاۋا يوللىرى، تۆمۈريوللار، قۇرۇقلۇق يوللىرى — جۇڭگونىڭ كۆپ يىللاپ مېھنەت قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئايرىم يوللار، خۇسۇسەن قاراقۇرۇم داۋان يولى، تۇرپاندىن باياۋان چۆل ئارىلاپ قۇمۇل ۋە ئۇ يەردىن جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىگە بارىدىغان يول ھازىرقى دەۋر تەلەپلىرى ئاساسىدا تۈزىتىلمەكتە ۋە مۇستەھكەملەنمەكتە.

قەشقەردە ئۇششاق ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا-سېتىق ۋە خۇسۇسەن لەزىز تائاملار سەنئىتى ئەۋج ئالغان.

سامسپەزلەر، كاۋاپچىلار، لەگمەن ئۇستىلىرى، ناۋايلار رەستە-رەستە بولۇپ نۇرغۇنلىغان كوچىلار، مەيدانلار، يېزا يوللىرى، گوزەرلەرنى ئىگىلەپ ئالغان.

— كەلسىلە! — دېگەن جاراڭلىق قىچقىرىشلار ئۈزلۈكسىز ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ.

يېمەك-ئىچمەك دۇكانلىرى كونىراپ كەتكەن. ئىس، قۇرۇم ياغ، داغلىرى باسقان، قارىيىپ كەتكەن، ئەمما تائاملىرى لەززەتلىك، مەززىلىك. ئۇلارنىڭ كۆرۈنۈشلا ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئىشتىھاسىنى ئاچىدۇ ۋە تاماققا بولغان زوقىنى قوزغايدۇ.

ئاشپەز، ناۋايلار كوچىنى، يولۇچىلارنى دىققەت بىلەن كۆزىتىپ تۇرىدۇ، كەيپىنى بۇزماسلىققا تىرىشىدۇ، سىزگە باشتىن-ئاياغ تازا سىنچىلاپ قارىشىدۇ، گەپكە سالىدۇ، ئاجايىپ خەلق...

قەشقەر خەلقى بولۇپمۇ نان يېقىشقا ۋە پىچاق سوقۇشقا ئۇستا ئىكەن. نانلارنى تازا ئۇبدان پىشۇرىدىكەن، نانلارنىڭ كۆرۈنۈشى، يۈزى بەكمۇ چىرايلىق، بەكمۇ يۇمشاق ھەم لەززەتلىك.

بازارلاردا ئاجايىپ سەنئەتكارلىق بىلەن ئىشلەنگەن كۈمۈش ساپلىق پىچاقلارنى كۆردۇم. قەشقەر پىچىقى بۇرۇندىن تارتىپ داڭلىق ۋە ئۇيغۇرلار قەشقەرنىڭ پىچىقى «دۆلەت كەلتۈرىدۇ» دېيىشىدۇ. بۇنىڭ راستلىقىنى كىم بىلسۇن...

قەشقەر خەلقىنىڭ قەدىمدىن شەكىللەنگەن ئەمەلىي سەنئەت تۈرلىرى كۆپ. خەلقىنىڭ ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرى ئاستا-ئاستا جاھان بازىرىغا چىقىرىلماقتا. بۇرۇنقى شۆھ-

رىتىنى ئانچە-مۇنچە تىكلەشكە ئۇرۇنۇۋېتىپتۇ.

قەشقەرنىڭ چاڭ-توپىلىق، كونا، لېكىن تامامەن شەرقچە يوللىرىدىن بابارەھىم مەشرەپنىڭ ئىزلىرىنى ئاقتۇردۇم. فۇرقەتنىڭ ۋە بۇ يەرلەرنى پىششىق ئۆگەنگەن دانىشمەن چوقان ۋە لىخانوۋنىڭ ئەسەرلىرىنى ئەسلىدىم.

ئەسلەپ-ئەسلەپ شەربەت كۆلگە بېرىپ قالدىم.

شائىر بابارەھىم شۇ كۆلنىڭ تاتلىق سۈيىنى ئىچكەن، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئاق، ئاپئاق، ھەددىدىن تاشقىرى ئاپئاق، خۇددى رۇسىيە قېيىنلىرىغا ئوخشايدىغان تېرەكلەرگە، ئۇلارنىڭ كۆپكۆك، تىنىق، پاك-پاكىزە غوللىرىغا يۆلىنىپ ئۇزاققىچە خىيال سۈرگەن.

... چۈشتى سەۋدايى مۇھەببەت باشىمە ...

ئۇنىڭ سۇ يۈزىگە ھەۋەس قىلىپ، تىكىلىپ تۇرغىنى ۋە تىنىماي ئاللىنېمىلەرنى پىچىرلىغىنى، ناخشىمۇ، غەزەلمۇ ياكى ئۇنى ئاجايىپ گۈزەللىكى بىلەن ئەسىر قىلغان رەنانىڭ نامىمۇ—بۇلارنىڭ ھەممىسىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ باقتىم.

تېرەكلەر سۇ يۈزىگە ئاپئاق سايىسىنى تاشلاپ تۇرىدۇ. كۆلدە كۈمۈش ئېرىۋاتقانغا ئوخشايدۇ. سۇنىڭ تېگى خېلى قاراڭغۇ. قارىسىڭىز دەرھال ئادەمنىڭ ئەكسى كۆرۈنىدۇ. بابارەھىم بۇ سۇدىن كىمنىڭ ئەكسىنى ئىزدىگەن؟

مەشرەپنىڭ ئۆتكۈر قاڭشالىق بۇرنى، چوڭ چاڭقاق قارا كۆزلىرى، ئاپئاق ماڭلىيىغا كۆتۈرۈلگەن قويۇق قاشلىرى كۆل ئەتراپىدىكى غەمكىن كىشىلەرنىڭ ئادەم بالىسىنىڭ تەقدىرى توغرىسىدا مەسىلە قويۇپ تالاشقانلىقلىرىنى كۆرگەندە تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كەتكەندۇر، ئۇ دائىم ئىچكى دۇنياسىدا نېمىنىڭدۇر جاراڭلاپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلغاندۇر. قوڭغۇراقمىكىن؟ ئىككى كۈمۈش تاۋاقنى بىر-بىرىگە ئاستا تەگكۈزسىڭىز شۇنداق جاراڭلىق ئاۋاز چىقىدۇ. بابارەھىم بۇ سىرلىق جاراڭلىق ئاۋازنىڭ دائىم سۆزگە ئايلىنىشىنى ۋە كۆكسىنى تاتىلاپ تۇرۇشىنى بىلىدۇ. شۇنداق چاغلاردا نېمە ئۈچۈندۇر ئۈزلۈكسىز نەمەنگان كۆز ئالدىغا كېلىدۇ. ئاندىن كېيىن كۆكسىدىن ئاھاڭ پەردىلىرىگە ئۇرۇلغان كۈيلەر باشلىنىدۇ.

كۆردۇم يۈزۈڭنى دىۋانە بولدۇم...

مىسرالار ئۇنىڭ كۆكسىدىن ئېتىلىپ چىقىپ شەربەت كۆل شولىسىغا ئالتۇن بېلىقسىمان سىڭىپ كېتىدۇ. ئادەم بالىسىنىڭ نى-نى قىيىنچىلىقلار، ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى تارتىپ ئاخىرى مەرىپەتكە يېتىشى، ئارىستوتىل تازىلىنىش دەپ ئاتىغان ھالەتكە مۇيەسسەر بولۇشى توغرىسىدا مەشرەپ شۇ يەردە خىيال سۈرگەن.

بىر قەترە ئەردىم چۆمدۇم دېڭىزغا،
كىردىم سەدەپكە دۇردانە بولدۇم...

...

بۇ سۆزلەر مەنىسىنىڭ چەكسىزلىكى ۋە چوڭقۇرلۇقى بىلەن ئادەمنى ھەيرەتكە سالىدۇ. بابارەھىم دۇنيا قۇرۇلۇشى بىلەن ئىنسان شەخسىي ئوتتۇرىسىدىكى ئۇيغۇنلۇق

ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرگە جەددىي قارىمۇ-قارشىلىقنى ناھايىتى كۈچلۈك ھېس قىلغان، تۇۋىغە يەتكەن. ئۇنىڭ بارچە گۈزەل، رومانتىك ھېس-تۇيغۇ پەردىلىرىگە ئورالغان شېئىرلىرى ئەنە شۇ ئۇيغۇنلۇق ۋە ئەنە شۇ زىددىيەتلەر بىرلىكى توغرىسىدا يېزىلغان ئىدى.

ئۇيغۇر دوستلىرىم ماڭا «پەنجىگاھ» مۇقامى ئېلىنغان لېنتىنى سوۋغا قىلىشتى. مەشرەپ مۇقاملىرىنى ئۇيغۇر مۇقامچىلىرى چەكسىز ئىجتىھات بىلەن، يۈرەكنى ئۆرتەيدىغان ئاۋاز ئېقىملىرى بىلەن كۈيلەيدىكەن. ئۇلارنىڭ ئاق تېرەكلەرنىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپ ئېيتقان بۇ باھاسىز سىمفونىيە سادالىرىغا تەڭكەش بولۇپ تۇغۇلغان گۈزەل شېئىرلار كىشىلەرنى بىر-بىرىگە نەقەدەر دوست-ئاشنا قىلىپ تۇرىدۇ-ھە!

قەشقەرنىڭ بوز يەرلىرىدە — شۇ كۆل رەڭ تۇپراقتا ئاق تېرەكلەر ئادەتتىن تاشقىرى ئاقراق بولۇپ كۆرۈنىدۇ، قېيىن تېگىدىكى قاردەك... تېرەكلەر بۇ يەرگە باشقىچە شائىرانە روھ ۋە گۈزەللىك بېغىشلايدۇ. ھە، ئاشۇ زامانلاردىن بېرى قانچە ۋاقىتلار، قانچە نەسىللەر ئۆتتى، ئۆزگەردى... يەنىلا شۇ سۇ، شۇ تېرەكلەر، شۇ كۈمۈش نەقىشلەر ئۆز پېتىچە... بۇ غەلىتە رەڭ نەزەرگە ئارام بېرىدۇ، كۆزنى ئەركىلىتىدۇ. ئۇيغۇرلار بۇ جايلارنى «ياغادۇ»» دەپ ئاتىشىدۇ. بىزنىڭچە ياغادۇ «نۇرلۇق» جاي دېگىنى. خەلق — شائىرئۇ، ئۆز يەرلىرىگە دائىم ئېنىق، دەل شائىرانە نام تاپىدۇ. بىزدە تاشكەنت ئەتراپىدا، پەركەنتكە كىرىپ بارغاندا شۇنداق كۈمۈش نۇر كۆزگە چېلىقىدۇ (شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ يەرلەرنى نۇر ماكانى دەپ ئاتاشقان).

ياش قەشقەرلىك يىگىت-قىزلار شەربەت كۆل بويىغا كېلىپ، ھەشمەتلىك ئورۇندۇقلارغا ئولتۇرۇپ، سائەتلەپ سۈرەت سىزىشنى ياخشى كۆرىدۇ، ئاق نۇرنىڭ سىرىنى تېپىشقا ئۇرۇنىدۇ.

ئەتراپتا كۆلا كىيگەن كىشىلەر كېزىپ يۈرىدۇ. زىيارەتكە كەلگەن مومايلار... كۆزىگىزگە تەلمۈرۈپ قارايدۇ. ئۇزاقلاردا قالغان تۇغقانلىرىنى ئەسلىشەمدۇ، باشقىمۇ، بۇنى كىم بىلسۇن... مومايلارنىڭ خىيالى دائىم يىقالغان قېرىنداشلىرىدا بولىدۇ. يۇرتىنى ساقلاش، قېرىنداشنى ساقلاش ھېسسىياتى قانلىرىدا ھۆكۈمران...

ئاپپاق خوجا مازىرىنىڭ ھويلىسىدا ئاپتاپپەرەسلەر گۈللەپ، ئېگىلىپ، سېرىق سامانغا مەدھىيە ئېيتماقتا. ئۇلارنىڭ سېرىق گۈلىشىنى كاشىن نەقىشلەرنىڭ كۈمۈش يالقۇنى بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن، خۇددى ئاسماننىڭ ھاۋا رەڭ كۆكى بېيىت ئېيتقاندەك.

تەبىئەت ۋە ئادەملەرنىڭ شائىرانە يۈرىكى بۇ يەردە — شۇ قەدىمىي نۇردا — ئاق، سېرىق، ھاۋا رەڭدىن ساددا ۋە باشقا ھېچ يەردە ئۇچرىمايدىغان غەزەل ياراتقانىكەن.

لېكىن ئىلاج قانچە... ۋاقتىمىز قىسقا، ئاستاغىنە نۇرلۇق ماكاننى تەرك ئەتتۇق.

قەشقەرلىكلەر ئاق سېرىققا خۇشتار كېلىدىكەن. خۇسۇسەن خوتۇن-قىزلار ۋە بالىلارنىڭ رەڭگى رۇخسارى خۇددى سۈتتە يۇغۇرۇلغاندەك. قىزلار ۋە ئوغۇل بالىلارنىڭ مەڭزىلىرى شۇنداق قىزىلكى، خۇددى ئۇستا رەسساملارنىڭ قولى بىلەن ئالاھىدە بويالغاندەك. ئۇلار يىپەكتەك يۇمشاق ۋە جانان چىنىدەك نازۇك، كۆزلىرى چوڭ-چوڭ، قوم

قارا، گويا تاڭ يۇلتۇزىدەك چاقناپ تۇرىدۇ، تىللىرى چوچۇك ۋە خۇش لەۋ. كېيىن تۇرپان شەھىرىگە بارغىنىمىزدا ئۇ يەرنىڭمۇ ئاساسىي ئاھالىسى — تۈركىي خەلقلەرنىڭ پەرزەنتلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ رەڭگى-رۇخسارىنىڭمۇ قىزىلى-قىزىل، ئېقى-ئاق ئىكەنلىكىنى كۆردۇق.

قەشقەر مىللىي بالىلار باغچىسى... بۇ يەردە ئاللىبۇرۇنلا غەربىي ياۋروپالىق مېھمانلارنىڭ توپ-توپ بولۇشۇپ يۈرگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئەڭ يېڭى فوتو ئاپپاراتلار بىلەن ھويلىدا ئويناپ يۈرگەن، مەشغۇلات قىلىۋاتقان بالىلارنى سۈرەتكە ئېلىۋاتقانلىقلىرىنى كۆردۇق.

بالىلار رەڭمۇرەڭ زەرلىك مىللىي كىيىملەرنى كىيىپ، باغچىنىڭ مىللىي ئۇسۇلدا زىننەتلەنگەن تۆت چاسا زالىدا ھەممە چەت ئەللىكلەرگە كونسېرت قويۇپ بېرىۋاتاتتى.

ئۇلارنىڭ قىزىل كۆڭلەكلىرى، گۈللۈك ئۇيغۇر دوپپىلىرى، بويۇنلىرىدىكى مارجانلار، ئۆزبېكچە بەقەسەم چاپانلىرى، كۆك تونلىرى ئۆزىگە ئاجايىپ ياراشقان. بالىلار بىر قانچە خەلقئارا ناخشىلارنى كېلىشتۈرۈپ ئېيتىشتى، بىر قانچە ئۆزبېكچە «ئۇسسۇل»، ناخشىلارنىمۇ ئوقۇشتى، ئويۇنغا چۈشۈشتى:

باغچىمىزغا يارىشار
رەڭمۇرەڭ گۈللەر.

سەمىمىي، خۇشال كونسېرتتىن كۆڭلىمىز ئېچىلىپ، ھويلىغا چىققاچ، بىر غەربىي گېرمانىيىلىك ئەزىمەت رەڭگى-رويى سولغان ئىككى بالىنى يەرگە ئولتۇرغۇزۇپ، بالىلارغا خاس بىپەرۋالىقنى كۆچەپ سۈرەتكە ئېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. ئۇنىڭغا بىر پەس قاراپ تۇردۇم. كۆزۈم كۆزىگە چۈشتى، ئۇ ماڭا تەتۈر قارىدى ۋە بالىلاردىن يىراق كەتتى...

سەن ئۆز يۇرتۇڭدا بۇنچىلىك تىنىق، بالىلىق چىرايلىرىنى كۆرگەنمىدىڭ؟ نەي ئاۋازىدەك جاراڭلىق ۋە يېقىملىق ئاۋازلارنى ئاڭلىغانمىدىڭ، ئەي ياۋروپالىق مېھمانىم! بالىلارنىڭ ئويۇنلىرىنى كۆرمەي، ئىككى نىمجان بالىنى سۈرەتكە چۈشۈرۈش بىلەن مەشغۇلسەن!

بۇ گۆدەكلەر قەدىمكى جاپاكەش شەرقنىڭ ھازىرقى ياشلىقى... كۆر، ئۇلارنىڭ چاۋاك چېلىپ، قارلىغاچتەك ئويناشلىرىنى! ياكى شۇنچىۋالا ئوتلۇق ھېس-تۇيغۇلار ساڭا ياتمۇ؟

سەن گۆدەك چېغىڭدا شۇنداق ناخشىلارنى ئېيتقانمىدىڭ، ئوينىغانمىدىڭ؟ باشقا خەلقلەرنىڭ ناخشىلىرىنى ئۆز ناخشاڭدەك كۆرگەنمىدىڭ؟

تووۋا - تووۋا! ساڭا كىم ئۆگەتتى، باشقا يۇرتلارغا بارغاندا ئەخلەت دۆۋىلىرىنى سۈرەتكە ئېلىشنى! مېۋىگە قونغان چىۋىنلەرنى كۆرۈسەنۇ، لېكىن مېۋىنىڭ ئۆزىنى كۆرۈشنى خالىمايسەن!

سېنى كىم شۇنچىلىك ئالا كۆڭۈل قىلىپ قويدى، چەت ئەللىك بۇرادەر؟ «ئەي، خۇدا! ئاسمانغا چىققىدىغان يول بارمۇ؟» دەپ سوراپتىكەن بىر خۇيزۇ خوتۇن تۇرمۇشنىڭ دەرد - ئەلەملىرى جېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەندە. ئۆتمۈشتە ئىزىلە - ئىزىلە ئاسمانغا چىققىدىغان يولنى ئىزدەشتىن باشقا ئىلاجى قالمىغان خەلقلەر ياشايدىغان دىيارغا كەپسەن. بۇنىڭ ئۈچۈن دېڭىزلاردىن ئۆتكەنسەن.

قارىغىنا ... بىزنى، دۇنيا خەلقىنى نېمىلەر يېقىنلاشتۇرىدۇ؟

قارىغىنا ... بىزنى، دۇنيا خەلقىنى نېمىلەر يىراقلاشتۇرىدۇ؟ ئەي، بۇرادەر، ئادەملەرنى يىراقلاشتۇرما، يېقىنلاشتۇر! بۆلگۈنچىلىك سالما، بىرلەشتۈر!

سېنى كۆرۈپ، تۇرپان مېھمانخانىسى ھويلىسىدا كەچلىك تاماقتىن كېيىن، دۇنيانىڭ ئونلىغان مەملىكەتلىرىدىن كەلگەن ساياھەتچىلەرنىڭ بىر مەيدان بولۇپ ئويۇنغا چۈشكەنلىرىنى مانا ھازىر ئەسلىدىم. شۇ چاغدا تۇرپانلىق ئۇيغۇر يىگىت - قىزلار بىزگە شوخ، جانلىق، نازۇك ناخشىلارنى ئېيتىپ بەرگەن، يالقۇنىنىڭ تىلىدەك بولۇپ ئۇسسۇلغا چۈشكەن، كېيىن ھەممىمىزنى، يۈزلەرچە چەت ئەللىك كىشىلەرنى ئۇسسۇلغا تارتقانىدى.

ئويۇن ۋە مۇزىكا ھەممىنى بىردەك قىلىپ قويدى. يامان غەرەزلەر چۆل - چۆل بولدى. يۈزلەرگە ئاجايىپ تەبەسسۇملار قوندى. ھەممە خەلقلەر پەرزەنتلىرىنىڭ چىرايلىرىغا كۈلكە بەكمۇ يارىشىدىكەن.

— نى خاۋ؟ — دېدىم مەن ياپونىيىلىك يىگىتكە. ئۇنىڭ يەلكىسىگە تۆت دانە فوتو ئاپپارات ئېسىلغانىدى.

— نى خاۋ، نى خاۋ، — دېدى ئۇمۇ بىر مەھەل جانلىنىپ.

— جاپان، — دېدىم ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ.

— سەمەرقەند! سەمەرقەند! — دېدى ئۇ چىرايى ئېچىلىپ كۈلگەنچە، كېيىن ئالدىراپ-تېنەپ ھەمراھىنى چاقىرىشقا باشلىدى، — سەمەرقەند، ئۆزبېك! سەمەرقەند، ئۆزبېك!

ئۇنىڭ ھەمراھى رۇسچىنى ئانچە - مۇنچە بىلىدىكەن. ئۇ ئۆزبېكىستانغا بارغانلىقى، يەنە بېرىش ئارزۇسىدا ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ چۈشەندۈردى.

يەر يۈزى يوللىرىدا قېنى ئەمدى دائىم شۇنداق سەمىمىيەت ئۇچراشسا، دۈشمەنلىك يوقالسا!

شىنجاڭنىڭ يوللىرى، شەھەرلىرىدە ياپون ئاپتو ماشىنىلىرى، كارخانىلىرىدا ياپون تېخنىكىسى ۋە ياپون كىشىلىرىنىڭ ئۆزلىرىمۇ پات - پات كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ.

جۇڭگو ياپونىيە بىلەن ئىقتىسادىي، مەدەنىي ساھەلەر بويىچە خېلى كەڭ ئالاقە ئورنىتىپتۇ. ئىش بىلەرمەن ياپونلار بۇ يەرلەردە ياخشى پائالىيەت مەيدانلىرى ئېچىلىۋاتقانلىقىنى سەزمەكتە. ھەرھالدا ئۇلار ئۆزئارا خېلى پايدا كەلتۈرۈدىغان ئىشلارنى مۆلچەرلەپ، نەزەر سېلىپ يۈرۈشۈپتۇ.

جۇڭگونىڭ ئانچە ـ مۇنچە ياشلىرى ياپونىيىگە بېرىپ ئوقۇۋېتىپتۇ. ئۇلاردا ئېلېكترونىكا، ئاپتوماتىكا ۋە شۇلارغا ئوخشاش زامانىۋىي پەن ساھەلىرىنى ئۆگىنىشكە قىزىقىش كۈچلۈك ئىكەن.

جۇڭگو دۇنياغا ئىشىكنى كەڭ ئاچقانسېرى ياشلارنىڭمۇ كۆزلىرى غەرب تېخنىكىسى، ئىقتىسادىي، مەدەنىيىتى، پەلسەپىسىگە كۆپرەك چۈشىدىغان بوپتۇ. ياشلار ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ھاياتىدا يۈز بېرىۋاتقان شىددەتلىك ئۆزگىرىشلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇچى تەسىرلىك كۈچكە ئايلانماقتا. ئۇلار مەملىكەتنىڭ ئىلمىي ـ تېخنىكا بىلەن قوراللىنىشى، دېموكراتىيىلىشىشى جەريانلىرىنى چاپسانلاشتۇرماقتا. ياشلارنىڭ بىر قىسمى ئىچىدە «غەربچە ئۇسلۇب» دېگى ھاياتقا قىزىقىشمۇ ئۆزىنى كۆرسەتمەكتە.

ھازىر جۇڭگو ئىشچى كۈچلىرى كۆپلەپ يېتىلمەكتە. جۇڭگوشۇناس ئالىم ل. دىليۇسىننىڭ يېزىشىچە، ھازىر جۇڭگودا ھەر يىلى ئىشلەش قابىلىيىتىگە ئىگە بولغان 20 مىليون ئادەم قورامىغا يېتىدىكەن.

ئىشچى كۈچلىرى ... بۇ يەردە ئۇنىڭ چېكى يوقتەك. مىسال ئۈچۈن ئالغاندا، سىچۈەن ئۆلكىسىدە 80 مىليون دېھقان بار. ۋەھالەنكى بۇ ئۆلكىنىڭ يەر شارائىتى ئۈچۈن 30 مىليون دېھقان يېتىپ ئاشىدۇ. بىر ئۆلكىنىڭ ئۆزىدە 50 مىليون ئارتۇق ئىشچى كۈچى بار ... بۇنىڭدىن تاشقىرى يەنە تولۇق ئىشلەش كۈچىگە ئىگە بولغان كۈچلەر مەۋجۇت.

بارچە ھېسابلار ئەنە شۇنداق ...

جۇڭگو ئېغىر ئازاب ـ ئوقۇبەت بىلەن تولغان «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دىن كېيىن، تەمكىنلىك، سەۋرى ـ تاقەت، ئەقلىي ـ پاراسەت بىلەن ئۆزىنى ئوڭشاپ ئالماقتا. باشباشتاقلىق، ئىككى يۈزلىمىلىك، تەخسكەشلىك، كۆز بوياמچىلىقتا ئوخشاش ئىللەتلەردىن دادىل ۋە ھېچقاچان ئۇنداق ھالەتكە قايتمايدىغان بولۇپ قۇتۇلۇشقا باشلىماقتا.

ھەقىقىي، ھاياتىي كۈچكە ئىگە، ئاقىلانە شوئارلار ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا.

مەسىلەن، قەشقەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدا خەلق ھەربىيلەر بىلەن قولنى قولغا تۇتۇشۇپ شەھەر ۋە يېزىلارنى ئاۋاتلاشتۇرۇش، تۇرمۇش مەدەنىيىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، ھەممە ساھەلەردە باياشادلىق ئورنىتىش ئۈچۈن غەيرەت قىلماقتا. كوچىلار، مەيدانلارنىڭ تازىلىقى جايىدا. كونىراپ چىرىگەن ئۆيلەر چېقىپ تاشلانماقتا، يېڭى مەيدانلار، كوچىلار ياسالماقتا. ھايات رەتلىك، نورمال ھالەتكە كىرمەكتە.

ئارغۇ، ئوپال، قوشئېرىقتا ئوخشاش يېزىلاردا دېھقانلار ئات ـ ئېشەكلەردە توپا توشۇپ، تاشلىق يەرلەرنى تولدۇرۇپ زىرائەت مەيدانلىرى بەرپا قىلماقتا. بۇ يەرلەردە

دېھقانلارنىڭ قورۇلىرى چوڭ، مۇستەھكەم ۋە سەرەمجان. كېيىنكى يىللار ئىچىدە دېھقانلارنىڭ قولىغا پۇل چۈشكەن، يېزىلاردا قۇرۇلۇشلارمۇ جانلىنىپ كەتكەن.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىي مەدەنىي يادىكارلىقلىرىنىمۇ تىكلەش، ياساشقا كېيىنكى ئىككى-ئۈچ يىل ئىچىدە ياخشى ئېتىبار بېرىلگەن. «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇ بىلىك» كە ئوخشاش ئۇلۇغ يادنامىلار ئىلمىي جەھەتتىن خېلى پۇختا ھالدا نەشر قىلىنغان.

1960-يىلى سالىھ مۇتەللىپوۋ مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» (تۈركىي تىللار دىۋانى) نى خېلى چوڭقۇر ئىلمىي-مەدەنىي ئاساستا نەشر قىلدۇرغانىدى. شۇ چاغدا بۇ ئۇلۇغ ئالىم ھەققىدە خىيالىمدا بولسىمۇ تەسەۋۋۇر قىلغان ۋە قاچان بولمىسۇن، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ تۇغۇلغان ۋە جەسىتى دەپنە قىلىنغان جايلارنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغانىدىم.

مانا، قەشقەرگە كېلىپ، شۇ ئارزۇيىمىز ئەمەلگە ئاشتى. مەھمۇد قەشقەرى ياشىغان ۋە تۇغۇلغان، دەپنە قىلىنغان يېزىنىڭ نامى — ئوپال. ئۇ قەشقەردىن 50 چاقىرىمچە غەربتە، ئۇلۇغ تاغلار ئېتىكىگە جايلاشقان گۈزەل يېزا. بۇرۇنقى چاغدا بۇ يەرلەر قاراخانىلارنىڭ يازلىق قارارگاھى بولغان.

ئوپال — شارقىراپ تۇرغان بۇلاقلار ۋە چۆلدەرىگەن تىنىق سايلار ماكانى. ئۇ كۆك تېرەكلەرگە ۋە باغلارغا پۈركىنىپ تۇرىدۇ.

ئوپالغا كەلگۈچە نەچچە ئون چاقىرىم كېلىدىغان تەپتەكشى چىغىر تاشيوللارنى بېسىپ ئۆتتۇق. يولنىڭ ئەتراپلىرىمۇ كۆز يەتمەس تەكشى كەتكەن يېزا، خۇددى ئەتەي قول بىلەن تەكشىلەنگەندەك. تەبىئەتتىمۇ مۆجىزە كۆپ ئىكەن. ئەنە شۇ تەكشى تاشلىقلارمۇ بۇسلىشىپ ياتىدۇ. بىپايان تاشلىقلار تۈگىگەندە ئوپالنىڭ كۆك تېرەكزارلىقلىرى باشلاندى.

باغلىق كوچىلاردىن ئۆتۈپ ئېگىزلىككە كۆتۈرۈلدۇق. كۆتۈلمىگەندە ئېگىز دەرەخلەر بىلەن ئورالغان بىر بۇرجەكتىن چىقتۇق. كونا قەبرىلەرنى ئايلىنىپ ئۆتتۇق. بۇ يەردە تېپتىنىق بىر بۇلاق بۇلدۇقلاپ تۇراتتى.

— زەر بۇلاق ... — دەپ پىچىرلىدى ھەمراھىمىز بۇ يەردىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇشنى خالىمىغاندەك، — ئىچىڭ ...

ئالتۇن بۇلاقنىڭ سۈيىدىن ئىچتىم، تەمى ناھايىتى تاتلىق ئىكەن.

بۇلاق يېنىدىن ئۇزۇن سوقماق يوللار بىلەن دۆڭ تەرەپكە قاراپ ئۆرلەپ چىقتۇق. ئۇ يەردىن ئۆتۈپ، چوڭ بىر مەيدانغا چىقتۇق.

بۇ يەردە سۈزۈك بۇلاق سۈيى خېلى پەستە شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىنى قەدىمى ئاق تېرەكلەر قورشىغانىدى. ئۇلارنى «ھاي-ھاي تېرەك» دەيدىكەن. بۇ تېرەكلەرنىڭ يىلتىزى بىر بولسا كېرەك. ئۇنى ئەدىب مەھمۇد قەشقەرى ئۆز قولى بىلەن تىككەن ۋە نام بەرگەن، دېيىشىدۇ. تېرەكلەر نەچچە ئەسىرلەردىن بېرى بىر يىلتىزدىن

كۆكلەپ كېلىۋاتسا كېرەك. ئالىم شۇ يەرلەردە — ئاشۇ دۆڭدە ئون يىل مۇدەررىسلىك قىلغان، كېيىن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا شۇ يەردە ياشىغان ۋە دەپنە قىلىنغان. ھازىر ئېگىز تۆپىلىكتە ئۇنىڭغا قەبرىگاھ ۋە مەخسۇس يادىكارلىق بىنالىرى تىكلەنگەن. مۇزېي ياساش ھەرىكىتى باشلىنىپتۇ. يادىكارلىق ئالىمغا مۇناسىپ تەنتەنە ۋە دەست بىلەن تۇرغۇزۇلغان. يۈكسەك قەبرىگاھنىڭ غەربىدە پامىر تاغلىرى، شىمالىدا تەڭرىتاغلىرى، جەنۇبىدا قارا قورۇم تاغلىرى بار. تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئاياغلىرىغا جايلاشقان، بۇ يەردىن ھەيۋەتتى كۆرۈنۈپ تۇرغان مەۋلان تېغى باغرىدا سان - ساناقسىز غارلار بار. بۇ غارلاردا بۇد پەرەستلەر ياشىغان. تۆۋەندە قوشېرىق ۋە ئازىق كەنتلىرى كۆمۈشتەك جىگدىلىكلەر، باراقسان ئۆسكەن تېرەكزار، جۇلالاپ تۇرغان ئاپتاپپەرەس مەيدانلىرى ئارىسىدا جىمجىت لاتاپەت بىلەن نەپەس ئالىدۇ. مانا بۇ نورۇزبۇلاق، مانا بۇ مارجانبۇلاق ... ئاۋۇ ... ئۇلارنى ساناپ بولۇش قىيىن.

قەبرىگاھتا، ئۇيغۇر رەسسامى غازى ئەمەت سىزغان مەھمۇد قەشقەرىنىڭ سۈرىتىگە ئۇزاق تىكىلدىم. ئالىمنىڭ بېشىدا ئۇيغۇرلارنىڭ سۆيۈملۈك شاپاق دوپپىسى، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئىزدەشتىن ھېچقاچان تالمايدىغان ئادەملەرنىڭ كۆزلىرىگە ئوخشاش تازا ۋە روشەن. مەھمۇد قەشقەرى سۆزلەرنى يوقىلىپ كېتىشتىن ساقلاپ قالغان تەڭدىشى يوق ئالىم. ئۇنىڭ داھىيانە شاراپىتى بىلەن مىڭلىغان سۆزلەر ئەمدى مەڭگۈ تىرىك، ئۇ سۆزلەر ئازىق بۇلاقلىرىغا ئوخشاش قايناپ تۇرىدۇ، نەچچىلىگەن خەلقلەرنىڭ شائىرلىرىغا ئىلھام بېرىۋېرىدۇ. مەھمۇد قەشقەرىگە ئوخشاش دانىشمەن ئالىملار ئىنسانىيەت جەمئىيەت تارىخى ئۈچۈن ساناقلىقلا. مەھمۇد قەشقەرى خەلقلەرنىڭ سۆزلىرىنىلا ئەمەس، ئۇلارنىڭ يامبۇ، ئالتۇندەك ئېسىل ماقال - تەمسىللىرى ۋە رېئالىستىك روھقا باي شېئىرىيىتىنىمۇ ئەسلەر ئۈچۈن، تۈركىي خەلقلەرنىڭ بەختى ئۈچۈن ساقلاپ قالغان. «تۈركىي تىللار دىۋانى» تۈركىي خەلقلىرىنىڭ جاھان مەدەنىيىتى خەزىنىسىگە قوشقان ئۆلمەس ئۇلۇغ تۆھپىلىرىنىڭ بىرىدۇر.

ئوپال ۋادىسىدىن چىقىپ، يەنە چەكسىز كەتكەن تۈپتۈز تاشلىق سايلارنى ئارىلاپ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مەركىزى ئاتۇشقا كەلدۇق. بۇ يەردە «ماناسچى» چوڭ ئاقىن يۈسۈپ مامايىنى كۆرۈشكە، چىرايلىق تۇرنىسا ئايىمنىڭ چىمەندەك ناخشىلىرىنى ئاڭلاشقا، ئوتتۇزىنچى يىللاردا تاشكەنتتە ئىشچىلار مەكتىپىدە ئوقۇغان ئەدىب ئابدۇقادىر توختاروۋنىڭ ھېكايىلىرىنى ئاڭلاشقا، مەشھەدنىڭ ئاجايىپ خۇش پۇراقلىرى گۈپۈلدەپ تۇرغان ئەنجۈرلۈك باغلىرىنى كۆرۈشكە، تاغلار ئارىسىغا جايلاشقان ئارغۇ يېزىسىنىڭ بۈگۈنكى ئۆزگىرىشلىرىگە ئائىت تۇرمۇشى بىلەن تونۇشۇشقا، مەرد، بىر سۆزلۈك،

سەنئەتنى ياخشى كۆرۈدىغان مېھنەتكەش ئادەملەر بىلەن بىر پەس بىللە ئولتۇرۇشقا مۇيەسسەر بولدۇق.

— باردى - كەلدى قىلىپ تۇرۇشايلى، — دېيىشتى نەدە بولمىسۇن بۇ ئادەملەر ئوچۇق چىراي بىلەن.

— دوستلىشايلى، تۇرمۇشىمىز ياخشى بولىدۇ.

— بىزدىن دوستلىرىمىز — سوۋېت كىشىلىرىگە سالام ئېيتىڭلار...

قەشقەردىن ئۈرۈمچىگە قايتىدىغان ۋاقتىمىز بولۇپ قالدى. تۇپرىقى ئاينىڭ تۇپ-رىقىدەك جايدىن يەنە ھاۋاغا كۆتۈرۈلىمىز.

ھەمراھىم ماڭا جۇڭگو گېزىتلىرىنى ئوقۇپ بەردى. «گۇاڭمىن رىباۋ» («نۇر گېزى-تى») نىڭ 1986 - يىل 3 سېنتەبىر سانىدا يازغۇچى سۇ شۇيەننىڭ «كۆز ياشسىز ناخشا» ناملىق سەھنە ئەسىرىدىن پارچە بېسىلغان. سەھنە ئەسىرى XX ئەسىرنىڭ ئۇ-لۇغ ئەدىبلىرىدىن بىرى لاۋشې توغرىسىدا ھېكايە قىلىدۇ.

«مەدەنىيەت ئىنقىلابى» ۋاقتىدا لاۋشې بىلەن ياش بىر قىز ئوتتۇرىسىدا شۇنداق بىر سۆھبەت بولۇپ ئۆتىدۇ: قىز كوچىدا نېمە قىلىشىنى، نەگە بېرىشىنى بىلمەي يىغلاپ تۇرىدۇ. بىر بوۋاينىڭ ئىچى ئاغرىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا توختايدۇ ۋە نېمە بولغانلىقىنى سورايدۇ. قىز يىراق بىر ئۆلكىگە كېتىۋاتقانلىقىنى، لېكىن يول خىراجىتى ئۈچۈن پۇلى يوقلۇقىنى ئېيتىدۇ. «نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولدى؟» دېگەن سوئالغا: «ئاتا - ئانامنى ئەكسىيەتچى ئالىم دەپ ئەيىبلەشتى ۋە ئۇلارنى ئېلىپ كېتىشتى. مەن ئەكسىيەتچى ئا-تا - ئانامدىن ۋاز كەچتىم ۋە ھازىر يالغۇز قالدىم. ئەمدى مەن بۇ يەردە تۇرالمايمەن. كېتىشىم كېرەك. مەن ئىنقىلابىمىزغا ئىشىنىمەن، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم، دىلىم بىلەن ئىن-قىلاب تەرەپدارىمەن، ئۇنىڭغا ئۆمرۈم بويى خىزمەت قىلسام دەيمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. قىز توختىماي يىغلايدۇ. «لېكىن ئىنقىلاب مېنى بىلىشنى خالىمايۋاتىدۇ، مېنى تونۇماي-ۋاتىدۇ، مېنى ئۆز قوينىغا ئالمايۋاتىدۇ. مەسلىھەت بېرىڭ، ئەمدى مەن زادى نېمە قى-لاي؟» دەيدۇ قىز زارلىنىپ.

لاۋشې قىزغا مۇنداق دەپ جاۋاب بېرىدۇ:

«يېزىغا، تۇغقانلىرىڭىز قېشىغا بېرىڭ. بەلكى سىز تەبىئەت قۇچىقىدا جاراھەتلى-رىڭىزنى داۋالايسىز ۋە ئۆزىڭىزنى تونۇپ ئالالايسىز. ئاسمان ئاستىدا يەرنىڭ چېكى يوق. كۈنلەرنىڭ بىردە ئاخىرى چوڭ يولغا چىقىپ ئالىسىز».

لاۋشې شۇنداق دەپ يانچۇقىدىكى ھەممە پۇلىنى قىزنىڭ قولىغا تۇتقۇزىدۇ.

«سىز كىم بولىسىز؟» دەپ سورايدۇ قىز ھەيران قېلىپ، كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ.

«بىر ياخشى بوۋاي» دەپ جاۋاب بېرىدۇ لاۋشې.

ھەمراھىم بۇ پارچىنى ماڭا ھېكايە قىلىپ بەرگەندە، ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ كۆزىگە ياش كەلگەنىدى.

— ھە، ياخشىمۇ، شۇنداق بوۋايلار بار ئىكەن. لاۋشېنىڭ ھەممە بېشارەت ۋە ئۈمىدلىرى توغرا چىقتى. تارىخ ئۇنىڭ ھەقلىقىنى ئىسپاتلىدى. بىز ئەمدى راستىنلا يولغا چىقتۇق.

جۇڭگودا ھازىر بارچە ياش - قېرى ئۆتكەن يىللاردىن ئۆزلىرى ئۈچۈن خۇلاسىلەر چىقارماقتا، يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى قايتا باھالىماقتا. مانا شۇلار ئاساسىدا يېڭى ئەھۋالغا كۆنمەكتە.

بۇ يەردە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پۈتۈنلەي جۇڭگوچە ئۆزىگە خاسلىقتا ئىكەن.

لېكىن بىز ئۈچۈن، دوستانە مۇناسىۋەتلىرىمىز ئۈچۈن ئەزىز ۋە قەدىرلىك ھادىسىلەر ۋە خۇسۇسىيەتلەرمۇ كۆپ.

تاغلىرىمىز تۇتاش، دەريالىرىمىز، يوللىرىمىز، ئورمانلىرىمىز، چۆللىرىمىز تۇتاش. خەلقلىرىمىزنىڭ تەقدىرىدىمۇ قانداشلىق ۋە تۇتاشلىق تومۇرلىرى مەۋجۇت، بىز ئەنە شۇ تومۇرلارنىڭ دائىم ساغلام ۋە ئۇزاق ياشىشى ئۈچۈن قايغۇرايلى!

(«شەرق يۇلتۇزى» ژۇرنىلىنىڭ 1987 - يىل 5 - سانىدىن)

تۇرغۇن ئالماس تەرجىمىسى

(بېشى 62 - بەتتە)

ۋە ئىختىلاپتۇر» دەپ جاۋاب بەرسە: «ئىززەت - ئابروي، قۇۋۋەت نېمە بىلەن بولۇر؟» دېگەن ھامان: «بىلىم - مەرىپەت، ئىتتىپاقلىق بىلەن بولۇر»① دەپ يەكدىللىق بىلەن جاۋاب بەرسە، خۇشاللىقتىن يۈرەكلىرىم يېرىلىپ كەتمەسمىدى؟ سېنىڭچۇ، بوۋا؟ بوش - بىكار قالغان يەنە بىر مەسچىتنىڭ كۆز گۆھەرلىرىمىز، ئۈمىد يۇلتۇزلىرىمىز ئۈچۈن ئارامبەخش باغچە، يەسلى قىلىپ بېرىلگەنلىكىنى كۆرسەمچۇ؟ ئۇ چاغدا مەن غەمكىن قەبرەڭنى مەھكەم قۇچاقلاپ، بار ئاۋازىم بىلەن خىتاب قىلماسمىدىم:

بوۋا، جېنىم بوۋا، خاتىرجەم بول،
ئارزۇ - مۇرادىڭ گۈل - چېچەك ئاچتى!

(«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1978 - يىللىق 2 - سانىدىن ئېلىندى.)

① سوئال - جاۋابلار «ناقىسنىڭ زۇرۇرىيە» دىن ئېلىندى.

## تولستوي ۋە تۈرمە باشلىقى

شامال چىقىپ تۇرغان قەھرىتان سوغۇق كۈنلەرنىڭ بىر ئاخشىمى بودېلكى تۈرمىسىنىڭ بىر باشلىقى ئىشلىرىنى تاماملاپ، تۈرمە يېنىدىكى تۇرالغۇ جايىغا قاراپ ماڭىدۇ. ئۆيىگە يېتىپ باراي دېگەندە، تۇيۇقسىزلا ئالدى تەرىپىدە بىر كۆلەڭگىنىڭ ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنى بايقايدۇ. تۈرمە باشلىقى بۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ، قەدىمىنى تېزلىتىدۇ-دە، ھېلىقى كۆلەڭگىگە يېقىنلىشىدۇ. قارىغۇدەك بولسا، ئەسلىدە ئۇ بويى ئېگىز كەلگەن، ئالدىغا سەل-پەل مۈكچىيىپ قالغان بىر بوۋاي ئىكەن. ئۇچىسىغا قىسقا پەلتۇ كىيگەن بۇ بوۋاي شلەپىسىنى چۆكۈرۈۋالغاچقا، چىرايىنى ئېنىق كۆرگىلى بولمايتتى. تۈرمە باشلىقى ئۇنىڭدىن بىر نەرسە سوراي دەپ تۇرۇشىغا، ھېلىقى بوۋاي ئۆزى سۆز باشلىدى:

— سىز مۇشۇ يەردە ئىشلەمسىز؟

— مۇشۇ يەر دەۋاتقىنىڭ قەيەر؟

تۈرمە باشلىقى قەستەن قايتىلاپ سورىدى.

— سىز مۇشۇ تۈرمىنىڭ قاراۋۇلىمۇ؟ — دەپ سورىدى بوۋاي يەنە مۇلايىملىق بىلەن.

— شۇنداق، مەن تۈرمە باشلىقى.

تۈرمە باشلىقى ھېچنەرسىنى ئاڭقىرالماي، بوۋايغا تىكىلىپ قالدى.

— مەن دەل سىز بىلەن پاراڭلاشماقچىدىم، — دېدى بوۋاي سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — سىز تۈرمىدىكى مەھبۇسلارنىڭ تۇرمۇشى توغرىسىدا ئازراق بىر نەرسە دەپ بېرەلەمسىزكىن؟

— بولمايدۇ، — تۈرمە باشلىقى بىردىنلا بوۋاينىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى، — تۈرمە ئەھۋالىنى ھەر قانداق كىشىگە ئاشكارىلاشقا بولمايدۇ، بۇ يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى.

بوۋاي بۇ گەپ بىلەن توختاپ قالمىدى:

— مېنىڭ بىلمەكچى بولغانلىرىم تۈرمە تۈزۈمىگە ۋە سىزنىڭ خىزمىتىڭىزگە تەسىر يەتكۈزمەيدۇ. مەن پەقەت جىنايى ئىشلار مەھبۇسلىرى بىلەن سىياسىي مەھبۇسلارنىڭ تۈرمىدە ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتىنىڭ بار-يوقلۇقىنى بىلمەكچى.

— تۈرمىدە بۇ ئىككى خىل مەھبۇسلارنىڭ ئۇچرىشىشى مۇمكىن ئەمەس.

تۈرمە باشلىقى سۆزىنى تۈگىتىپلا، ئالدىدا تۇرغان بۇ كىشىگە ئىنچىكە سەپسالدى. بىردىنلا بۇ كىشىنى ئۆزىگە ناھايىتى تونۇشتەك، ئۇنى قايسىدۇر بىر گېزىتتە كۆرگەندەك ھېس قىلدى ۋە سىناپ كۆرۈش نىيىتىدە ئۇنىڭدىن:

— سىز يازغۇچىمۇ دەيمەن، — دەپ سورىدى.

ــ شۇنداق، مەن تولستوي بولىمەن.

ــ خۇدايىمەي، مەن كىم بىلەن پاراڭلىشىۋاتىمەن - ھە! گراف جانابلىرى، ئەپۇ قىلىڭ،ــ تۇرمە باشلىقى ھەيران قالغانلىقىدىن ئاۋازىنىڭ قاتتىق چىقىپ كەتكەنلىكىنىمۇ سەزمەي قالدى.

ــ سىز ئۇنچىۋالا ھاياجانلىنىپ كەتمەڭ،ــ دېدى تولستوي كەمتەرلىك بىلەن،ــ مەنمۇ ئادەتتىكى بىر پۇقراغۇ.

تۇرمە باشلىقى تولستوينى ئالمان - تالمان ئۆيىگە باشلاپ كىردى. ئۇلار سىياسىي مەھبۇسلار بىلەن جىنايى ئىشلار مەھبۇسلىرىنىڭ تۇرمىدە ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتىنىڭ بار - يوقلۇقى توغرىلىق پاراڭلاشتى. تەخمىنەن بىرەر سائەتلەردىن كېيىن تولستوي ئورنىدىن تۇرۇپ، قايتىشقا تەمشەلدى ۋە قىزغىنلىق بىلەن تۇرمە باشلىقىنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى، ۋاقتىنىمۇ كېلىشىۋالدى. تولستوينىڭ ئۆزىنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلغانلىقىدىن نېمە قىلارىنى بىلمەي قالغان تۇرمە باشلىقى دۇنيادا نامى بار بىر كىشى بىلەن ئالاقە باغلىغانلىقىغا ئىشەنمەيلا قالدى.

تۇرمە باشلىقى ئەتىسى تولستوينىڭ ئۆيىگە باردى. تولستوي ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپلا، ئىشىك ئالدىغا چىقىپ، تۇرمە باشلىقىنى قارشى ئالدى. جىددىيلىشىپ كەتكەن تۇرمە باشلىقىنى كۇتۇپخانىسىغا باشلاپ كىرىپ، ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان كرېسلوغا تەكلىپ قىلدى ۋە ئۆزى بىر چەتتە ئولتۇرۇپ، «تىرىلىش» رومانىنىڭ بىر قىسىم كوررېكتور نۇسخىسىنى چىقىرىپ، ھۆرمەت بىلەن تۇرمە باشلىقىغا سۇنۇپ تۇرۇپ:

ــ سىز رومانىنىڭ بۇ بىر قىسىم كوررېكتور نۇسخىسىنى كۆرۈپ بېقىڭ. تۇرمە ئەھۋالىغا ماس كەلمەيدىغان جايلىرى بولسا دەپ بەرسىڭىز، مەن خاتىرىلىۋالاي.

تۇرمە باشلىقى رومانىنىڭ كوررېكتور نۇسخىسىنى ئەستايىدىل كۆرۈپ چىقتى. تۇرمە تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن شۇنچىلىك كۆپ جايلاردا بىرەرمۇ خاتالىق كۆرۈلمىگەن، ھەتتا ئەر - ئايال تۇرمە باشلىقلىرىنىڭ كىيىملىرىمۇ شۇنچىلىك توغرا تەسۋىرلەنگەنىدى. تۇرمە باشلىقى يازغۇچىنىڭ بۇ قابىلىيىتىگە ھەيران قالدى. ئۇ بىرنەچچە جاينى كۆرگەندىن كېيىن، قايتا ئۆزگەرتىلىپ، ناھايىتى كۆپ چىجىلىپ كەتكەن يەنە بىرنەچچە بەتنى كۆردى. ئورىگىنالنىڭ بوش يەرلىرىگە خۇددى چۆمۈلىدەك خەتلەر يېزىلغان بولغاچقا، پەقەت ئوقۇيالماي، ئاخىرى تولستوينىڭ ئۆزىدىن سورىدى. تولستوي جاۋاب بېرىپ:

ــ روماندا ئەسلى ماسلوۋا بىلەن سىياسىي مەھبۇسنىڭ تۇرمىدە تونۇشقان ئەھۋالى يېزىلغانىدى، بىراق تونۇغۇن سىزنىڭ بەرگەن جاۋابىڭىزدىن كېيىن، رومانىنىڭ ئەسلى قۇرۇلمىسىنى ئۆزگەرتمەي بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى سىبىرىيىگە كېتىۋاتقاندا، يول ئۈستىدە تونۇشقان قىلىپ ئۆزگەرتتىم، ــ دېدى.

(«جۇڭگو ياشلار گېزىتى»نىڭ 1988 - يىلى 7 - فېۋرالدىكى سانىدىن ئېلىندى)

دىلشات تۇرسۇن تەرجىمىسى

# ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار

△ 1987 — يىلى ـ روسىيە شائىرى پۇشكىن ۋاپاتىنىڭ 150 يىللىقى. 1999 ـ يىلى پۈتۈن دۇنيا ئۇنىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 200 يىللىقىنى خاتىرىلەيدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى روسىيە ئەدەبىياتى تەتقىقات يۇرتى بۇ ئىككى خاتىرە يىلى ئارىلىقىدا شائىرنىڭ 35 توملۇق يېڭى ئەسەر ۋە خەت ـ چەكلەر توپلىمىنى چىقارماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىنقى 18 تومىغا ئىنزاھات بېرىلگەن ھەر خىل باسمىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەر، 19 ـ تومىدىن 32 ـ تومىغىچە سىياسىي مۇھاكىمە خاراكتېرلىك ماقالىلار ۋە خەت ـ چەكلەر، كېيىنكى ئىككى تومىغا كۈندىلىك ئىشلارغا ئائىت ھۆججەتلەر ۋە پۇشكىنىنىڭ قولىدىن چىققان يازما ماتېرىياللار، رەسىملەر كىرگۈزۈلۈپ، ئاخىرقى تومى ئاچقۇچ سۆزلۈك شەكلىدە ئىشلىنىدىكەن.

△ XIX ئەسىردىكى مەشھۇر فرانسىيە يازغۇچىسى ئېمىل زولانىڭ چەۋرىسى بولغىنىدا ئېمىل زولا يېقىندا بوۋىسىنىڭ «مەن شىكايەت قىلىمەن» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلىرىنىڭ ئورىگىناللىرىنى ئەنگلىيىلىك بىر سودىگەرگە سېتىپ بېرىشنى ھاۋالە قىلدى. بۇ خەۋەر تارقىلىپ 2 ـ كۈنى، يەنى 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى فرانسىيە مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى بۇ ئورىگىناللىرى چېگرىدىن ئېلىپ چىقىشقا رۇخسەت قىلمايدىغانلىقىنى ئېنىق بىلدۈردى. مۆلچەرلىنىشىچە، 39 بەتلىك بۇ ئورىگىنالنىڭ باھاسى ئۈچ مىليون فرانكتىن بەش مىليون فرانكقىچە ئۆرلىشى مۇمكىن ئىكەن.

△ كىنو، تېلېۋىزىيە سەنئىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقىنىغا 60 يىلدىن ئاشقان ئامېرىكىنىڭ مەشھۇر ئايال ئارتىسى بابارا ستانۋېك 1987 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئۆمۈرلۈك مۇۋەپپەقىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇ، ئامېرىكا كىنو ئىنستىتۇتى 15 يىلدىن بېرى مۇشۇ مۇكاپاتنى بەرگەن ئونچىنچى ئايال.

△ بۇ يىلقى 38 ـ نۆۋەتلىك غەربىي بېرلىن خەلقئارا كىنو بايرىمى 2 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن 23 ـ كۈنىگىچە ياۋروپادىكى مەدەنىيەت شەھىرى غەربىي بېرلىندا ئۆتكۈزۈلدى. غەربىي بېرلىن خەلقئارا كىنو بايرىمى ھازىرقى زاماندىكى ئۈچ چوڭ كىنو بايرىمىنىڭ بىرى.

بۇ قېتىمقى كىنو بايرىمىدا جۇڭگو شىئەن كىنو ستۇدىيىسى ئىشلىگەن رەڭلىك ھېكايە فىلىم «قىزىل قوناقلىقتا» ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى، فرانسىيە، ئىتالىيە ۋە فېدېراتىپ گېرمانىيە قاتارلىق 21 دۆلەت قاتناشقان يېڭى ھېكايە فىلىملار مۇسابىقىسىدە شەرەپ بىلەن «ئالتۇن ئېيىق» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. بۇ جۇڭگو كىنوسىنىڭ، شۇنداقلا ئاسىيا كىنوسىنىڭ غەربىي بېرلىن خەلقئارا كىنو بايرىمىدا تۇنجى قېتىم مۇكاپاتلىنىشى.

نۇرغۇن كىشىلەر جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى يولداشلار بىلەن قۇچاقلىشىپ، قول ئېلىشىپ، كۆز يېشى قىلىشىپ، جۇڭگو كىنوسىنىڭ دۇنيا كىنو تارىخىدا شانلىق سەھىپە ئاچقانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى.

△ يازغۇچى ليۇ بىنيەن تەكلىپكە بىنائەن 3 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا دەرس ئۆتۈش ۋە ئىلمىي مۇھاكىمە پائالىيىتى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئامېرىكىغا بارماقچى.

ليۇ بىنيەن ئامېرىكىدا تۇرغان مەزگىلدە كالىفورنىيە داشۆسىنىڭ لوس ئانژېلىس شۆبىسىدە «جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى ۋە جەمئىيىتى» دېگەن تېمىدا ئون ھەپتە دەرس ئۆتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا خارۋارت داشۆسى نىمان فوندى جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، بۇ يەردە بىر

ئوقۇش يىلى تۈگىگىچە، ئىلمىي مۇھاكىمە، پائالىيىتى ئېلىپ بارىدۇ.

يېقىنقى بىر يىلدىن بۇيان لىۋبىگىيەن ئاساسىي زېھنى قۇۋۋىتىنى كىتاب ئوقۇش ۋە مەسىلىلەرنى ئويلاشقا سەرپ قىلىپ، ئەدەبىيات، تارىخ، پەلسەپە، پسىخىكا، جەمئىيەتشۇناسلىققا ئائىت نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇپ چىقتى. ئۇ يېقىنقى ئۈچ-تۆت يىل ۋاقتىنى كىتابنى ئوبدان ئوقۇشقا سەرپ قىلىپ، ياش ۋاقتىدا ئوقۇيالمىغان داشۇنى تولۇقلىماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئۇ سەپەر پىلانى ئۈستىدە توختالغاندا: «مەن ئامېرىكىغا ھەم دەرس ئۆتكىلى، ھەم كۆپرەك كىتاب ئوقۇغىلى بارىمەن» دېدى.

△ يېقىندا بىر قىسىم سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ رازۋېتكا ئەدەبىياتى يازغۇچىلىرى مېكسىكىنىڭ سان-خۇئان شەھىرىدە خەلقئارالىق يىغىن ئۆتكۈزۈپ، رازۋېتكا ئەدەبىياتىنىڭ ئۆز دۆلەتلىرىدىكى ھازىرقى ئەھۋالى ۋە بۇ جەھەتتە ساقلانغان مەسىلىلەر ئۈستىدە قىزغىن مۇھاكىمە ئېلىپ بارغان. يىغىن قاتناشچىلىرى بىردەك: «سوتسىيالىستىك دۆلەتلەردە رازۋېتكا ئەدەبىياتى تېخى ياش بىر تۈر. ئۇنىڭ پەيدا بولغىنىغا بىرنەچچە ئون يىللا بولدى، ئەمما ئۇ ئىنتايىن مۇھىم. چۈنكى ئۇ ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ مۇھىم بىر تەرىپىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ» دەپ قارىدى. بۇ قېتىمقى يىغىنغا كۇبا، چېخوسلوۋاكىيە، دېموكراتىك گېرمانىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ يازغۇچىلىرى قاتناشتى. يىغىن قاتناشچىلىرى رازۋېتكا ئەدەبىياتى شۇ دۆلەتنىڭ رېئاللىقىغا يىلتىز تارتىپ، جىنايى ھەرىكەتلەرنى پاش قىلىدىغانلىقىنى، ۋەقەلىكى كۈچلۈك تەنقىدىي تۈسكە ئىگە بولىدىغانلىقىنى. شۇڭا ئۇنى بىر قېلىپقا سېلىۋېلىشقا بولمايدىغانلىقىنى تەشەببۇس قىلدى.

△ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1987-يىللىق دۆلەت ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئالتە نەپەر يازغۇچى، شائىر ئېرىشتى: يازغۇچى ي. داۋىدوۋنىڭ «ساتما» ناملىق رومانى، يازغۇچى ي. مۇشكىنىنىڭ «چېگرا» ناملىق رومانى، يازغۇچى ۋ. راسپوتىننىڭ «ئوت ئاپىتى» ناملىق پوۋېستى، شائىر ي. ۋىنوكوروۋنىڭ «ھايات»، «سالاھىيەت» ناملىق شېئىرلار توپلاملىرى ۋە ئى. سكرىديالمۇسكىنىڭ «قولاق سالدىم ئاسمان-زېمىنغا» ناملىق شېئىر توپلىمى قاتارلىقلار مۇكاپاتلاندى، ئۇنىڭدىن باشقا «پۇشكىننىڭ تەقدىرى» نىڭ ئاپتورى ب. بورسوۋمۇ مۇكاپاتلاندى.

△ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چەت ئەل مەدەنىيىتى كومىتېتى قارىمىقىدىكى ياش-ئۆسمۈرلەر ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى تەسىس قىلغان تولستوي ئالتۇن مېدال مۇكاپاتى تۇنجى قېتىم چەت ئەل ئالىملىرى، يازغۇچىلىرىنىڭ بالىلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن قوشقان زور تۆھپىلىرىنى تەقدىرلەش ئۈچۈن بېرىلدى.

بۇ مۇكاپاتقا تۇنجى قېتىم ئېرىشكەن ئامېرىكا ئالىمى سابىق بالىلارنىڭ يۇلۇن كۆكمىرىش ياللۇغىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەتقىقاتىدا كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقانىدى.

شۋېتسىيىلىك ئايال يازغۇچى ئاسكىدمۇ بالىلار ئەدەبىياتى ئىجادىيىتى جەھەتتە كۆزگە كۆرۈنەرلىك تۆھپە ياراتقانلىقى ئۈچۈن تولستوي مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ مۇكاپاتقا يەنە تاشكەنت بالىلار ئائىلىسىنىڭ مەسئۇلى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئىككى نەپەر سوۋېت ئىتتىپاقى يازغۇچىسىمۇ ئېرىشتى.

△ چەت ئەل گېزىت-ژۇرناللىرىنىڭ خەۋەر قىلىشىغا قارىغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇلتۇر 6-ئايلاردا ئاچقان يازغۇچىلار قۇرۇلتىيىنىڭ خەۋەرلىرى دۇنيانىڭ ھەرقايسى ئەللىرىدىكى ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىغان.

بۇ قېتىمقى يىغىندا 50 ياش ئۆپچۆرىسىدىكى بىر ئەۋلاد يازغۇچىلار ئەدەبىيات ساھەسىدە ساقلانغان بيۇروكراتلىق ئۇستىل، مەمۇرىي ئىشلارغا بەنت بولۇپ كېتىپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنالماي قېلىش، كىتاب نەشىر قىلدۇرۇشنىڭ تەسلىكى، ياخشى كىتابلارنى چىقىرىشنىڭ تېخىمۇ تەس بولۇۋاتقانلىقى ھەمدە تەكشۈرۈش تۈزۈمى ۋە تەنقىد پوزىتسىيىسى قاتارلىق جەھەتلەردە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى قاتتىق تەنقىد قىلغان. مەشھۇر رومان «ئاجايىپ ھايات» نىڭ ئاپتورى گرانىن: «يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئىشىكنى ھەم ئېتىۋالغان مەھكىمە بولۇپ قالدى» دەپ كۆرسەتكەن.

شائىر ۋوزنېسكى: «ھەقىقىي ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە يازغۇچىلار نېمىشقا يىغىنلارغا قاتنىشتۇرۇلمايدۇ؟ ئۇلار بولمىسا، ئەدەبىيات ساھەسى ئۆزىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى يوقىتىدۇ» دېگەن.

دراماتورگ روسوۋ يازغۇچىلار جەمئىيىتىدىكى چوڭ-كىچىك كۆزلەردىن بىزار بولۇپ كەتكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ نۇرغۇن كەسىپداشلىرىنىڭ بەكمۇ سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرىغانلىقىغا ئېچىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. يازغۇچى سىمىنوۋ: «نېمە ئۈچۈن بىزنەچچە پارچە، كونا كىتابقا ئاران دېگەندە ئاخماتوۋانىڭ بىر پارچە شېئىرلار توپلىمىنى باكى شۈكشىننىڭ ھېكايىلار توپلىمىنى تېگىشكىلى بولىدۇ؟» دېگەن. شائىر ۋوزنېسكى ئامما ئىچىدە ھەقىقىي ئابرويى بار كومېتېت قۇرۇپ، بىر تەرەپتىن، پېشقەدەم يازغۇچىلارنىڭ ئېلان قىلىنماي سوغۇق ئىسكىلاتقا كىرىپ كەتكەن ئورگىناللىرىنى يېڭىباشتىن كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقىش، يەنە بىر تەرەپتىن، بىر ئەۋلاد ياش يازغۇچىلارنىڭ كىتاب چىقىرىشنى قولغا كەلتۈرۈش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

△ ليوزەيفوۋنىڭ قارىشىچە، ئەدەبىيات يېڭى دەۋرگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، چەت ئەل ئەدەبىياتىغا قارىتا ئومۇمىيۈزلۈك قوبۇل قىلىش پوزىتسىيىسى قوللىنىلغانلىقتىن، ئومۇمىيۈزلۈك رادىئوئاكتىپلىق شەكلىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىدى. «4 - ماي» مەزگىلىدىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بۇ مەزگىلدە چەت ئەل ئەدەبىياتىنى قوبۇل قىلىش مۇنداق تۆت خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە:

بىرىنچى، يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى «سىنىپىي كۆرەشنىڭ قورالى نەزەرىيىسى» ئۇقۇمىنىڭ كىشەنلىرىدىن ئازاد بولۇپ، يەككە ھالدىكى ئىنكاس نەزەرىيىسى قېلىپىدىن ھالقىپ ئۆتتى. يازغۇچىلارنىڭ قىممەت نۇقتىئىنەزەرى تېخىمۇ كېڭىيىپ، بەدىئىي قىممەتكە ئىگە ۋە يېڭى ئېستېتىك خاھىشتىكى ئەسەرلەر تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنىڭ مەنىۋى تەلىپى ۋە ئەدەبىياتنىڭ ئېستېتىك تەلىپىنى ھەر تەرەپلىمە قاندۇردى.

ئىككىنچى، ئومۇملۇقتىن ئالغاندا، ياۋروپا، ئامېرىكا ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرى روسىيە ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرىدىن ئېشىپ كەتتى.

ئۈچىنچى، XX ئەسىر ئەدەبىياتى زور مىقداردا كىرگۈزۈلدى، يازغۇچىلار ئىنسانغا، بولۇپمۇ ئىنسان تەبىئىتىنىڭ بۇرمىلىنىشى ۋە ئۇ پەيدا قىلغان بىمەنە تۇيغۇغا كۆڭۈل بۆلىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئىجادىيەت ئۇسۇلى تېخىمۇ بېيىدى.

تۆتىنچى، لاتىن ئامېرىكىسى سېھرىي رېئالىزمى بىلەن قۇرۇلما رېئالىزمى ئەسەرلىرىنىڭ تەسىرى ناھايىتى زور بولۇپ، مەملىكىتىمىز ئىجادىيىتىنى تېخىمۇ قويۇق مەدەنىي تۈسكە ئىگە قىلدى.

يېڭى دەۋر يازغۇچىلىرىنىڭ دوستويېۋسكىيگە بولغان قىزىقىشى ۋە تەتقىقاتى ل. تولستويغا بولغان قىزغىنلىقىدىن ھالقىپ كەتتى. يازغۇچىلارنىڭ قەلبىدە مارك تۋېن ھېمىڭۋاي بىلەن فولكنېرغا ئورۇن بەردى. گېيوتى فرانس كافكاغا ئورۇن بوشاتتى. چۇندۇەن كاۋچىڭنىڭ تەسىرى باش-

قا ياپون يازغۇچىلىرىدىن چوڭ بولادى. فرانسىيە يېڭى پىروزىچىلار ئېقىمى، ساتىرىكلىق مەۋجۇدىيەت-
چىلىكى، ئەنگلىيىلىك لاۋرېنىس ۋە ۋولفنىڭ تەسىرى كۈندىن - كۈنگە كۈچەيدى.
يازغۇچىنىڭ چەت ئەل ئەدەبىياتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىشىدىن ئىبارەت بۇ ئۇقتىدىن ئېلىپ
ئېيتقاندا، قوبۇل قىلىش ئۈچ تۈرگە بۆلىنىدۇ: بىرىنچى تۈرى، رېئالىزمچى يازغۇچىلار قوشۇنى؛
ئىككىنچى تۈرى، مودېرنىستىك تۈسكە ئىگە يازغۇچىلار قوشۇنى؛ ئۈچىنچى تۈرى، مىللىي مەدەنى-
يەت ئىستېتىكىسىنى ئاساس قىلغان يازغۇچىلار قوشۇنىدىن ئىبارەت. بۇ ئۈچىنچى تۈردىكى يازغۇ-
چىلار يەنە ئەنئەنىۋى ئۇسۇللارغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىش ئارقىلىق، ھازىرقى زامان ئېڭى بو-
يىچە خەنزۇ يېزىقىنىڭ مەنا ـــ سىماسىنى يېڭىباشتىن قۇرۇش ۋە ئەنئەنىۋى ئەخلاق كۆز قارىشىدىن
ۋاز كېچىشتەك يەۋقۇلئاددە ئۇسۇلدىن پايدىلىنىشتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپكە بۆلۈندى.

**ژۇرنىلىمىز «8 - مارت» ئاياللار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى**

ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى 1988 - يىلى 3 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئۈرۈمچى را-
يونىدىكى ئايال ئاپتورلار بىلەن سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارنى «8 - مارت»
ئاياللار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن تەبرىكلىدى. يىغىنغا تەكلىپ بويىچە زۇنۇن قادىر،
تۇرغۇن ئالماس، تۇردى سامساق قاتارلىق پېشقەدەم يازغۇچى، شائىرلارمۇ قاتناشتى.
سۆھبەت يىغىنىغا «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى ئەخمەت
تۇردى رىياسەتچىلىك قىلدى. «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى ئابلىمىت سا-
دىق تەھرىر بۆلۈمى نامىدىن سۆز قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئايال ئاپتورلار-
نىڭ ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا ئىنتايىن مۇھىم روللارنى ئويناۋاتقان-
لىقىنى ۋە قولغا كەلتۈرگەن ئىجادىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى ھەمدە ئۇ-
لارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىجادىيەت ئىشلىرىغا تېخىمۇ زور ئۇتۇقلارنى تىلەيدىغان-
لىقىنى بىلدۈردى.
يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتىيە گۇ-
رۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ئىمىن ئەخمىدى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىن-
جاڭ شۆبىسىنىڭ رەئىسى ئابلىز نازىرى قاتارلىق يولداشلارمۇ سۆز قىلىپ، ئاپتو-
نوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى سەپلىرىدىكى ئايال ئاپتورلارنىڭ ئىجادىي روھىنى تې-
خىمۇ ئۇرغۇتۇپ، تېخىمۇ مول ھەم تېخىمۇ سۈپەتلىك ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئەدەبىيات-
سەنئەت ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا تىرىشىپ ئىلگىرى سۈرۈشنى ئۈمىد قىلىدىغان-
لىقىنى بىلدۈرۈشتى.
يىغىننىڭ ئاخىرىدا كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلدى. بىر قىسىم ئايال ئاپ-
تورلار كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتىنىڭ ئارىلىقلىرىدا ئۆزلىرىنىڭ قايناق ھېسسىيات بىلەن
سۇغىرىلغان نەسىر ھەم شېئىرلىرىنى ئوقۇپ، يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىش-
قا ئېرىشتى.

ئۆز مۇخبىرىمىز.

# بۇ سانىدا

## نەسرىي ئەسەرلەر


| | | |
|---|---|---|
| ئابدۇكېرىم ھاشىم | لېۋىرنىڭ چىغلىرى (ھېكايە) | 3 |
| تەھرىر بۆلۈمى | ئۇنىڭ نامى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ | 38 |
| تېيىپجان ئېلىيوپ | قايغۇلۇق كۈنلەردىكى ئەسلىمىلەر | 41 |
| ياسىن خۇدابەردى | ئۇ قەلبىمىزدە مەڭگۈ ھايات | 46 |
| زوردۇن سابىر | ياۋروپاغا سەپەر (زىيارەت خاتىرىسى) | 80 |


## شېئىرلار


| | | |
|---|---|---|
| مۇختەر مەخسۇت | ئىزگۈ خىياللار | 24 |
| ئابلەت ئابدۇللا | شېئىرلار | 28 |
| پەرھات ئىلياس | باللىقىمنى قايتۇر، ئەي دېڭىز | 29 |
| ئەزىزى | تۇن تاڭغا ئۇلاشتى مۇقام ئەۋجىدە | 31 |
| پەرھات ئابدۇرەھىم | ئىككى شېئىر | 33 |
| تەلئەت ناسىرى | باھار چاچقۇلىرى | 35 |
| ھەسەن تىلىۋالدى | مەن سېنىڭ گۆدەك ئوغلۇڭ | 35 |
| مۇھەممەت روزى | سۆيگۈ چاقماقلىرى | 36 |
| ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر | بىر يۇلتۇز ئۆچتى | 48 |
| ئەلقەم ئەختەم | ئۆچۈپ كەتمەيسەن | 48 |
| توختى سابىر | ئۆلمەس شائىر | 49 |
| تۇردى سامساق | ھەيكەل | 49 |
| رەھمىتۇللا جارى | شائىر خاتىرىسىگە | 49 |
| مۇھەممەت رەھىم | باھار بۇلبۇلىغا مەرسىيە | 50 |
| مۆمىن سەپىرى | ئۆچمەس يۇلتۇز | 51 |
| خەلىم سالىخ | ئەلۋىدا، ئاكا | 51 |
| سۇلايمان ئۆمەر | ئاھ، ئىست | 52 |
| ئەخمەت پاسار | ئەلۋىدا، قەدىردان سەپدىشىم | 52 |
| ئېلى زاھىت | ئەلۋىدا | 53 |
| ئابلىكىم تۇردى | ئۇستازىمغا مەرسىيە | 53 |
| مەتىمىن بارى | ئەلۋىدا، شائىر | 54 |
| ئۆمەر ھەسەن | شېئىرلار | 109 |
| ئەركىن مۇھەممەت | زېمىن لىرىكىلىرى | 110 |

ئىلھام ئاتاۋۇللا ........ ھەر سەھەردە چېچەك ئاچار گۈل ........ 111
كېرىم سۇلايمان ........ شېئىرلار ........ 112
ئابابەكرى تۇيغۇن ........ ئاچچىق - چۈچۈك توقۇدۇم قوشاق ........ 130
غەيرەت غوپۇرى ........ دالىلار گويا كى يۇلتۇزلۇق ئاسمان ........ 131
پەخرىدىن مۇسا ........ چاقچاق لىرىكىلار ........ 132
پەرھات مۇھەممەت ........ ئىككى شېئىر ........ 133
ھەبىبۇللا ئەنەيتۇللا ........ ئىككى شېئىر ........ 134
مەجىت تاش ........ ئەتە ئۈچۈن ........ 134
ئابدۇرىشىت بارات ........ ئىككى شېئىر ........ 134
روزىتوختى داۋۇت ........ ئاھ، ياشلىقىم ........ 135
ئىبراھىم نىياز ........ تاڭ سەھەر ........ 135


تەرمە گۈللەر


مۇھەممەتئېلى زۇنۇن ........ قوش مەسچىت (ھېكايە) ........ 55
ئابدۇرەھىم ھېكىمى ........ ئىككى شېئىر ........ 63
توختىمۇھەممەت تۇردى ........ شېئىرلار ........ 64


مۇھاكىمە ۋە تەقرىز


ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ........ «ھەمرايى غەزەللىرى» مۇئەللىپىنىڭ كىم-لىكى توغرىسىدا ........ 65
ھېزىم قاسىم ........ ئەدەبىي ئاخبارات يېزىقچىلىقى ۋە ئۇنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكلىرى ........ 113


ئۇيغۇر دېموكراتىك ئەدەبىياتى ۋەكىللىرىدىن


ئابدۇللا روزى ........ 125
ئەمەت غوپۇرى ........ 127


چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن


ئىبراھىم غەپۇروۋ ........ قەشقەردە ........ 136


مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن


تولستوي ۋە تۇرمە باشلىقى ........ 153



ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار

# مەرھۇم ئابدۇكېرىم خوجا ھاياتىدىن كۆرۈنۈشلەر










《塔 里 木》 文学月刊 (维吾尔文)

TARIM AMONTHLY LITERATURE INUIGHURLANGUAGE JOURNAL

تارىم

编　　辑：《塔里木》编辑部
出　　版：新疆人民出版社
印　　刷：新疆新华印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
国外总发行：中国出版对外贸易总公司
（北京782信箱）
订阅、零售：各 地 邮 局 所

1988 - يىل 5 - سان (327 - سان)، 38 - يىل نەشرى.
تۈزگۈچى «تارىم ژۇرنىلى» تەھرىر بۆلۈمى
ئۈرۈمچى دېموكراتىيە يولى 32 - قورو، تېلېفون نومۇرى: 78784.
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى. شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ. مەملىكەت بويىچە ھەممە
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو نەشرىيات تاشقى سودا باش شىركىتى
(بېيجىڭ 782 - خەت ساندۇقى).
O. P. BOX782 BEIJING CHINA

国内统一刊号：CN65－1010／I
本刊代号：58－66　定　价：1.00 元

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN 65 - 1010 / I.
ژۇرنال ۋاكالەت نومۇرى: 58 - 66 باسما تاۋاق: 10. باھاسى: 1 يۈەن